ئابدۇكېرىم راھمان

# مەدەنىيەت ئەسەرلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇكېرىم راھمان

# مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخەت ھاشىم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: باتۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان

مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار
ئاپتورى: ئابدۇكېرىم راھمان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جېيەنجۇڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 8.375 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1993 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—1,600
ISBN 7—228—02110—X/I·721
باھاسى: 2.70 يۈەن

## مۇندەرىجە


ماركسىزمنىڭ ئېپوسلار ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات .......... 1

«يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنى — شىنجاڭ .......... 19

«ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا .......... 40

نەۋائى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى .......... 56

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئېللىنىزم مەدەنىيىتى .......... 65

لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلار .......... 86

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن شامان دىنىغا بىر نەزەر .......... 115

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىر قىسىم ئېتنولوگىيىلىك مەنبەلىرى ... 134

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ۋە ئۇيغۇر فولكلورى .......... 160

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئائىلە ۋە ئائىلە تەربىيىسى تېمىسى .......... 186

ئىپتىدائىي ئېتىقاد بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا... 194

«نورۇز بايرىمى» توغرىسىدا .......... 216

دەۋر ۋە خەلق ئەدەبىياتى .......... 227

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى سېھىردىي ئوبرازلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا .......... 246

# ماركسىزمنىڭ ئېپوسلار ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

ماركسىزم-لېنىنىزم ئاساسچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھادىسى-لەرنى ئۆگىنىش مېتودى، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىش مەسىلىلىرىگە دائىر قىممەتلىك مۇلاھىزىلىرى فولكلور ۋە فولكلورشۇناسلىق ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پرولېتارىياتنىڭ بۇ ئۇلۇغ داھىيلىرى ئىنسانىيەت پەيدا بولغان دەۋرلەردىن باشلاپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى راۋاجىنى، تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئۆگىنىپ چىقىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ كىشىلىك تارىخىي ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۇتقان ئورنى ھەمدە ۋەزىپىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلار سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك پائالىيىتى بىلەن باغلاپ ئۆگىنىش غايەت مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى، دەپ ھېسابلىدى. ھەقىقەتەن سەنئەت ئەسەرلىرى دەسلەپكى تۇغۇلۇش ۋاقتىدىن تارتىپلا جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئەمەلىي مەنپەئەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلغانىدى. مەسىلەن، شېئىر-قوشاقلارنى ئالساق، ئۇ ئەمگەك پائالىيەتلىرىدە رىتىملىق دۋىگاتېللىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. كېيىنچىرەك سەنئەتتە بەدىئىي شەكىللەر راۋاج تېپىپ، ئېستېتىك ئامىللار كۈچىيىشكە باشلىدى. دەسلەپكى سەنئەت ئەسەرلىرى تەبىئەت، جەمئىيەت، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى، ئەمدىلا راۋاجلىنىشقا باشلىغان خىيالىي، فانى-

تازىيە ياردىمىدە ئاڭسىز بەدىئىيلەشتۈرۈش بىلەن چەكلىنەتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت تارىخىنى بىر قانچە دەۋرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

بىرىنچى، مىفولوگىيە دەۋرى. «مىف» گرېكچە سۆز بولۇپ، خۇدالار ۋە پالۋانلار ھەققىدىكى توقۇلما، ئەپسانە دېمەكتۇر. پارلاق كېلەچەكنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۈمىد كۆزى بىلەن باققان ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئەۋلاد-ئەجدادلىرىمىز ئىنسانلارنىڭ مىسلىسىز قۇدرەتلىك كۈچىنى ئالدىن-ئالا سېزىپ، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى — ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان مىفولوگىك ئوبرازنى ياراتقان. ئانىمىستىك ۋە توتېمىستىك قاراشلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مۇنداق ئېپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسى غەيرىي-تەبىئىي ھالدا سەنئەت تارىخىدا مىفولوگىيە دەۋرىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىككىنچى، ئەپسانە-رىۋايەتلەر دەۋرى. مىفولوگىيە دەۋرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە، سەنئەت تارىخىنىڭ بۇ ئىككىنچى باسقۇچى شەكىللەنگەن. شۇنداق قىلىپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بۇ پاترىئارخال ئۇرۇقچىلىق دەۋرى (ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى)، ئېپتىدائىي ئەپسانە-رىۋايەتلەر (ئاتىلار ئەدەبىياتى) نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئاساس بولغان.

ئۈچىنچى، ئېپىك باسقۇچ — ئېپوسلار دەۋرى بولۇپ، بۇ تارىختا «قەھرىماقلىق دەۋرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىلىنىشىكى ئېيتقاندەك «ئېپوس قەدىمكى تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى» بولۇپ، پاترىئارخال ئۇرۇقچىلىق دەۋرى (ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى) ئېپوسلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. ئېپوسلار دەۋرىگە كەلگەندە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سەنئەتنىڭ ۋەقەلىكنى ئاڭلىق رەۋىشتە بەدىئىي

ئۆزلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتى كۈچىيىپ باردى. ئىنسانىيەت ئەنە شۇ ئاڭلىق سەنئەت پائالىيەت باسقۇچىدىلا رېئاللىققا ياندىشقان بىرقەدەر مۇكەممەل، يىرىك ھەجىملىك قىسسە ۋە ئېپوسلارنى ئىجاد قىلىشقا باشلىدى.

كارل ماركس تارىخنىڭ تەكشىسىز تەرەققىياتى ھەمدە سەنئەت مەسىلىلىرىدە توختىلىپ، جەمئىيەتنىڭ نىسبەتەن تۆۋەن باسقۇچلىرىدا يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنىڭ پەيدا بولۇش مۇمكىنلىكى قانۇنىيىتىنى كەشپ قىلدى. بۇ توغرىدا ماركس مۇنداق كۆرسەتتى: «سەنئەتكە كەلسەك، شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئۇنىڭ مۇئەييەن دەۋرلەردە گۈللەپ - ياشنىشى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي راۋاجىغا، يەنى جەمئىيەت تۈزۈلۈشىنىڭ ئىسكىلىتى بولغان ماددىي ئاساسىنىڭ راۋاجىغا زادى مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مەسىلەن، گرېكلارنى ياكى شېكسپىرنى ھازىرقى خەلقلەر بىلەن سېلىشتۇرساق خۇددى شۇنى كۆرىمىز. سەنئەت ساھەسىدە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بەزى بىر شەكىللەر، پەقەت سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى قويۇق باسقۇچلىرىدا ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇمكىنلىكى؛ پۈتۈن بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئېپوسقا ئوخشاش شەكىللەرنىڭ پەيدا بولغاندىن كېيىن يەنە قايتا تەكرار يارىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس.»① دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلمەس پرامىدىلىرى ھېسابلانغان گرېكلارنىڭ «ئىلىيادا»، «ئودېسسا» سى، ھىندىلارنىڭ «ماخاپخاراتا» سى، زاڭزۇلارنىڭ «گېسار» ى، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر» ى، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ى، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە» سىگە ئوخشاش كىمنئال ئېپوسلارنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى ماركس كۆر-

① ك. ماركس، ف. ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا» تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى، 1 - توم، 128 - بەت.

سىتىپ ئۆتكەن ئاشۇ نۇقتىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئىسپاتلاپ
بەردى.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشى
شۇ سەنئەتكە مەنسۇپ بولغان ۋە ئۇنى ياراتقان خەلقنىڭ را-
ۋاجلىنىش تارىخى ھەم ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن، شۇنـ
داقلا جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش خاراكتېرى بىلەن
بەلگىلىنىدۇ. بىراق، سەنئەتنىڭ مۇنداق راۋاجلىنىشى ھەمـ
شە ئوڭ تاناسىپ بويىچە بىۋاستە ۋۇجۇدقا كېلىۋەرمەيدۇ.
بەلكى سەنئەت ھادىسىلىرى بىلەن جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ
ئۆزئارا مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرىدىن بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا
سەنئەت ئەسەرلىرىگە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا تارىخىي دىئا-
لېكتىك ئاساستا قاراش كېرەك.

ماركسىزم دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئىنساننىڭ كەشپىياتـ
چىلىق قابىلىيىتىگە يۈكسەك باھا بېرىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ
بۈيۈك ئەسەرلەرنى ئىنسانلار فانتازىيە ياردىمىدە ياراتقانلىـ
قىنى، ئۇ ئەسەرلەردە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەممە ۋەقە،
ھادىسىلىرى تارىخى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، ئىنسانلارنىڭ
تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇسۇلى، دۇنيا قاراشلىرى، ئارزۇ - ئار-
مانلىرى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتكەنلىكىنى
تەكىتلەيدۇ. ماركس: «جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئىنتايىن
زور تەسىر كۆرسەتكەن ئەڭ ئۇلۇغ مەنىۋى كۈچ ئىنسانىيەتـ
كىمۇ قۇدرەتلىك تەسىر كۆرسىتىپ، ئاغزاكى ئەدەبىياتنى —
مىفلار، ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەرنى يارىتىشقا باشلىدى»① دەپ
كۆرسەتكەنىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ماركس بىلەن ئېنگېلس
گەرچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئالاھىدە سۆز-

---

① ك. ماركس، ف. ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا» تاشكەنت 1975-
يىل نەشرى، 1- توم، 260- بەت.

لىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادى، پەلسەپە، تارىخ توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى ئىچىدە، خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىكى ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. بۇ ئۇستازلار ھەقىقەتەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ياخشى كۆرەتتى. ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىناتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن تاشقىرى ئىجتىمائىي تارىخى ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان چاغلىرىدا، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا كۆپ قېتىم توختىلىپ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەتراپلىق شەرھلەپ ئۆتكەنىدى. بىز ماركسىزمنىڭ ئېپوسلار ۋە ئېپوسلار ھەققىدىكى ئەنە شۇنداق مۇھىم تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەندە مۇنداق بىرقانچە نۇقتىلار كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ:

(1) قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىدە ياۋايىلىقنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدىن مەدەنىيەتلىك باسقۇچىغا قەدەم قويغان دەۋرلەردە ئىجاد ئېتىلگەن بىر خىل ئاغزاكى ئىجادىيەت ژانىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تارىخ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغاچقا، جەمئىيەتنىڭ بەلگىلىك تەرەققىيات باسقۇچىدىلا پەيدا بولىدۇ ۋە يەنە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىغا كەلگەندە يوقىلىدۇ، قايتا تەكرارلانمايدۇ. بۇ قانۇنىيەت پۈتكۈل ئىنسانىيەت ياراتقان قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئۈچۈن ئورتاق. لېكىن بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا باركى، بەلگىلىك بىر سەنئەت شەكلىنىڭ بىر پۈتۈن ھالدا بارلىققا كېلىش دەۋرى بىلەن شۇ شەكىلنى قوللىنىپ تۇرۇپ يارىتىلغان

كونكرېت ئەسەرلەرنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرى ھەرگىز بىر نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئېپوس ژانىرىغا تەئەللۇق بولغان ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى بۇرۇنراق، بەزىلىرى كېيىنرەك پەيدا بولغان بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى ھەرقايسى خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى، بېسىپ ئۆتكەن تارىخى ۋە ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان شارائىتى ئوخشىمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ياراتقان ئېپوسلىرىنىڭ دەۋرىمۇ بىردەك بولمايدۇ.

ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى ئېپوسلارنىڭ پەيدا بولغان تارىخىي دەۋرى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى تەلىماتىدا، قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى — «ئېلىيادا» ۋە «ئودېسسا»نىڭ بارلىققا كېلىش جەريانلىرى مىسال قىلىنىپ، ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەندىمۇ شۇ نەرسە كۆزگە چېلىقىدۇكى، ئۇيغۇر ئېپوسلىرى، پاترىئارخال - ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە كۆچمەنچىلىك ھايات بىلەن مەھكەم باغلانغاندۇر. بۇنداق ئېپوسلار خۇددى شۇ تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە، پاترىئارخال ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدە ياكى فېئودالىزمنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، تۈرلۈك ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا نىزالار داۋام قىلىۋاتقان ۋە ئۇلار مۇئەييەن تېررىتورىيىلەرگە مۇقىم جايلىشىۋاتقان ھەمدە ئۆز ئالدىغا مىللەت ۋە خەلق سۈپىتىدە ئۇيۇشۇشقا باشلىغان دەۋرلەردە يارىتىلغان. جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئاشۇ ئوبيېكتىپ باسقۇچىدا بىر قاتار ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ مۇئەييەن خەلق سۈپىتىدە تەشكىل تېپىشى، ئىپتىدائىي دۆلەتچىلىك ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئۆز مۇستەقىللىكلىرى ئۈچۈن

چەتتىن كەلگەن باسقۇنچىلارغا قارشى قىلغان مەردانە كۈرەشلىرى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئۈچۈن باي ماتېرىيال بولدى. ئىنسانىيەت تارىخىدا «قەھرىمانلىق دەۋر» دەپ ئاتالغان ئاشۇ باسقۇچتىكى جەڭ-جېدەللەر ۋە كۈرەشلەر جەريانىدا ئۆز-ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بۈيۈك ئىپادىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى. «خەلقنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىدىكى ھاياتى كۆپرەك باتۇرلۇقتا، قەھرىمانلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.»① شۇنىڭ ئۈچۈن قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى «خەلقنىڭ پەقەت گۆدەكلىك دەۋرلىرىدە... ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ساغلام پائالىيىتى — پەقەت قەھرىمانلىق غەلىبىلىرىدە كۆرۈنگەن زامانلاردىلا پەيدا بولۇشى مۇمكىن.»②

دېمەك، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئىنسانلار ھاياتىدىكى قەھرىمانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئەنە شۇ «ئېپىك باسقۇچ» نىڭ پوئېتىك كۆرۈنۈشىدۇر.

قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ماھىيىتى رېئال ئىجتىمائىي ۋەقەلىكنى قەھرىمانلىق ئىدېئالى شەكلىدە تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلىق ئوبراز ۋە ئۇلاردىكى جاسارەت ئەسلى رېئاللىقتىن بىرمۇنچە ئۈستۈن تۇرىدۇ. يەنى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدا كۆيلىگۈچىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجادىي فانتازىيىسى رېئال ئىجتىمائىي ھايات ئامىللىرى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا خەلقنىڭ ئىشەنچ-ئېتىقادىنىڭ رېئال ئېلېمېنتى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. بۇنداق قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا

---

①. ۋ. گ. بېلىنىسكى: «تاللانغان ئەسەرلەر» تاشكەنت 1975 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 167 - بەت.

② ۋ. گ. بېلىنىسكى: «تاللانغان ئەسەرلەر» تاشكەنت 1975 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 173 - بەت.

پاترىئارخال ـ ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئاسا-
سىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداقلا يەنە، ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىدا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئۇندۇرمە ھالەتتىكى
فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تەسۋىرى ھەم مەۋجۇت.

بىز يۇقىرىدا نامىنى تىلغا ئالغان ئۇيغۇر ۋە باشقا
خەلقلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئەنە شۇ
ھالەتنى كۆرىمىز. بۇ ئېپوسلارنىڭ ھەربىرى شۇ خەلقلەرنىڭ
قەھرىمانلىق غايىسى دائىرىسىدىكى جانلىق ئۆتمۈشىدۇر.
ئۇلاردىكى تۈپ ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭدىكى تارىخىي ۋەقە-
لىك خەلق فانتازىيىسى ئاساسىدىكى ئومۇملاشقان بەدىئىي
ئوبرازلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭدىكى بەدىئىي
ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى — ئىپىك ئومۇملاشتۇ-
رۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇش خەلقنىڭ ئىجتىمائىي
ئادالەت ھەققىدىكى ئىدىيىلىرى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرى بىلەن
مەھكەم يۇغۇرۇلغان.

(2) ئېپوسلار بىلەن ئەپسانىلەر ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەت-
لىك. ماركس كۆرسەتكەندەك: «يۇنان ئەپسانىلىرى يۇنان
سەنئىتىنىڭ قورال ئامبىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ
تۇپرىقى» دۇر.

دېمەك، «يۇنان سەنئىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى — يۇنان
ئەپسانىلىرى، يەنى يۇنان خەلقىنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرى
ئارقىلىق بىر خىل ئاڭسىز سەنئەت ئۇسۇلى بىلەن پىششىق-
لانغان تەبىئەت شەكلىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي شەكلىنىڭ ئۆزى.
مانا بۇ يۇنان سەنئىتىنىڭ باشلانغۇچ ماتېرىيالى.»① ماركس-
نىڭ بۇ سۆزىدە ئەپسانىلەر بىلەن ئېپوسلارنىڭ زىچ مۇناسى-
ۋىتى ھەمدە ئېپوسلارنىڭ پەيدا بولۇشىدا مىفلار ۋە ئەپسا-

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 2- توم، 117-بەت.

نىلەرنىڭ باي ماتېرىيال بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن. دەرۋەقە، ئەپسانە بىلەن ئېپوس ئىككىسى ئوخشىمىغان ئىككى خىل ژانىرغا مەنسۇپ. ئەپسانىلەردە بولسا خىيالىي شەكىل ئارقىلىق تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىش، ئېپوسلاردا غايىۋىلاشقان ۋە مۇبالىغىلەشكەن رېئاللىق ئارقىلىق ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدۇ. ئېپوسلارنىڭ، ئەپسانىلەردىكى دۇنيا قاراش ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقىنى قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ ئەما شائىرى گومېر تۈزگەن «ئىلىيادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرى، شۇنىڭدەك ھېسىود يازغان «خۇدالار شەجەرىسى» قاتارلىق ئېپوسلار تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېپوسلىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرىمۇ مىفلار ۋە ئەپسانىلەردىن باشلىنىدۇ. باشلانغۇچ جەمئىيەت كىشىلىرى، كىشىلىك ئىرادىسىدىن تاشقىرى بولغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكتىن، ئۇنى پەيدا قىلغۇچى قانداقتۇر بىر دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ مەۋجۇت دەپ تونۇغان. ئەنە شۇ قۇدرەتلىك كۈچ چۈشەنچىسى بارا - بارا ئىلاھ - تەڭرىگە چوقۇنۇشقا يېتەكلىگەن. شۇنداقلار يەنە ئۇلار ئادەم، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، كائىنات ۋە زېمىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىمۇ ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادە قىلىشقا تىرىشقان. ئىنسانلار ئېڭىدا پەيدا بولغان مانا بۇ تەسەۋۋۇرلار ئىپتىدائىي يېزىقلار شەكىللەنگەندىن كېيىن «ئاۋىستا»، «تۇۋا دۇئاسى»، «ئالتۇن يارۇغ» قاتارلىق قەدىمىي دىنىي - ئەپسانىۋى ئەدەبىياتلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ كىتابلاردىكى مىفلوگىك ئەپسانىلەر كۆپلىگەن خەلقلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى يۇنان، ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىفىك قەھرىمانلىرى شۇ جۈملىدىن دىنىي - ئەپسانىۋى چۈشەنچىلىرى بىر - بىرىگە چوڭقۇر

سىڭىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ زادى قەيەردە پەيدا بولغانلىقىنى ئايرىش مۇمكىن ئەمەس. ف. ئېنگېلسنىڭ: «بىز تارىخ قەھرىگە قانچىلىك چوڭقۇر كىرىپ باقساق، بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان خەلقلەرنى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىپ تۇردىغان بەلگىلەر شۇنچىلىك يوقىلىپ بېرىۋېرىدۇ»① دېگىنىدەك، ئەڭ قەدىمكى مىفلوگىك ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ پۈتۈن شەرق خەلقلىرىگە بىردەك تارقالغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. مانا شۇ ئىپتىدائىي مىفلار ۋە ئەپسانىلەرنىڭ تەرەققىياتى چوڭ ھەجىملىك ئېپىكىلىك ئەسەرلەر ئېپوسلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېپوسلارنىڭ ئىپتىدائىي تۈرى ئەپسانىۋى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بولۇپ، ئۇلار مىفىك رىۋايەتلەر نىگىزىدە شەكىللەنگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەپسانىۋى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىن «ئوغۇزنامە»، «چىستانى ئېلىك بەگ»، «تومارىس»، «گۆر ئوغلى»، «قۇرقۇت ئاتا»، «چىنتۆمۈر باتۇر»، «يۈسۈپ ئەخمەت» قاتارلىق ئېپوسلاردىن تاشقىرى، يەنە «كىتابىي جەمشىد»، «شاھزادە ۋە شىر» («ئالتۇن ياروغ» ئىچىدە) «رۇستەمى داستان»، «سىياۋۇش»، «ئىسكەندەرنامە» قاتارلىق ئېپوسلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. «كىتابىي جەمشىد» ئېپوسى ئەپسانىۋى ئىران سۇلالە-يىلنامىسىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرى — پىشتادىلار پادىشاھلىرىنىڭ قىسسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «كىتابىي جەمشىد» نىڭ ئەسلى غايىسى شاھلارنى جەمشىدتىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىپ ئۇلارنى بۇزۇقچىلىق ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتكە بېرىلمەسلىككە، تەكەببۇرلۇق قىلماي، خەلققە ياخشىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىن

① گ. ماركس، ف. ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا» تاشكەنت 1975-يىل نەشرى، 1-توم، 299-بەت.

ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى دەۋرلەردە بۇ كىتابنى «پادىشاھلار قوللانمىسى» دەپ ئاتاشقان.

جەمشىد ۋەقەلىكىمۇ تەدرىجىي بېيىپ، ئۆزگىرىپ ماڭغان. مىفتىن باشلانغان جەمشىد، كېيىنچە سۇلالە تەركىبىدىكى پادىشاھقا ئايلىنىپ، تارىخىي شەخس قاتارىغا كىرگەن بولسا، «كىتابىي جەمشىد» ئېپوسىدا جەمشىدنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن ئېپىزوت، ئىددىيىلەر خەلق تەرىپىدىن كىرگۈزۈلگەن. جەمشىد ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئەڭ قەدىمكى «ئاۋېستا»، «بۇندەخشىن»، «خۋاسنانفت» لاردا، ئۇندىن كېيىن «شاھنامە مەنسۇرى» ھەمدە فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» قاتارلىق ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن.

«شاھزادە ۋە شىر» — «ئالتۇن ياروغ» قا كىرگۈزۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرى تۈركۈمىگە كىرىدىغان ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇپ سانىلىدۇ. شۇنداقلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھازىرقى بورىيات موڭغۇللىرى ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ ئېپوسنىڭ ئايرىم ۋارىيانتلىرى مەۋجۇت.

«رۇستەمى داستان» بولسا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قول يازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. رۇستەم ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئەپسانىلەر ئىران مىفولوگىيىسىدىكى رۇستەمنىڭ يامانلىق كۈچلىرىنىڭ خۇداسى ئاھرامان دىۋە بىلەن بولغان جەڭلىرىدىن باشلانغان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ مىفولوگىنىڭ قەھرىمان ئىران سۇلالە تارىخىغا ئېلىپ كىرىلىپ، تارىخىي شەخسكە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. بولۇپمۇ سوغدىلار دەۋرىدە تۇرانلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدىكى فېئودالىزم مەنپەئەتلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھەرخىل ئۇرۇشلارنىڭ

ئەكس ساداسى بەدىئىي ئەدەبىياتتا رۇستەم ئوبرازىنى كۆچەيتكەن ۋە «رۇستەمى داستان» ۋەقەلىكىنى بېيىتقان. شۇڭلاشقا ۋەقەلىكنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىران پادىشاھلىقى بىلەن تۇران پادىشاھى ئەفراسىياپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق ئۇرۇشلار مەركىزىدە تەرەققىي قىلىدۇ. «رۇستەمى داستان» ئېپوسى كېيىن شۇنچىلىك كۆپ بېيىغانكى، كېيىنچە «سىياۋۇش»، «خىسراۋ ۋە شېرىن»، «دارانپامە»، «قاراخان پادىشاھ»، «ئەفراسىياپ» قاتارلىق ئونلىغان ئېپوس ۋە قىسسە شەكىللىرى ھاسىل بولغان ۋە ئۇلارمۇ «شاھنامە» قاتارلىق ئەسەرلەر ئىچىدىن ئورۇن ئالغان.

«ئىسكەندەرنامە» ئېپوسىغا كەلسەك، ئىسكەندەر ھەققىدە ئىرادىن بۇرۇنلا يۇناندىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەرنىڭ توقۇغان تۈرلۈك - تۈمەن رىۋايەتلىرى جاھان كېزىپ يۈرگەن. بۇ رىۋايەتلەر مەشھۇر سەركەردىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى بايان قىلىدىغان يېرىم تارىخىي، يېرىم ئەپسانىۋى كىتابلار بىلەن خەلق ئېپوسلىرىغا مەركەزلەشكەن.

ئۇيغۇرلار ئىسكەندەر ھەققىدە ئۆز تۇرمۇشىغا تەتبىقلاپ تۈرلۈك رىۋايەتلەرنى توقۇغان. ئۇنىڭدىن بىر قىسمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەكس ئەتكەن. ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر سۆزى «ئالتۇن قان»نىڭ ئېتىمولوگىيىسى بىلەن سۇلمىي، قۇيۇ، جانبالىق، بەشبالىق، يېڭى بالىق قاتارلىق ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىنا بولۇشى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندە، ئىسكەندەر ھەققىدە توقۇلغان ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىن پايدىلانغان. ئىسكەندەرنى بەدىئىي ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر — ئالدى بىلەن پارس، ئۇيغۇر، ئەزەربەيجان خەلق ئېپوسلىرى بولۇپ، كېيىنرەك فىردەۋسى (934 — 1025) ئىران

رىۋايىتى «ئىسكەندەرنامە» ئاساسىدا ئىسكەندەر قىسسىسىنى «شاھنامە» ئىچىگە كىرگۈزگەن. ئۇنىڭدىن باشقا نىزامى گەنجىۋىنىڭ (1141 — 1209) «ئىسكەندەرنامە»، ئەمىرخىسراۋ دەھلىۋىنىڭ (1414 — 1492) «خىرەتنامەئى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر ئېقىل نامىسى) داستانلىرى ئەنە شۇ تۈرلۈك ئەپسانىۋى تارىخلار بىلەن ئىسكەندەر ھەققىدىكى خەلق ئېپوسلىرىغا تايىنىپ ئىجاد قىلىنغان.

دېمەك، ئەنە شۇنداق قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى، تارىخىي ھەقىقەت ئەپسانىگە، ئەپسانىلەر «ھەقىقەت» كە ئايلىنىپ كەتكەن «ئەپسانىچىلىك دەۋرى» نىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەنئەنىۋى سيۇژىتلار ئاساسىدا قۇرۇلغان مۇنداق ئېپوسلاردا، خىزىر، پەرىشتە، دىۋە، پەرى، بۇلبۇلگويا، دۇلدۇل قاتارلىق خىيالىي ئوبرازلارمۇ مەۋجۇت. ئېپوسلاردىكى بۇنداق مىفلوگىك ئوبرازلار بىلەن فانتاستىك توقۇلمىلار نوقۇل دىنىي-مىستىك چۈشەنچىلەر بولماستىن، بەلكى رومانتىك ئوبراز يارىتىشنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىلىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغانلىقىنى ئەلۋەتتە نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

(3) ئېپوسلار بىلەن ئۇنىڭ ئىجادچىسى بولغان خەلقنىڭ تارىخى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت مەۋجۇت.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېپوسلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە شۇ خەلقلەرنىڭ بەلگىلىك دەۋردىكى تارىخىي رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ماركسنىڭ: «خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى تارىخىي ھۆججەت بولمىغان بىلەن، خەلقلەرنىڭ تارىخىنى پوئېتىك جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ جەۋر-جاپالىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەردىن (ئەلۋەتتە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتقان

ھالدا) تارىخىي ئېتنوگرافىك ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلى-
نىش كېرەك»— دېگەن سۆزى ئەلۋەتتە خەلق ئېپوسلىرىغىمۇ
يۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ. مۇشۇ تۈپەيلى، كۆپلىگەن تەتقى-
قاتچىلار ئېپوسلارنى «خەلقنىڭ ئاغزىدىكى تارىخ» دەپ قارى-
شىدۇ. دەرۋەقە ئېپوسلار ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن تارىخىي
ھۆججەت ئەمەس، لېكىن ئۇ ئۆز ئىچىگە كۆپلىگەن تارىخىي
ماتېرىياللارنى ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭدا شۇ خەلقلەرنىڭ يىراق
ئۆتمۈش تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى — ئەپسانىۋى ياكى يېرىم
ئەپسانىۋى ھالدا، يېرىم تارىخىي بەدىئىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى
بىلەن ئەكس ئېتىلىدۇ. بۇ نۇقتىنى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ
تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئىسپاتلىغان. ئەپسانىۋى
قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ مۇقەررەر تەرەققىياتى سۈپىتىدە
داستانچىلىقنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن يەرلىك
ۋەقەلەرنى گەۋدە قىلغان يېقىنقى زامان داستانلىرى تارىخىي
شەخسلەر بىلەن رېئال ۋەقەلەر ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان بو-
لۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋاقىت، ئورۇن، شارائىتلار تارىخىي ھەقىقەت-
تىن يىراق كەتمەيدۇ. ماكسىم گوركى: «خەلقنىڭ ئاغزاكى
ئىجادىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخىنى
بىلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسەتكىنىدىمۇ ئاساسەن يې-
رىك ھەجىمدىكى خەلق ئېپوسلىرىنى نەزەردە تۇتقانىدى.

(4) ماركس بىلەن ئېنگېلس ئېپوسلارنىڭ بەدىئىي
ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالىغان. ماركس ئېپوسلار
جۈملىدىن يۇنان سەنئىتى توغرىسىدا توختىلىپ، «بۇ ئەسەر-
لەر بىزنى بەدىئىي جەھەتتە زوقلاندۇرۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا
يەنە ئۇ مەلۇم تەرەپلەردىن بىرخىل كەڭ كۆلەملىك گۈزەل-

لىككە ئىگە دەستۇر ھېسابلىنىدۇ»① دەپ قارىدى. ھەقىقەتەن ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ روشەن، بەدىئىي جەھەتتە ئىنتايىن مۇكەممەل قەھرىمانلار تىپى خەلق ئىچىدە ئىجاد قىلىنىدۇ. بەدىئىي خەلق ئېپوسلىرىدا يارىتىلىدۇ. بىزگە مەلۇم بولغان قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى مەيلى ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىي ئوبرازلىرىنىڭ يارقىنلىقى ۋە تىپىكلىكلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ھەقىقەتەن بەدىئىي ئەدەبىيات خەزىنىسىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئىگىلەيدۇ. ئېپوسلاردا ئىپادىلەنگەن سەنئەت غايىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ماركس ئېيتقاندەك، گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغان. «مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا بىزنى گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن لەززەتلەندۇرەلەيدۇ.»②

قىسقىسى، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىلغار گۈزەللىك نۇقتىئىنەزەرى ۋە گۈزەللىك غايىسىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ساپ گۈزەللىك نەزەرى ۋە بەدىئىي زوقلىنىشىنى يېتىشتۇرىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئۆزىدىن كېيىنكى بەدىئىي ئەدەبىياتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(5) ماركس ـ ئېنگېلس قەدىمكى ئېپوسلاردا قويۇق ئىپادىلەنگەن ئىپتىدائىي دىنىي تەركىبلەرنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ماھىيىتىنى ئىلمىي ھالدا يېشىپ بەرگەن. دىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئالەم ھەققىدىكى ساددا ۋە بالىلارچە يۈرگۈزگەن تېپىك خىيالىي تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، باشلانغۇچ

---

① ماركس، ئېنگېلس «ئېپوسلار ھەققىدە» ئىچكى موڭغۇل داشۆسىدىن بايىلىق خاسى گاۋنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىدە نەقىل قىلىنغان، 1983 - يىل 8-ئاي تىكالا، 2-بەت.

② «چېرنىشېۋىسكى تاللانما ئەسەرلىرى» 1958-يىل خەنزۇچە نەشرى، 40-بەت.

جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇرەككەپ
مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا شەكىللەنگەن بىرخىل ئاڭ فورمىسى
دۇر. ئىپتىدائىي دىن باشلانغۇچ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئوبـ
يېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئالدىدىكى بىچارىلەرچە ئاجىزلىقى بىلەن
ئۆزى ئۈستىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەنە شۇ رېئاللىق
ئۈستىدىن غالىب كېلىشتىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنىڭ
تۇپرىقىدا بىخلىنىپ ئۆسكەن روھىي مەھسۇلاتتۇر.

ماركسىم گوركى ئىپتىدائىي دىن ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:
«خەلق ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئۆزىنى ساقلاشنىڭ تەبىئىي
ھېسسىياتى بىلەن ياشاپ، قۇرۇق قوللىرى بىلەن تەبىئەتكە
قارشى كۆرۈشۈپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ۋەھىمە قىلىپ،
ھەيرانلىقتا خۇشال يۈرۈپ دىننى ئىجاد قىلغان. دىن خەلقـ
نىڭ پوئېزىيىسى ئىدى. خەلق ئۆز تەجرىبە دائىرىسىنىڭ تاشـ
قىرىسىدا دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشلىرىدا ئالغان
ھەممە تەجرىبىلىرىنى، تەبىئەت كۈچلىرى توغرىسىدىكى ھەمـ
مە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ئاشۇ دىن ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تەـ
بىئەت ئۈستىدىن قازانغان دەسلەپكى غەلىبىلىرى خەلققە ئۆزىـ
نىڭ قابىللىقى، ئۆزى بىلەن پەخىرلىنىش سېزىمىنى ھېس
قىلدۇرۇپ، يېڭى غەلىبىلەر قازىنىش خاھىشىنى قوزغىدى،
قەھرىمانلىق داستانلىرىنى يارىتىشقا مەجبۇر قىلدى. خەلقنىڭ
ئۆزى توغرىسىدىكى بىلىملىرىنىڭ ھەم ئۆز ـ ئۆزىگە قويغان
تەلەپلىرىنىڭ خەزىنىسى بولۇپ قالدى... ئۇ ئۆز ماھىيىتى
بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت قاتارىغا كىردۇ.»①

دېمەك، دىن بىرخىل ئىدېئولوگىيە فورمىسى بولغاچقا، ئۇ
ئۆزىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئۆزگىرىپ راۋاجلىنىش جەريانلىرىـ

① م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1- توم، 376—377-
بەتلەر.

دا ئەينى زامان مۇھىتىدىكى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر-
نىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ۋە ئۆز دەۋرىدە ساقلانغان دۇنيا قا-
راشنىڭ بەلگىلىك تەرەپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
قەدىمكى خەلق ئېپوسلىرى جۈملىدىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ
دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشلىرى دىن بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن.
قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرىدىمۇ خۇددى يۇنان ئەپسانىلىرىدە
يارىتىلغان «ئولومپۇس تېغىدىكى خۇدالار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ
پېشىۋاسى زېۋس» تەك «مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان»، ھەممىگە قادىر
ۋە قابىل «خۇدا» ئۇچرايدۇ. بۇ «خۇدا» ئەمەلىيەتتە تەبىئەت
كۈچىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئەت ماھىللىقى ناھايە-
تى كۈچلۈك بولسىمۇ، كېيىنچە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەرەققىيا-
تىغا ئەگىشىپ قويۇق ئىجتىمائىي تۈس ئالغان. شۇڭا ئېپوسلار-
دىكى «ئىلاھ» ياكى «ئىلاھىي كۈچ» ئەجدادلىرىمىزنىڭ ساددا
تەسەۋۋۇرىدا ھەرگىز ئابستراكىت مەۋھۇم چۈشەنچە بولماس-
تىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشى-
نىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيادا يارىتىلغان ئوبرازىدىن ئىبارەت
ئىدى. قىسقىسى، خەلقنىڭ بىۋاسىتە ئەمەلىي تەجرىبىسى دا-
ئىرىسىنىڭ سىرتىدىكى دۆشمەن كۈچلەر بىلەن بولغان توقۇ-
نۇشلاردا ئالغان ھەممە ساۋاقلىرىنى، تەبىئەت كۈچلىرى ھەق-
قىدىكى ساددا تەسەۋۋۇرلىرىنى ئەنە شۇ «ئىلاھ» ئۆز ئىچىگە
ئالاتتى. بۇ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار بىلەن سەنئەتنىڭ مۇن-
داق بىرلىككىنى شامانىزم تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن قەدىمكى
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسى—«ئوغۇزنامە» دە،
مىلادى 4 -، 5 - ئەسىرلەردە مانى دىنى تەسىرىدە مەيدانغا
كەلگەن «مۇقەددەس قەبرە» دۇئا نامىسىدە، 5 - ئەسىر ئەتراپى-
دا يارىتىلغان قەھرىمانلىق ئېپوسى «چىستانى ئىلىك بەگ»
7 — 10 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا يارىتىلغان «ئالتۇن ياروغ» ۋە ئۇ-

نىڭ ئىچىدىكى ئەپسانىۋى قەھرىمانلىق ئېپوسى «شاھزادە ۋە شىر» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلاردا ئۇچرىتىمىز.

ماركس بىلەن ئېنگېلس يەنە ئېپوسلار ئارقىلىق قەدىمكى ھەربىي ئىشلار، تاۋار ئالماشتۇرۇش، دىنىي ئېتىقاد، جەمئىيەت تۈزۈلۈشى قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ھەمدە ئۇلار ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مىللەتشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئەخلاقشۇناسلىق، دىنشۇناسلىقتا ئوخشاش ھەرقايسى پەنلەر ئۈچۈن بىردىنبىر توغرا نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىشتا خەلق ئېپوسلىرىدىن كۆپ پايدىلانغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماركسىزمنىڭ ئېپوسلار ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆگىنىش نۆۋەتتە ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئېپوسلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى يېڭى پەللە بولۇپ، ئۇ يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. بىز خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت يارىتىش ئىشلىرىغا ھەقىقىي ھالدا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەلىماتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر.

# يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنى — شىنجاڭ①

I

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىنى يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش، بېرىش-كېلىش، مەدەنىيەت يەتكۈزۈش، مال ئالماشتۇرۇش، سودا قىلىش تارىخى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

كارل ماركس قاتناش-ئالاقە ۋە كارۋان سودىسىغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «كارۋان سودىسى كارۋان يوللىرى ئۆتىدىغان رايونلار ئۈچۈن مۇھىم ئىقتىسادىي ئامىل بولۇپ، ئوبيېكتىپ رەۋىشتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئېنىقراقى، ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئاھالىنىڭ جايىدىن-جايىغا كۆچۈشى ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى ئۈچۈن شارائىت يارىتىدۇ. كونا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە يېڭى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىتىلىشىغا تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.»②

بىز دۇنيانىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىدىكى قاتناش ۋە يولنىڭ قانداق بولغانلىقىنى تازا ئېنىق بىلەلمەيمىز. ئەمما، ھەرخىل تارىخىي پاكىتلار ۋە پەرەزلەرگە ئاساسلىنىپ، تارىختىكى ئەڭ چوڭ قاتناش يولىنى ئاسىيالىقلار باشلىغان ياكى ئاچقانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا قەدىمكى ئاسىيا

---

① بۇ ماقالىنى لېكتور غەيرەتجان ئوسمان بىلەن ھەمكارلىشىپ يازغان.

② كارل ماركس: «كاپىتال» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم.

ئاھالىسىنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بېرىش جەريانىدا ئاچقان «شىمالىي ئاسىيا - شىمالىي ئامېرىكا مۇز دەۋر يولى» نى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىيانلىرىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي ياۋروپا، ئىران ئېگىزلىكى ھەمدە ھىندىستانغا كۆچۈش جەريانىدا ئاچقان «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى يولى» ۋە «برونزا يولى» نى، شىمالىي ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى شۈنيۈەن، دىڭ، گۇيفاڭ قوۋملىرىنىڭ جۇڭگو — شىمالىي ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ھەم ئورال - ئالتاي رايونىغا كۆچۈش جەريانىدا ئاچقان «شىمالىي يايلاق يولى» نى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 — 2000 - يىللاردا ئىران، مېسوپوتامىيە، مىسىر، سۈرىيە ۋە ئاناتولىيە ئارىلىقىدىن ئېچىلغان «ياقۇت سودا يولى»① نى، تارىملىقلارنىڭ شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، غەربتە سومېر-بابىلون، شىمالدا ئورال رايونىغىچە سوزۇلغان «قاشتېشى يولى» نى، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئاسىيا - ياۋروپا (جۇڭگو، ھىندىستان، ئوتتۇرا - يېقىن شەرق، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرى) رايونىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت يولى بولغان «يىپەك يولى» نى مىسال قىلىپ سۆزلەشكە بولىدۇ.

ئاسىيالىقلارنىڭ يول ۋە قاتناش تارىخىدا شىمالىي ئاسىيا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسىنىڭ تۇتقان ئورنى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغان. چۈنكى بۇ يوللارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەندە كىشىلەر بىردەك، ئۇنىڭ دەل مەركىزىي رايونى شىنجاڭ دەپ چۈشىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، يول ئاچقۇچىلارنىڭ ئىچىدە ۋە تۈگۈنلىك رولىنى ئوينىغۇچىلار ئىچىدە شىنجاڭ مەركىزىي نوقتا

① «ئۇلۇغ يىپەك يولى»، «غەربىي شىمال تارىخى ژۇرنىلى» 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 2 - سان، 103 - بەت.

بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرسەك، ئېلىمىز جۇڭگودىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يىپەك يولىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن لىنىيىسى شىنجاڭدا. ئۇنىڭ بىرلا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئەگەر جەنۇبىي، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي لىنىيىدىن ئىبارەت ئۈچ لىنىيە قوشۇلسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى قىسقىچە تەپسىلاتتىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ نۇرغۇن يول مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ يوللارنىڭ ئىچىدە «يىپەك يولى» ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك سالاپەت ۋە نوپۇز بىلەن شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىدا سالماق ۋە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. شۇڭا كىشىلەر دۇنيا يول تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا «يىپەك يولى» غا ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قاراشماقتا.

«يىپەك يولى» بىر ماكرولۇق چۈشەنچە. دۇنيادىكى ھەر قايسى ئالىملار ئۇنى مىكرو نۇقتىدىن شاخلىتىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىزاھلاپ كەلدى. بىز بۇ ماقالىدە «قاشتېشى يولى» نىڭ «يىپەك يولى» سەھىپىسىدە تۇتقان ئورنى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

I

يىپەك يولىنى دۇنيا مىقياسىدىن ئۈچ چوڭ غول لىنىيىگە ئايرىتىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ياۋروپا - ئاسىيا قورۇقلۇقىدىكى شىمالىي يايلاق بەلبېغىنى كېسىپ ئۆتىدىغان قاتناش يولى، بۇ «يايلاق يولى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇق رايونلىرىدىكى پارچە بوستانلىقلاردىن ئۆتىدىغان يول بولۇپ، بۇ «بوستانلىق يولى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، جەنۇبىي جۇڭگودىن باشلىنىپ، شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيا، سرىلانكا، ھىندىستاندىن ئۆتۈپ، پارس قولتۇقى ۋە قىزىل دېڭىزغا بارىدىغان جەنۇبىي دېڭىز يولى، بۇ «دېڭىز يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىدۇ.①

بۇ ئۈچ غول لىنىيىنىڭ ئىچىدە «بوستانلىق يولى» نىڭ تۇتقان ئورنى بىرقەدەر مۇھىم. گەرچە بۇ يول پۈتۈنلەي دېگۈدەك قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان، شۇنداقلا مېڭىش تەس بولغان، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئاتلاپ ئۆتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي، غەربىي تۈركىستاننىڭ قۇملۇقلىرىدا بىرمۇنچە بوستانلىق بولغاچقا، بۇ يول تارىختا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن قاتناش يولى—«بوستانلىق يولى» بولۇپ شەكىللەنگەن. ئادەتتە ئېيتىلغان تار مەنىدىكى «يىپەك يولى» دەل مۇشۇ يولنى كۆرسىتىدۇ.②

جۇڭگو يىپەكلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. خەنزۇ رىۋايەتلىرىدە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنى خۇاڭدى زامانى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما، ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ۋە يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى زامانىمىزدىن 3 مىڭ يىل بۇرۇنقى يىن - شاڭ دەۋرىدە جۇڭگودا يىپەكچىلىك ئىش-

---

① چاڭزى خېجۇن (ياپونىيە) «يىپەك يولى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - سان.

② چاڭزى خېجون (ياپونىيە) «يىپەك يولى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - سان.

لەپچىقىرىشى خېلىلا ئومۇملاشقان. شۇ دەۋرگە خاس چىغىناق - تاغاق پۈتۈك (جىياگۇۋېن) لەردە ئۈجمە، پىلە، يىپەككە ئائىت خەتلەر ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە جۇڭگودا يىپەكچىلىك زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ھەم جۇڭگونىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇمىغا ئايلاندى.

يىپەك بۇيۇملار ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاستا - ئاستا سىرتقا يۆتكەلگەن. تۇرپان بوستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 -، 4 - ئەسىرگە تەئەللۇق ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە يىپەك توقۇلمىلار چىققان. بۇ ئەينى چاغدا شىنجاڭدا يىپەك بۇيۇملارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.① مانا مۇشۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى غەرب دۇنياسى تەدرىجىي چۈشەندى. جاڭ چيەننىڭ غەربىي ئەللەرگە قىلغان ئىككى قېتىملىق زىيارىتى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك يولىنىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

يىپەك يولىنىڭ بۇنداق ئېچىلىشى تاسادىپىي ۋەقە ئەمەس. ئۇ يىراق تارىخىي مەنبەگە، پۇختا ماددىي ئاساسقا ئىگە. يەنى ئۇ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا ئاللىبۇرۇن ئېچىلىپ، راۋاجلاشقان يوللارنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. بۇ يول دەل «قاشتېشى يولى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**شىنجاڭنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان.**

شىنجاڭ قاشتېشى سايمانلىرىنىڭ تارىخىنى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغلار-

① «ئالغۇي قەدىمكى قەبرىلىرىدىنى قېزىش خىزمىتىدىن قىسقىچە ئۇچۇر»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1981 - يىل، 7 - سان، 18 — 22 - بەتلەر.

دىكى قاشتېشى جابدۇقلىرى بىر خىل قورال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىناتتى.①

شىنجاڭ قاشتېشى ئىچىدە خوتەن قاشتېشى ھەممىدىن مەشھۇر. قەدىمكى خوتەنلىكلەر قاشتېشىنى بايقاش، قېزىش، سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇرۇش بۇيۇمى قىلغان. ئۇلار ئۆز دائىرىسى، جۇملىدىن تارىم ۋادىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى سىرت بىلەن بولغان ئالاقىدە قاشتېشى بۇيۇمىدىن پايدىلانغان.

قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگۈزۈلۈشى ئۇ يەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان.

غەربىي لياۋنىڭدىكى بۇنىڭدىن 5 مىڭ يىل بۇرۇنقى قىزىل تاش مەدەنىيىتى (نېئوخۇلاڭ) خارابىسىدىن قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن نەپىس بۇيۇملار تېپىلدى.② بۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قاشتېشىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى ماددىي بۇيۇملار بولۇپ سانىلىدۇ. قەدىمكى دەۋردە قاشتېشى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ناھايىتى زور مىقداردا توشۇلغان. تارىختىكى توشۇلۇش مىقدارىنى مۆلچەرلەش تەس. پەقەت مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن مىلادىدىن 1 مىڭ 200 يىل ئىلگىرىكى يىن دەۋرىگە مەنسۇپ فۇخاۋ قەبرىگاھىلىقى (妇好墓) دىنلا 765 دانە قاشتېشى جابدۇقلىرى تېپىلغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بازا قىلىپ تارىخ سەھنىسىدە ئىز قالدۇرغان شاڭ ـ يىن، جۇ، چۈنچيۇ، جەنگو، چىن ۋە خەن

---

① لوشاۋۋېن: «شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋىرى» 1989-يىل خەنزۇچە نەشرى، 8-سان.

①«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1990 - يىل، 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى ئۇيغۇرچە سانى.

دەۋرىگە تەئەللۇق قەدىمكى خارابىلەردىن ۋە يازما ھۆججەتلەردىن قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇلۇشىنىڭ مىقدارى ۋە كىشىلەر نەزەرىدىكى مۆتىۋەر ئورنى ھەققىدە بىر خىل چۈشەنچىگە كېلىشكە بولىدۇ.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر قاشتېشىغا ناھايىتى ھېرىسمەن بولغان. ئۇنى چەكسىز سىرلىقلاشتۇرغان. 8 مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدىغان، خەنزۇلارنىڭ ئەپسانىلەر دەۋرىدىكى ئۇرۇق ئاقساقىلى خۇاڭدى قاشتېشى بىلەن تونۇشقان. يەنى يىراق قەدىمكى زامانلاردا غەربىي خان ئانا (شى ۋاڭمۇ) خۇاڭدىغا ئاق قاشتېشى قەدەھى تەقدىم قىلغانىمىش. «قومۇش كىتاب يىلنامىسى» (竹书年纪) دىكى خاتىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئاقساقال شۈننىڭ 9 ـ يىلى «غەربىي خان ئانا ئوردىغا كېلىپ، ئاق قاشتېشى سايمانلىرى تەقدىم قىلغان» ئىمىش. بۇنداق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر خەنزۇچە قەدىمكى يېزىق ـ پۈتۈكلىرى ۋە ھۆججەتلەردە ھەر خىل ھەر ياڭزا ئىبارىلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر قاشتېشىغا بىر خىل سېھرىي خۇسۇسىيەت ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، قاشتېشىنى سۆيۈشتەك ئەخلاق ئۆلچىمىنى يېتىلدۈرۈپ چىققان. بۇنداق ئەخلاقىي تۈرمۇش قارىشىنىڭ ئىچىگە قاشتېشىنى گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى دەپ تونۇش؛ بايلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قاراش؛ ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆلچىمى دەپ بىلىش؛ ھوقۇق، مەرتىۋە دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم دەپ ھېسابلاش، ئىلاھىنىڭ مۆجەسسىمى دەپ چۈشىنىشتەك مەزمۇنلار كىرگەن.①

جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تارىخى بو-

① يىن جىچياڭ: «ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى قاشتېشىنى سۆيۈشتەك يۈكسەك پەزىلىتى ھەققىدە» «تارىخىي بىلىملەر» 1988-يىل خەنزۇچە نەشرى، 5-سان.

يەنە ئاتاقلىق ئالىم لى يۆسۇ (李约瑟) «جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا تارىخى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «قاشتېشىنى سۆيۈشنى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. 3 مىڭ يىلدىن بېرى ئۇنىڭ سۈپىتى، ھالىتى ۋە رەڭگى بىردەك ئويمىكارلار، رەسساملار ۋە شائىرلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدى».①

ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئارىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئالاقە قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇش ئېلىمىزنىڭ قوشنا رايونلار ئارا تاۋار ئالماشتۇرۇش تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

شىنجاڭ قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا توشۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي-شىمالىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىغا ھەم كەڭ توشۇلغان.

ياۋلىخۋا 1933-يىلى «يېڭى ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ 6-جىلد 5-سانىدا ئېلان قىلغان «غەربىي شىمالنىڭ قاتناش تارىخى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە «بابىلون، سۈرىيىدىكى قەدىمكى خارابىلەردىن قېزىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملار ئىچىدە قاشتېشىدىن ئىشلەنگەنلىرىمۇ بايقالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگىچە بايقالغان. قاشتېشى جابدۇقلىرى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن قاشتېشى ئىدى. ئۇ خوتەننىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» ② دەپ يازغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى

---

② لوشاۋېن: «شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر نەۋرى». 1989 - يىل، 8 - سان.

① لوشاۋېن: «شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋىرى» 1989 - يىل نەشرى، 8 - سان.

س.ۋ. كىسلېۋ ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن مۇنۇلارنى يازغان: «بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئاق قاشتېشى جۇڭگو ئويمىكارلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئىشلىتىدىغان خام ماتېرىيالى. ئەنياڭدىن قېزىۋېلىنغان تېپىندىلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگودا قاشتېشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىش شياڭ دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، سىبىرىيە، ئورال دەريا ساھىلىغىمۇ قاشتېشى ئوخشاش ۋاقىتتا تارقالغان. ئاق قاشتېشىنىڭ غەربكە تارقىلىشى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، سەيما دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 14 –، 12 – ئەسىرلەر) دە ئورال دەرياسى ۋە قاما دەريا ساھىلى، سىبىرىيە، بايقال كۆلى ھاۋزىسى جۇڭگونىڭ شىمالىي تەرەپلىرى بىلەن ئۆزئارا ئالاقىدە بولغان.»①

قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن قەدىمكى زامانغا تەئەللۇق بۇيۇملارنى يىراق غەرب دۇنياسىدىن ئۇچرىتىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئەنگلىيە لوندون مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە قاشتېشى سايمىنى بولۇپ، ئۇ كاۋكازدىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى ئۈچ سۇڭ بىر فۇڭ، كەڭلىكى سەككىز فۇڭ. فرانسىيە دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قاشتېشى سايمىنى جەنۇبىي روسىيىنىڭ كېرتچ (Kərtch) دېگەن يېرىدىن تېپىلغان. ئۇزۇنلۇقى تۆت سۇڭ بىر فۇڭ. موسكۋا دۆلەتلىك تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قاشتېشى سايمىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ سۇڭ بىر فۇڭ، كەڭلىكى سەككىز فۇڭ كېلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا، ھازىرقى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا تەۋە مەرۋىدىن قېزىۋېلىنغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 –، 3 – ئەسىرگە

---

① س.ۋ. كىسلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» 1981 – يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 – توم، 71 – بەت.

خاس تېپىندىلار ئىچىدە قاشتېشىغا مۇناسىۋەتلىك سايمانلار بولغان.①

تارىخىي يېزىلمىلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگونىڭ خەن، تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرى پۈتۈن ياۋروپا ـ ئاسىيانىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى قاشتېشى جابدۇقلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەن. كاۋكاز تاغلىرى ۋە ۋابولونوي (Nabnlonoi) تاغلىرىدىمۇ قاشتېشى چىقسىمۇ، ئەمما ئەينى چاغدا قېزىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.②

بىز بۇ خىل ئەھۋاللاردىن شۇنى ئوتتۇرىغا قويىمىزكى، يىپەك يولىنىڭ ئەسلى ئاساسى «قاشتېشى يولى» بولۇپ، يىپەك يولى دەل تارىملىقلار تەرىپىدىن دەسلەپ ئېچىلغان قاشتېشى يولىنى بويلاپ راۋاجلانغان. ئەنە شۇ «قاشتېشى يولى» كېيىنچە ماكرولۇق ھالدا خەلقئارادا ئومۇم نام بىلەن «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان.

بۇ يەردە بىز ياپونىيىلىك چاڭزى خېجۇننىڭ مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىنى ئالاھىدە ئەسكە ئېلىپ ئۆتىمىز: «جۇڭگونىڭ يىن، جۇ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ، ئالتە سۇلالە دەۋرىگە قەدەر بولغان قەبرىلەردىن نۇرغۇن قاشتېشى بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنغان، بۇ قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ چىقىدىغان ئورنىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بەزىلەر يىپەك يولىنى «قاشتېشى يولى» دەپ ئاتاشقان.»③

---

①، ② لۇشاۋۋېن «شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋىرى» 1989 - يىل، 8 - سان.

① چاڭزى خېجۇن: «يىپەك يولى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى. 1988 - يىل، 3 - سان.

## Ⅱ

شىنجاڭ — خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى تارىخىي نامى «غەربىي رايون» (شىيۇ) — دۇنيا يول - قاتناش مۇساپىسىنىڭ، شۇنداقلا يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىدىن بىرى.

قەدىمكى ياۋروپالىقلار يىپەكنىڭ شەرقتە ئىكەنلىكىنى بىلگەن، ئەمما خېلى ئۇزۇنغىچە يىپەك ئېلىنىڭ كونكرېت جايىنى دەلىللىيەلمىگەنىدى. ئۇلار يىپەكنى «سېرېس» (Seres) يىپەك چىقىدىغان جاينى «سېرېس ئېلى» دېگەن.

Seres دېگەن بۇ نامنى ئەڭ بۇرۇن گرېتسىيىلىك Ctesais (克泰夏斯) مىلادىدىن تۆت ئەسىر بۇرۇن تىلغا ئالغان.① مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردە ياشىغان گرېتسىيىلىك شائىرلاردىن ۋىگىل Vigile (维吉尔)، خورايىس Horace (霍拉塞)، فروفىرس Psoperce (普罗佩塞) ئوۋىدا OVide (奥维德) قاتارلىقلار ئۆز شېئىرلىرىدا «Seres» نامىنى تىلغا ئالغان.② ئۇلار بىلەن زاماندىش جۇغراپىيەشۇناس سترابون Strabon (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 58 - يىلدىن مىلادى 21 - يىلغىچە ياشىغان) «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا بولسا بۇ ھەقتە سەل كۆپرەك مەلۇمات بەرگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىردىن مىلادى 14 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن 90 دىن ئارتۇق غەرب ئاپتورىنىڭ ئەسىرىدە «Seres» دېگەن بۇ نام داۋاملىق تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىلادى 2 - ئەسىردە ياشىغان گرېتسىيىلىك جۇغراپىيەشۇناس پتولمى (Ptolemee) يازغان «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابتا قە-

---

① ② GəproeCədec «گرېك، لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ يىراق شەرق ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدىن ئۈزۈندە»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1-، 2-، 3-، 4-بەت، 32-، 33-بەتلەرگە ۋە «مۇقەددىمە» گە قارالسۇن.

دىمكى دەۋرگە خاس، بىرقەدەر مول ۋە ئېنىقراق خاتىرە قالدۇرۇلغان.① كېيىنكى ئالىملار غەرب ئاپتورلىرىنىڭ سېرىس ئېلىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى بايانلىرىنى تەكشۈرۈپ، دەلىللەپ چىقتى. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس گېئورگى كاۋدېس (George Coedes، 1886 — 1969) پتولمىي تىلغا ئالغان سېرىس ئېلىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازغان: «كىشىلەر ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇكى، (پتولمىي تىلغا ئالغان) Emaus تېغى Emoda تاغ تىزمىلىرى — ھىمالايا تېغى، Kasia تاغ تىزمىلىرى — قاراقۇرۇم تېغى، Auzakia تاغ تىزمىلىرى بولسا تەڭرى تاغلىرى، Oikhardes دەرياسىنىڭ ئۈچ ئېقىنى قەشقەر دەرياسى (تۆمەن دەرياسى)، يەركەن دەرياسى (زەرەپشان دەرياسى)، خوتەن دەرياسى (يورۇڭقاش دەرياسى) دىن ئىبارەت»② گېڭ شىڭ سېرىس «... جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنى كۆرسىتىدۇ»③ دەپ يازسا، چيەن بوچۈەن «... سېرىس تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچىدە ... سېرىس سۇلى (قەشقەر) دۇر»④ دېگەن يەكۈننى چىقاردى. پروفېسسور سۇ بېيخەي ھەم بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ (غەرب ئاپتورلىرى تەسۋىرلىگەن): «سېرىسنىڭ ئەتراپىدىكى يەر شەكىللىرى ۋە تاغ تىزمىلىرىنىڭ تەسۋىرلىرى سۇلى (قەشقەر) نىڭ غەربىدىكى تەڭرى تېغى، پامىر ۋە قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ تەسۋىرىدىن ئىبا-

---

① George Coedec: گرېك-لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ يىراق شەرق ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدىن ئۈزۈندە»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987-يىل نەشرى.

② George Coedec: گرېك، لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ يىراق شەرق ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدىن ئۈزۈندىلەر»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى.

③ گېڭ شىڭ: «قەدىمكى گرېك، رىملىقلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى سېرىسلىقلار»، «غەربىي شىمال تارىخى» ژۇرنىلى 1987-يىل خەنزۇچە نەشرى، 2-سان، 26-بەت.

④ چيەن بوچۈەن: «سېرىس ھەققىدە»، «غەربىي رايون تارىخى مەجمۇئەسى» — شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل، خەنزۇچە نەشرى.

رەت. بىراق ئىسسىقلاردا ئازراق پەرقلەر مەۋجۇت. پىتولىمى سىيرىس ئېلى ئىچىدىكى 10 دىن كۆپرەك شەھەرنىڭ ئىسسىقى- نى تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىن سىيرىس ئېلى تېررىتورىيىسى ئىچى- دە ئاھالە ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بىز ‹ۋېي ئەسلىملىرى، غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى (魏略西戎传)› دە خاتىرىلەنگەن ‹قارام بەگلىكلەر ئونغا يېتىدۇ› دېگەن خاتىرىگە ھەم كېيىنچە ‹ۋېي خانلىقى تارىخى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى (魏书西域传)› دە خاتىرىلەنگەن ‹چوڭ شەھەرلىرى 12 كىچىك شەھەرلىرى 10› دېگەن خاتىرىلەر بىلەن بىردەك»①. دېمەك، شىنجاڭ ھەم يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگىنى بولۇپ خىزمەت قىلغان، ھەم يىپەكچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ياپون- نىيىلىك چۆي جىسەندى بىلەن جۇڭگو ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى- بىرلىشىپ يازغان «قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پايتەختى توغ- رىسىدىكى تەتقىقاتلار» رىسالىسىدە «خوتەن ئېلىدە پىلىچىلىك قەدىمدىن تارتىپ ناھايىتى راۋاجلانغان. ھەممىلا يەرگە قارى- سا ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن. ئۈجمە خوتەننىڭ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدە ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ئەڭ مۇقەددەم پىلىچىلىك تەرەق- قىياتىنىڭ قورغىنىدۇر»② دېيىلىدۇ.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاگرانوم لۇمىڭشەن (魯明善) «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك قوللانمىسى» (农桑衣食撮要) دېگەن كىتابىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭ- لىك رايونىدىكى مۇھىم تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ئۈجمە يېتىشتۈرۈش، پىلە بېقىش تەجرى-

① سوبېخەي: «سولى نامى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1984-يىل خەنزۇچە نەشرى، 3-سان.

② ئەھمەد رېشىت: «سەنپولا قەدىمكى قەبرىستانلىقى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژورنىلى، 1985-يىل، 1-سان، 142-بەتتىكى نەقىل.

بىلىرىمۇ يەكۈنلەنگەن ۋە ئېلىمىزنىڭ پىلىچىلىك تېخنىكى-سىغا يېڭى مەزمۇن قوشۇلغان.

پروفېسسور سۇ بېيخەي مۇنداق يازغان: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي ئەلدە كىشىلەر بەكمۇ ياقتۇرىدىغان يىپەك توقۇلمىلار كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىلغان. بەش دەۋرگە كەلگەندە غەربىي ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن يىپەك رەختلىرى-نى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ مال ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇنىدىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا داڭقى چىققان دۇردۇن، ئۇيغۇر كىمخابى، غەرب كىمخابى، ئاقسۇ شايىسى قاتارلىقلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ تۇراتتى. يۈەن دەۋرىدە شىنجاڭدى-كى زەرباب، تاۋار تولىمۇ ئەتىۋار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك توقۇلمىلار جەھەتتىكى مۇھىم ئىجادى ۋە تۆھپىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئېرىشكەن ھەم خەلقئارا بازاردا سېتىلىپ ئېلىمىزنىڭ يىپەك-چىلىك ئىشلىرىغا يېڭى شان-شەرەپ كەلتۈرگەن.»①

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا يىپەكچىلىكنىڭ قاچان-دىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك يازما ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بولغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت يولىدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، قەدىمكى غەرب ئاپتورلىرى شىنجاڭنى «يىپەك ئېلى» دەپ چۈشەنگەن ھەم ئۆز كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە نۇرغۇن مەلۇ-ماتلارنى بەرگەن.

دېمەك «سېرىسلار ئېلى» (گرېكچە لۇغەت مەنىسى «يى-پەك ئېلى») توغرىسىدا دۇنيا ئالىملىرىنىڭ يۇقىرىدا بەرگەن مەلۇماتى تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن. مەيلى جۇغراپىيىلىك

③ سۇ بېيخەي: «خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان يايلاقتىكى يىپەك يولى» «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى ژورنىلى» 1981-يىل 1-سان.

ئۇقتىدىن بولسۇن، مەيلى سىرىسلار ئېلىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تەسۋىرى سۈرىتىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك بەلگىلەر جەھەتتىن بولسۇن قەدىمكى مەنبەلەردە كۆپ زىكرى قىلىنغان «سىرىسلار ئېلى» شەك-شۈبھىسىزكى، سولى (قەشقەر) نى مەركەز قىلغان ھالدا يەكەن ۋە ئۇدۇن (خوتەن) نى كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە قەدىمكى سولى ۋە ئۇدۇن بەگلىكلىرى تارىخىي يوسۇندا جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن، كەڭ مەنىدە «سىرىس» جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشنىمۇ پۈتۈنلەي خاتا دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىدا خوتەن يىپەكچىلىكىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە جۇ ئەنەنىنىڭ تارىخىي يوسۇندا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ تارىخىي ئاساسلىرىنى قىسقىچە كۆرسەتتۇق. يىپەككە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرما تەتقىقات نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يىپەكلىرى بىلەن خوتەن يىپەكلىرىنىڭ گۈل چىقىرىش ئالاھىدىلىكلىرىدە مۇئەييەن پەرق بولغانلىقى مەلۇم. ئالايلۇق، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يىپەكلىرىگە ئۆرۈش يىپ ئارقىلىق گۈل چىقىرىلغان بولسا، خوتەن يىپەكلىرىگە ئارقاق يىپ ئارقىلىق گۈل چىقىرىلغان. «برونزا دەۋرى» گە تەئەللۇق شىنجاڭ كۆنچى دەرياسى بويىدىكى گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقى، خوشۇت سىنتىرات ئىزى، قۇمۇل قارا دۆۋە سۇ ئامبىرى يېنىدىكى قەبرىستانلىق، تۇرپان قاراغوجائىمزى قاتارلىق خارابىلەردىن تېپىلغان يۇڭ ۋە يىپەك رەختلەر يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكنى ئۆزىدە كەۋدىلەندۈرگەن.

IV

ياپونىيىلىك چاڭزى خېجون ئەپەندى يىپەك يولىنىڭ

ئىنسانلار تارىخىدىكى رولىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىدا يىغىنچاقلىغان:

بىرىنچى، يىپەك يولى ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ قان تومۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا تارىخي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسي ئوقىدۇر. ئىككىنچى، يىپەك يولى دۇنيانىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت ئانىسىدۇر. ئۈچىنچى، يىپەك يولى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۆۋرۈكىدۇر.

بۇ ئۈچ نۇقتىنى مۇۋاپىق باھا دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. دەرۋەقە، شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت سەھنىسىدىكى شانلىق تارىخي تۆھپىلىرى بىلەن يۇقىرىقى نۇقتىلارنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شىنجاڭلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى كونا ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ، يىپەك يولىنى مەدەنىيەت ئوچ مەركىزى قىلغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئىجادكارلىقىغا تايىنىپ ھەممە شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قىممەتلىك ۋە شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ، دۇنيا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس ھەسسە قوشتى.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىكى بەدىئىي، گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى يىپەك يولى مەدەنىيىتى خەزىنىسىدە ئېچىلغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر دەستە گۈل.

قىياتاش سىزمىلىرى ئۇزۇندىن بېرى شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدىن ئارقا-ئارقىدىن بايقىلىۋاتىدۇ. قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان تەگىرتاغ ئىچىدى-

---

① چاڭزى خېجون: «يىپەك يولى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى، 1988-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-سان.

كى قىزىل تاش (康家石门子) دېگەن يەردىكى قىياتاش سىز-
مىلىرى بۇ جەھەتتە دىققەتكە سازاۋەر. بۇ يەردىكى قىياتاش
يۈزىدە يۈزلىگەن ئۇسسۇلچىلار ئوبرازى رەتلىك نامايان قى-
لىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەزگىلىدىكى
جىنسىي تېۋىنىش ئادىتى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بېرىل-
گەن. بۇ قىياتاش رەسىملىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات
ئېلىپ بارغان ۋاڭ بىڭخۇا (王炳华) مۇنداق ھېسابلىغان: «بىز
ئۇچراتقان ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى،
بۇ تېمىدىكى شۇنچىۋالا زور كۆلەملىك تاش ئويما رەسىملەر
مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم بايقىلىشى بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئىپتىدائىي
جەمئىيەتنىڭ جىنسىي ئەزاغا تېۋىنىش ھەققىدىكى رەسىملەر-
دىن تېخىچە مۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈشلۈك رەسىملەر توغرىسىدا
بىرەر مەلۇمات يولۇقتۇرمىدۇق①». ھازىرقى قاراش بويىچە
ئادەمنىڭ يالىڭاچ سۈرىتىنى سىزىش سەنئىتىنى كىشىلەر
ئومۇمەن، گرېك-ئويمىكارلىق سەنئىتىگە مەنسۇپ، دەپ ھېساب-
لايدۇ. دەرۋەقە مىلاددىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىردىن بۇرۇن گې-
رېكلاردا ئەرلەرنىڭ ھالىتىنى سىزىش ۋە ئويۇش ئۇسلۇبى
بارلىققا كەلگەن، لېكىن ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى سىزمىغان
دەل شۇ ۋاقىتلاردا بولسا شىنجاڭلىقلار ئارىسىدا ئەر ۋە
ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى سىزىش ۋە قىيا تاشلارغا ئويۇش
كەڭ ئومۇملاشقان. شىنجاڭنىڭ چاغانتوقاي ناھىيىسى، مىچۈەن
ناھىيىسى، مايتاغ رايونى ۋە قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلتاشتىكى
جىنسىي تېۋىنىشقا دائىر قىيا تاش سىزمىلىرى بۇنىڭ كۈچلۈك

① ۋاڭ بىڭخۇا: «قۇتۇبى ناھىيە قىزىلتاش-كاڭجياشىمەنزىدىكى تاشقا چېكىل-
گەن جىنسىي تېۋىنىش رەسىملىرى». «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى،
1989-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-، 2-سان، 98-بەت.

دەلىلدۇر. شىنجاڭنىڭ بۇنداق قىياتاش ئويمىكارلىق سەنئىتى يىپەك يولىنى بويلاپ، بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن، بۇددىزم سەنئىتىگە يېڭى مەزمۇن ۋە ھۆسن قوشتى. بىز بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئالدى بىلەن كۇچا، باي مىڭئۆيلىرىدىكى تام سىزىملىرىدىن ئۇچرىتىمىز. «كۇسەن (كۇچار تام رەسىملىرى بۇددا دىنىنىڭ كىرىشىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى كۆپىنچە بۇددا دىنىغا ئائىت نەرسىلەر، لېكىن، ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بۇددا مەدەنىيىتىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەن. ئۇ كۇسەن خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى①».

شىنجاڭ ئۆز نۆۋىتىدە، دۇنيادىكى قەدىمكى دىنلار ئەڭ كۆپ تارقالغان ۋە ئۇچراشقان جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال ئېلىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك دىن تارىخىغا مول مەزمۇن ئېلىپ كەلدى. جى شيەنلىن (季羡林) ئەپەندى بۇ خىل ئەھۋالنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «... دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن — ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنلىرى شىنجاڭدا ئۇچرىشىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق ئەھۋالنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، جۇڭگو بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا، شىنجاڭ ئىنتايىن مول ماتېرىيالغا ئىگە»②.

شىنجاڭنىڭ يىپەك يولىنى ئۆزەك قىلغان مەدەنىيەت

---

①جو يىڭگرۇڭ: «كۇسەن تام رەسىملىرىدىن تەرمىلەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985-يىل، 2-سان 117-، 118-بەتلەر.

② جى شيەنلىنىڭ: «تۇخار تىلى ۋە نىيە قارا تىلى». «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ژورنىلى، 1980-يىل، تۆتىنچى سان.

سەھىپىسىدە يەنە، تىل-يېزىق ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتتىمۇ ئوخشاشلا چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. جى شيەنلىن ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ھەرخىل تىللار، يەنى ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار، سام تىل سىستېمىسىدىكى تىللار شۇنداقلا، ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تىللار شىنجاڭدا ئۇچراشقان. بۇنداق ئەھۋالنى شىنجاڭدىن باشقا جايلاردا تاپقىلى بولمايدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىنسانىيەت بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىنىڭ ئەڭ تەسىرلىك، ئەڭ ئاساسلىق تەركىبى قىسمى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنى دېيىشكە ئەرزىيدىغان شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، موللىقى، رەڭمۇرەڭلىكى، قېرىنداش خەلقلەر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرىنىڭ كەڭلىكى، ئىنتېرناتسىئونال خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى قاتارلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يىپەككە بېسىلغان جەزىبىدار گۈللەردەك جىلۋىنىپ تۇرىدۇ. مانا شۇنداق يىراق مەنبەلىك ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتىدە مېفولوگىيە دەۋرىگە خاس ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن تاشقىرى، ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى ئەدەبىياتى، قۇچۇ بۇددا، مانى شېئىر-قوشاقلىرى، قاراخانى دەۋر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ «ئىككىنچى ئارىستوتىلى» — ئەبۇنەسىر فارابى (مىلادى 870 — 950-يىللار) نىڭ ئەسەرلىرى، جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى يىرىك ئېنسىكلوپېدىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)، ئەرەب تىلى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ تۇنجى سېلىشتۇرما قامۇسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (مەھمۇد قەشقىرى)، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ئەھمەد يۈكنەكى)، دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتى (رابغوزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ئەسىرى، لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى ئەسەرلىرى) ۋە بۇ دەۋر ئەدەبىيات-

نىڭ ئالەمشۇ مول چوققىسى ھېسابلانغان ئەلىشىر نەۋائى (14—
15-ئەسىر) ئەسەرلىرى، يەكەن خانلىقى دەۋرىگە تەئەللۇق
سەئىدى، رەشىدى، قىدىرى، نەفسى (ئامانىسا)، ئايازى، مىر-
زا ھەيدەر، مەھمۇد جاراس قاتارلىقلارنىڭ شېئىردي دىۋانلى-
رى ۋە تارىخىي قىسسەلىرى، يىپەك يولى ئارقىلىق تەسىرى
دۇنياغا يېيىلغان «12 مۇقام» ۋە دۇنياۋى ئوبراز نەسرىدىن
ئەپەندى لەتىپىلىرى قاتارلىق مەشھۇر ئۆلگىلەر ھەم ئۆزىگە
خاس ئورىگىنالىقى بىلەن ھەم خەلقئارا «يىپەك يولى» مە-
دەنىيىتىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈر-
گەنلىكى بىلەن ئالەمگە مەشھۇردۇر.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر مەدەنىيەت ھا-
دىسىسى شۇكى، يىپەك يولى خاسىيىتى بىلەن شىنجاڭدىن
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئەينى ۋاقىتتىكى تاڭ دەۋر مە-
نىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس ھەسسە قوشقان نۇرغۇن
ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلار ئۆتكەن. ئۇلاردىن بۈيۈك بۇددا ئالىمى
كۇسەنلىك كۇماراجىۋا (344—413). قەشقەرلىق
بۇددا ئالىمى خويلان ۋە فورتىدىڭ (佛图澄) ئاتاق-
لىق مۇزىكاشۇناس سوجوب (苏祇婆)، رەسسام ۋىسارا ساڭگا
(尉迟已僧) قاتارلىقلار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىم-
لاردىن تىلشۇناس ۋە پېداگوك تاتاتوڭا، يۈەن سۇلالىسى ما-
ئارىپىنىڭ ئاساسچىسى ئارغون سارىق، قوبلاينىڭ باش ۋەزى-
رى ليەن شىشيەن، تەرجىمان ئەنزاڭ، يېزا ئىگىلىك ئالىمى
لومىڭشەن، تارىخشۇناس ليەن خوشيەن قىيا، گېنېرال چاغان
تۆمۈر (察汉帖木尔)، ئارىق قىيا (阿里海牙) ئەدىبلەردىن
سەيدۇللا (萨都拉)، سەۋىنچ قىيا (گۇەن يۈنشى)، مازوچاڭ،
نەيشەن قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلار-
نىڭ ھەممىسى بۇرۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، خەنزۇ تى-

لى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان شىنجاڭلىق ئالىملاردۇر.

دېمەك، شىنجاڭلىقلار ئۇزاق ۋە پەۋقۇلئاددە تارىخىي مۇھىت ئىچىدە مول، رەڭگارەڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى يىپەك يولىدىكى قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، بۇنداق ئېسىل خەزىنە بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولىدا تۇتقان ئورنىنى ھەمدە يىپەك يولىنىڭ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى رولىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس.

# «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

«ئون ئىككى مۇقام» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مىراسى، خەلقىمىز ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان، قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن غايەت زور ھەجىمدىكى جانلىق مۇزىكا بايلىقى، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز، جۈملىدىن دۇنيانىڭ كلاسسىك مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئەھمىيەتلىك تارىخىي تۆھپىسى، شەرق مىللىي مۇزىكىلىرىنىڭ ئانىسى، ھازىرقى زامان ناخشا-مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بۇلىقى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قانات يېيىۋاتقان ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى يۇقىرىقى يەكۈنلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقىنى ھەر تەرەپتىن ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. بۇ ئارقىلىق ئون ئىككى مۇقامنىڭ تارىخىي ماھىيىتى ۋە سەنئەت خاراكتېرى بارغانسېرى يېشىلمەكتە.

لېكىن «ئون ئىككى مۇقام» دىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ سەلتەنەتنىڭ بەدىئىي قامۇسقا ئائىت نۇرغۇنلىغان سوئاللار ھېلىمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئىگە بولماي تۇرۇۋاتىدۇ. ئالايلۇق: «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ھەقىقىي ھەقداسىنىڭ زادى كىملىكى؛ «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تارىخىي تەسۋىرى (پەيدا بولغان دەۋرى)، مۇزىكىلىق تۈزۈلمىسى ۋە كۆيشۈناسلىق ئاساسىنى قانداق بايان قىلىش؛ «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ شەرق مۇزىكىچىلىقى، جۈملىدىن قەدىمكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى مۇزىكىچىلىقى بىلەن ۋاسىتىلىك ۋە بىۋاسىتىلىك باغ-

لىنىشى؛ «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر؛ «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بىلەن ۋارىيانتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق (گارمونىيىلىك) باغلىنىش ... ۋەھاكازالار. مۇقام تەتقىقاتىدىكى بۇ ھالقىلىق تېمىلار گەرچە پروفېسسور ئا. مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى — «ئون ئىككى مۇقام» ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە ئومۇملۇق جەھەتتىن بىرقەدەر يورۇتۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇقامنىڭ «تۈگۈنى» پۈتۈنلەي يېشىلىپ كەتكىنى يوق. بۇ ئەسەرنى پەقەت «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى مۇقەددىمىسى دېيىش مۇمكىن. بىزدە «ئون ئىككى مۇقام» مەسىلىسى كۆپرەك سەنئەت نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنىپ كەلدى. لېكىن «ئون ئىككى مۇقام» نوقۇل سەنئەت مەسىلىسىلا ئەمەس. ئۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكە چېتىلىدۇ. شۇڭا «ئون ئىككى مۇقام» غا ئائىت چىگىش سوئاللارغا ئىشىنەرلىك جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تارىخ، ئەدەبىيات، فولكلور، ئېتنوگرافىيە، پسىخولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، ئانتروپولوگىيە، سوتسىئولوگىيە ... قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، «ئون ئىككى مۇقام» نېتىنىڭ كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ فولكلورغا مەنسۇپ. چۈنكى ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت ئۆرۈپ-ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى مۇقامشۇناسلىقتىكى ئەڭ مۇھىم مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپ بولۇشقا تېگىشلىك.

مەلۇمكى، سېلىشتۇرما تەتقىقات XIX ئەسىرنىڭ بېشىدىلا خەلقئارا ئىلىم-پەن كاتېگورىيىسىگە قوشۇلغاندىن باشلاپ،

ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا مىقيا-
سىدا ئالىملارنىڭ كەڭ كۆلەملىك دىققەت-ئېتىبارىنى قوز-
غىدى. بۇنىڭ بىلەن پەلسەپە تارىخى، ئىدېئولوگىيە تارىخى،
مەدەنىيەت تارىخى جەھەتلەردە ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا يۈز
بېرىپ تۇرىدىغان ھەم ئومۇملۇققا، ھەم ئايرىملىققا ئىگە خەلق-
ئارا تەسىرلەر ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە
مۇپەسسەل ئىلمىي قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. سېلىشتۇرما
تەتقىقاتتا ھەم تەسىر تەتقىقاتى (دۆلەت، مىللەتلەر ئارا
مەدەنىيەت تەسىرى) ھەم پاراللېل تەتقىقات (بىر مەدەنىيەت
سىستېمىسى ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەرگە تەئەللۇق
مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى ئۆزئارا پاراللېل ھالدا سېلىشتۇرۇش)
ئۇسۇللىرى ئاساس قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلنى «ئون ئىككى
مۇقام» تەتقىقاتىغا تەتبىقلىغاندا، مۇقامغا ئائىت تۆۋەندىكى يىپ
ئۇچلىرى بىزنىڭ دىققىتىمىزگە سازاۋەر بولىدۇ: «مېھنەت پەرزەن-
تى» بولغان «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇرلارغا خاس يەرلىك
ۋە مىللىي ئېستېتىك ئىلھامنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ماتې-
رىياللىرىدىن قۇرۇلغان بۈيۈك ئىلمىي ئابىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەنئەنىۋى سەنئەت پسىخولوگىيىسىگە ماس ھالدا يارىتىلغان
بەدىئىي قامۇس.

دەرۋەقە، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك
تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش-
لەرنىڭ ئىشەنچلىك يەكۈنىدىن قارىغاندا، يېگانە ھالدىكى
مۇتلەق ساپ مىللەت ۋە ئالمىشىش خاراكتېرىدىكى سىرتقى
تەسىرىدىن خالىي نوقۇل مەدەنىيەت ھادىسىسى مەۋجۇت ئەمەس
«ساپ مىللەت» ۋە «ساپ مەدەنىيەت» قارىشى دۇنيانىڭ
ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، كۆپلىگەن چىگىش
سوئاللارنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان مۇقام ھادىسىسى-

مۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام» نى ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايلىقى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىسى ئالدى بىلەن شۇ خەلقنىڭ مىللىي ئىستېتىك زېمىنىدا بىخلانغان، لېكىن ئۇ مۇكەممەل ۋە قېلىپلاشقان بىر مۇزىكا سىستېمىسىغا ئايلانۇچە بولغان ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا تەبىئىي ھالدا ئۆز قوشنىلىرىنىڭ مۇزىكا (مۇقام) تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت پسىخىكىسى بىلەن قوشۇپ يۇغۇرغان. شۇنىڭ بىلەن كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق مۇقام ھادىسىسى شەكىللەنگەن. بۇ يەردە تەكىتلەشكە تېگىشلىك قانۇنىيەتلىك مەسىلە شۇكى، مۇرەككەپ تارىخىي قاتلاملىق بۇ مۇزىكا بايلىقىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتىكى ھەقىقىي ھەقدانىسى ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ مۇكەممەل سىستېمىلاشتۇرغۇچىسى يەنىلا ئۇيغۇرلار بولۇپ قالغان. ھازىرقى دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مۇقاملىرى بار، ھەتتا ئۇلاردىكى بەزى مۇقاملارنىڭ ناملىرىمۇ ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» ناملىرى بىلەن ئوخشاش ئاتىلىپ كەلمەكتە. يېقىندا ئېلىمىزنىڭ مۇزىكاشۇناسلىرى شىمالىي ئافرىقا ئەللىرى (ئالجىرىيە، ماراكەش، تۇنىس، مىسىر، لىۋىيە ...) نىڭ مىللىي مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان. ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، شىمالىي ئافرىقىدىكى بۇ ئەللەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مۇقاملىرىنىڭ بارلىقى ۋە مۇقام ناملىرىدىمۇ بەزى ئوخشاشلىق (ھەممىسى ئەمەس) مەۋجۇت ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئەمما مۇقاملارنى ئورۇنداش ئۇسۇلى، مۇزىكا ئەسۋابلىرى، كۈي خاراكتېرى، تەركىبى ۋە باسقۇچلىرى ھازىرقى ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن پۈتۈنلەي

ئوخشاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەرەب مۇزىقىسى» نىڭ ئاساسى بولغان بۇ شىمالىي ئافرىقا مۇقاملىرى ئېتنىك مەنبە جەھەتتىن مېسوپو- تامىيە مەدەنىيىتى (سومېر مەدەنىيىتى) تەسىرىدە پەيدا بولغان. ھازىر ئېلىپ بېرىلۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك ۋە ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، بۇندىن 5 مىڭ يىللار بۇرۇنقى سومېر مەدەنىيىتى مەدەنىيەت تىپىگە كىرىدۇ، دەپ قارالماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئويغىنىش دەۋرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىلەرمۇ يۇقىرىقى نۇقتىنى قەيت قىلىدۇ. IX — XI ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇزىكا ئىلمى يال- غۇز «خەلىپىلىك دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مىقياسى- دىمۇ 1-ئورۇنغا چىققانىدى» (ئە. بىرتىلىس).① موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسى- قىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە مۇزىكىنىڭ پىرى دەپ تىلغا ئالغان ئەبۇ نەسىر فارابى (مۆجىزىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا راگ، ئۇشاق مۇقاملىرىنى ۋە ئۇشاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە يايغان، ئۆزھال مۇقامىنى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشپ قىلغان، مۇزىكا ئىلمى ساھەسىدە رىسالەئى موغەننىيون (سازەندىلەر رىسا- لىسى) قاتارلىق كىتاب يازغان بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئالىم)، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (875 — 999)، ھەممىدە ئابدۇرەھمان جامى، (1414 — 1492)، ئەلىشىر ناۋائى (1441 — 1501)، ھەزرىتى مەۋلانە لۇتفى (1366 — 1465)، مۇھەممەت خۇارەزمى (؟ — 1448)، يۈسۈپ سەككاكى (؟ — 1467) قاتار- لىق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرلىرى

① ت.س. ۋىزگو «ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئويغىنىش دەۋرى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1989-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى 3-سان.

يالغۇز شائىر بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەشھۇر مۇزىكا ئالىملىرى ئىدى. مۇزىكىدا ئاھاڭلارنىڭ ئېگىز-پەسلىكى (مېلودىيسى) رەقەملىك مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى ئۇچۇن يۇقىرىدىكى مۇزىكا ئالىملىرى ماتېماتىكا بىلەن مۇزىكىنى بىۋاسىتە بىر-بىرىگە باغلىغان، شۇڭا ئاشۇ دەۋرلەردە مۇزىكا ماتېماتىكا پەنلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ھېساب، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە ۋە مۇزىكا ئىلىملىرى بىر پۈتۈن پەنلەر سېكىلىنى تەشكىل قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ ئالىملارنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى ئىلمىي ئەسەرلىرى پىفاگور① ئېقىمىنىڭ ماتېماتىكا پرىنسىپىغا ئاساسلانغان. لېكىن پىفاگور مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدىن كىرگەن. پىفاگور ئۆزىمۇ بابىلوندا بىرنەچچە يىل تۇرۇپ مۇزىكا ئىلمىنى ئۆگەنگەن. بابىلوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا نەزەرىيىسى بىرلىككە كەلگەن پرىنسىپلار بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ ئۇ ئېتنىك مەنبە جەھەتتىن قەدىمكى مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ.

دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا ئىلمىنىڭ يىراق مەنبەسى قەدىمكى سومېر مەدەنىيىتىدىن باشلانغان بولسا، ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى گرېتسىيەدە بولدى. ئارىدىن VIII — X ئەسىر ئۆتكەندە مۇزىكا ساھەسىدىكى بۇ بىلىملەر يەنە باشقىدىن ئۆزىنىڭ ئانا ماكانى بولغان شەرقتە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا

---

① پىفاگور (ئەرەبچە فىساغورۇس دەپ ئاتىلىدۇ) گرېك ئىدېئالىست پەيلاسوپى بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 550 — 580-يىللىرى ياشىغان. ئۇ قەدىمكى يۇنانىنىڭ سېسام شەھىرىدە (ئاناتولى يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىدە گرېتسىيىگە قارايدىغان بىر ئارال) دۇنياغا كەلگەن.

قايتىپ كېلىپ تېخىمۇ چوڭقۇر يەرلەشتى.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى شۇ مىللەتنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنىڭ سىمۋولى. مۇزىكىنىڭ تىلى بولغان مېلودىيە، رىتىم، گارمونىيىمۇ شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت پسىخىكىسىغا ماس كەلگەندىلا ئاندىن شۇ خەلقنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىنى قوزغىيالايدۇ ۋە مىللەت قاتلىمىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، مىللىي خاراكتېرگە ئىگە بولالايدۇ. «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇنچە ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، قېلىپلاشقان ۋە يۈرۈشلەشكەن بىر مۇزىكا سىستېمىسىغا ئايلىنىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

بىز يۇقىرىدا «ئون ئىككى مۇقام» نى تەتقىق قىلغاندا ئۇنىڭ دەۋر قاتلىمى ۋە تارىخىي قاتلىمىنى مۇلاھىزە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ھەمدە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئىپتىدائىي ئېتنىنىڭ مەنبەسىنى پەقەت ئومۇملۇق جەھەتتىنلا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. بۇ ھال بىر تەرەپتىن «مۇقام چەتتىن سىڭىپ كىرگەن مۇزىكا كۈيى» دەيدىغان سەپسەتىلەرنىڭ قىلچە ئاساسى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى قانداقتۇر كونكرېت تارىخىي يىلنامە بىلەن چەكلەپ قويغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ئېتنىنىڭ مەنبەيىنى كونكرېتراق بايان قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى قەدىمكى كۇچار مۇزىكىسى (چۈزىيۆ) مۇقامى، قەشقەر (سۇلى) مۇقامى، خوتەن (ئۇدۇن) مۇقامى، ئىدىقۇت ۋە ئېۋىرغۇل (قۇمۇل) كۈيلىرىنىڭ سىستېمىلىشىشىدىن ۋە يۇغۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت، دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كۈيشۇناسلىقى ۋە مۇزىكىچىلىقىنىڭ ھازىرغىچە

مەلۇم بولغان قەدىمكى، ئەڭ زور نامايەندىسى سۇجۇپ (Suvaijva ياكى Sujiva) ئاساس سالغان «12 تېمپېراتىسىيىلىك كۇچا كۇيشۇناسلىقى نەزەرىيىسى سىستېمىسى» نىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن بولغان بىۋاستە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئا. مۇھەممەتئىمىنىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — «ئون ئىككى مۇقام» توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەچكە، بىز يەنە تەكرارلىمايمىز. ئەگەر تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئېلىمىزنىڭ سۇي،تاڭ دەۋرلىرىدىكى قەدىمكى مۇزىكا تارىخىغا ئائىت مەنبەلەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن، ئىدىقۇت، ئېۋىرغول مۇزىكا كۇيلىرى ئۇچۇن ئاساس بولغان ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئورىگىنال خاسلىقىنى يوقاتمىغان دولان مۇقاملىرى ئۇستىدە قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ ئۆتىمىز.

ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان بەزى تارىخي مەنبەلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ يېقىنراق ئېتنىڭ مەنبەسىنى مىلادى ئەسىردىن بۇرۇن تەكرى تاغ ئەتراپىدا باش كۆتۈرگەن سەنئەتخۇمار دولو (多滥，览多葛 — دولونفىت دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قەبىلىسىگە باغلاشقا بولىدۇ. تارىختا دولو (دولونفىت) دەپ ئاتالغان بۇ قەبىلە ھازىرقى يەكەن دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا مەكىت ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى، ئاندىن غەربتىن شەرققە قاراپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇ ئاۋات، ئاقسۇ قاراتال، شايار، ھەتتا كۇچانىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغىچە ئولتۇراقلاشقان، ھازىر ئۆزلىرىنى «دولان» دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە سىن جۇڭمىيەن ئەپەندى «كىتابلار جەۋھىرى» دىن نەقىل ئېلىپ مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «لۇڭ شۇنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 662 - يىلى)

جىن رىنتەي بىلەن شۆ رىنگۆي قاتارلىقلار تىلى قەبىلىلىرىنى تەڭرى تاغدا تارمار قىلدى. بۇ چاغدا تىلى قەبىلىلىرى ئىچىدە ئىسكىت ۋە دولانىت قەبىلىلىرى بولۇپ، تەڭرى تاغنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغانىدى»① ئەنـدۇجيەنفۇ ئەپەندىمۇ «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە، ئۇيغۇرلار ئاساسىي كۈچ ياكى بىردىنبىر يېتەكچى كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋردە تىلى قەبىلىلىرى تەركىبىدىكى 15 قەبىلىنىڭ ئىچىدە دولو (دولان) قەبىلىسىنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.② بۇ مەلۇماتلار بىزنىڭ «دولان»لار ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە سۇڭ سۇلالىسى تارىخى (مۇزىكا قىسمى) دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ 16 ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچىدە «بۆركۈت ئاتار ئۇيغۇر ئۆمىكى» (بۇلار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ، كۈمۈش كەمەر باغلايدۇ، بۆركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتتە تۇرىدۇ) ناملىق بىر ئۆمەك بولغان، بۇ ئۆمەكنىڭ ئۇسسۇلى قەدىمكى دولو ئۇسسۇللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. دەرۋەقە ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكىتى ئاددىي ۋە سالماق بولۇپ، يەنىلا بۆركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دولان مۇقاملىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ قەدىمكى (ئىپتىدائىي) ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ساپلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. يۇقىرىقى قىسقا بايانىمىزدىن تۆۋەندىكىلەرنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ساق-

①، ②. ئىمىر سۇلتان ئوسمانوپ: «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىل، 4 - سان، 118 -، 119 - بەتلەر.

لاپ دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئىپتىدائىي مەنبەسى ۋە گەۋدىسى ئەنە شۇ تارىختىكى دولانـ فىت (دولان) مۇقامىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، دولان مۇقامى دولانفىت قەبىلىسى تارىخ سەـ ھىسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان قەدىمكى دەۋرلەردىلا (مىلادى 3 - ئەسىردىن بۇرۇن) شەكىللىنىشكە باشلىغان. كوشان دەۋـ رىگە كەلگەندە (مىلادى 4 -، 5 - ئەسىرلەر) كۈچلۈك بىر مەدەنىي ھاياتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ھىندى ۋە يۇنان مەدىنىـ يەتلىرىنىڭ بەزى تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ مۇئەييەن سىستېمىغا كىرگەن. بۇ دەۋر قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرلىـ شى ۋە فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئەنە شۇ كۇشانلار دەۋرىدە قۇلدارلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زىددىيەتلىرى يېڭى ئىجتىمائىي فورماتسىيەـ فېئودالىزمنىڭ بارلىققا كېلىشكە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن.

ئۈچىنچى، قەدىمكى «يىپەك يولى»نى بويلاپ تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت ئالاقىسى ھەمدە ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ تەڭرى تاغنى بويلاپ جەنۇبقا سىلجىشى نەتىجىسىدە قەدىمكى دولانـ فىت مۇقاملىرى كوشان ئىمپېرىيىسى دائىرىسىدىكى رايونلارغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»دا بىر مەركەز (بىر گەۋدە)، كۆپ شاخلىق (كۆپ ۋارـ يانتلىق) بولۇشتەك خەلقئارالىق مۇقام ھادىسىسى شەكىللەنگەن.

تۆتىنچى، «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ قېلىپلىشىشى ۋە سىستېمىلىشىشى ئولتۇراقلاشقان مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى. بۇ يەردىكى ئولتۇراقلاشقان مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى مۇقىملاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇزىكا خاراكتېرى ۋە كۈي پۇرىقىدىن قارىغاندىمۇ

ئۇ ۋۇقەت ئولتۇراقلاشقان ياكى شەھەرلەشكەن خەلقلەرنىڭ تۇر-
مۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئېستېتىك زوقىغا ماس كېلىدىغان-
لىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. ئاشۇ دەۋرلەردە تېخى ئولتۇراق مەھەل-
لىشىپ ھاياتقا كۆچمىگەن كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان تۈركىي تىللىق بەزى قېرىنداش خەلقلەر مەدەنى-
يىتىدە مۇقام تەسىرىنىڭ بولمىغانلىقى بۇ قارىشىمىزنى دەلىللەپ
بېرىدۇ (بۇنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى يە-
نىمۇ چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىپ بېقىش زۆرۈر).

بەشىنچى، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئىسلام ئىدىئولوگىلىرى
مۇزىكىنى مەيخورلۇق، كەيپ - ساپا ۋە ئىسلام دىنىدا چەكلەن-
گەن باشقا ئىشلار بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، خەلقىمىزنىڭ بۇ
ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايلىقىغا بىر تەرەپتىن چەك قويغان، يەنە
بىر تەرەپتىن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك «ئوردا
مۇزىكىسى»غا ئايلاندۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان. ھالبۇكى فارابى،
خۋارەزمى، ئىبنى سىنا، ناۋائى قاتارلىقلار مۇقامنى ئىنسان
قەلبىنى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيدىغان سەنئەت دەر-
جىسىگە كۆتۈرۈپ تېخىمۇ يۈكسەلدۈردى. قاراخانىلار دەۋرى-
دىن تارتىپ سەئىدىيە دەۋرىگىچە ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى
مەخسۇس مۇزىكا مۇئەسسەسەلىرىدە كۆپ قېتىم تەرتىپكە سېلىن-
دى ۋە رەتلەندى. بولۇپمۇ مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇرېشىتخان
دەۋرىدە ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازلىرى ۋە مۇزىكا ئىسلاھاتچىلى-
رى قىدىرخان يەركەندى (1572 - يىلى ۋاپات بولغان)
ۋە مەلىكە ئامانىسانىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن ئۇيغۇر
«ئون ئىككى مۇقامى» چوڭ كۆلەملىك رەتلەندى ۋە قېلىپلاش-
تۇرۇلدى. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىرلەر-
دىلا «ئەبجەت نوتىسى» بولۇپ، قىدىرخان باشچىلىقىدىكى بۇ
مۇقام ئۇستازلىرى ئەنە شۇ ئەبجەت نوتىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر

«ئون ئىككى مۇقامى»نى رەتلىگەنلىكى مەلۇم. قىسقىسى، مۇقام چۈشەنچىلىرىنىڭ «چوڭ نەغمە»، «داستان» ۋە «مەشرەپ» تىن ئىبارەت ئۈچ قىسىملىق مۇزىكا گۇرۇپپىلىرىنىڭ يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق گەۋدىنى ئىپادىلىشى قەدىرخان باشچىلىقىدىكى مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ ئەمگىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، سەنئەت ئۆرپ-ئادىتىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە پەيدا بولغان خەلق ئارىسىدىكى مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ رەسمىي سىستېمىلىشىپ ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام» ھالىتىگە كىرىشىدە ئوتتۇرا ئەسىردە قۇرۇلغان مەخسۇس مەدرىس (مەكتەپ) لەردىكى مۇزىكىشۇناسلارنىڭ ئەجرى ناھايىتى زور بولغان. بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلمىغاندا، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىق خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈش تەس بولىدۇ.

ئالتىنچى، پروفېسسور ئا. مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى — ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» ناملىق ئەسىردە غىياسىدىن بىننى شىرپىدىن تۈزگەن «غىيا سۇللۇغەت» دېگەن كىتابتىكى «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىلىرىنى ئاسترونومىيىدىكى «ئون ئىككى بۇرج» قا، يەنى «12 ۋاقىت، 24 سائەت» كە باغلاپ ئىزاھلىشىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى، بۇنداق قاراشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوقلۇقىنى تەكىتلىدى. بىزنىڭچە، «غىياسۇللۇغەت» تىكى بۇ بايانىنىڭ ئۇيغۇر كۈيشۇناسلىقى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەسى بىلەن ھېچقانداق زىتلىقى يوق. بۇ بايان پەقەت ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ ئەسلىدە 12 دىن ئىبارەت سان (مىقدار) كاتېگورىيىسىگە قارىتىلغان. دەرۋەقە، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» باشتىن-ئاياغ بىردەك ئون ئىككى مىقدار بىلەن چەكلەنگەنمۇ ئەمەس، مۇقام ئۆز تارىخىدا كۆپ قېتىم كې-

مىيىش، كۆپىيىش، قوشۇلۇپ ئىخچاملىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. لېكىن ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ ئومۇمىي نامى ۋە سۈپىتى يەنىلا خەلقىمىز ئارىسىدا ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس سان دەرىجىسىدىكى ئون ئىككى بىلەن زىچ باغلانغان. ھېچقانداق ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئەسۋابلىرى بولمىغان قەدىمكى زامانلاردا، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تايىنىپ، ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدە نۇرغۇن بىلىملەرنى توپلىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن كۈن بىلەن تۈننىڭ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ، يىل، ئاي، پەسىللەرنىڭ دەۋرىي ھالدا ئالمىشىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئاسمان جىسىملىرى (كۈن، ئاي، يۇلتۇز) دىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. شۇنداق قىلىپ ئۇزاق ئەسىرلىك تەكرار ئەمەلىيەت جەريانىدا پلانېتىلارنىڭ بۇرج ۋاقتى (يىللىق ھەرىكەت دەۋرى) نى مەلۇم ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئارىسىدىكى بۇ خىل ساددا خاراكتېرلىك ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ نېگىزى سۈپىتىدە «ئون ئىككى بۇرج» چۈشەنچىسى بارلىققا كەلگەن. بۇ «ئون ئىككى بۇرج» چۈشەنچىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى ئېتىقادىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك پائالىيەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن. ئەنە شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەلقىمىزنىڭ سەنئەت ئۆرپ-ئادىتىنىڭ مۇجەسسىمى بولغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ چوڭ ھەجىملىك مىقدارى خەلق ئەقىدىسىدىكى كۆپلۈككە تەقلىد (سىمۋول) قىلىنغان ئون ئىككى سان بىلەن سۈپەتلىنىپ «ئون ئىككى مۇقام» دەپ ئاتالغانلىقى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، پۈتۈن دۇنيادا كۈي 12 گە بۆلۈنگەن. شۇڭا ئۇيغۇر مۇقاملىرىمۇ

مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن كۈي تەركىبى جەھەتتىن 12 گە بۆلۈنگەن. ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» مۇندىن كېيىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ سان جەھەتتىن كۆپىيىشى ياكى كۈيشۇناسلىق قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئىلمىي ھالدا يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ ئىخچاملىنىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن مۇشۇنداق سان ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ئەھۋالدىمۇ ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى سۈپەت نامى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» دېگەن كۆپلۈك نامى ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ.

يەتتىنچى، «ئون ئىككى مۇقام» نى تەتقىق قىلغاندا، چوقۇم ئۇنىڭ مۇزىكا قۇرۇلمىسىنى ئەدەبىيات قىسمىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، مۇزىكا بىلەن شېئىر ئەسلىدە بىر گەۋدە بولۇپ، ھەر ئىككىسى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. فارابى ئۆزىنىڭ «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» دېگەن كىتابىدا: «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنسانىنىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر (تېكىست) قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ»① دەپ ئېيتقان. دەۋرۋەقە ئەينى زاماندىكى ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تالانتلىق مۇزىكا شۇناسلاردىن ئىدى. ئىبنى سىنامۇ مۇزىكىنى ئىنسانلار نۇتقىنىڭ ئىنتوناتسىيىلىك تەرەققىياتى، نۇتۇق (شېئىرنى دېمەكچى. ئا) نىڭ ئاھاڭىغا سېلىنىش سەنئىتى دەپ قارىغان. مۇزىكا تېكىست بىلەن بىرلەشكەندىلا ئىنسانلارنىڭ كەيپىياتىنىلا ئەمەس، بەلكى خۇلق - مىجەزىنىمۇ ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالايدۇ. «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرى مۇقامنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرىدا كۆپ قېتىم يېڭىلانغانلىقى مەلۇم. لېكىن

① مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 53-بەت.

XVI ئەسىردىكى چوڭ رەتلەشتە «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرى مۇزىكا مېلودىيىسى ۋە رىتىمىگە ماس بولغان كلاسسىك شېئىرلار بىلەن يېڭىلىنىپ، بىر قەدەر نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولغان ۋە بۇ نىسپىي مۇقىملىقنى دەۋرىمىزگىچە ساقلاپ قالغان. شۇڭا، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تېكىستالوگىيسى، جۈملىدىن تېكىست بىلەن مۇقام كۈيىنىڭ ئىچكى ئورگانىك باغلىنىشى، مۇقام ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى، ھەربىر مۇقامنىڭ خاراكتېرلىك سۈپىتى... قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ دەۋرىي ھالدا مىكرولۇق ئۇسۇل بىلەن سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

سەككىزىنچى، يېقىنقى يىللار مابەينىدە ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك پۇراققا ئىگە يۈرۈشلەشكەن نەغمە-كۈيلىرىنىمۇ رەتلەش خىزمىتى قانات يايدى. شۇنىڭ بىلەن «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى»، «ئىلى ئون ئىككى مۇقامى»، «دولان ئون ئىككى مۇقامى»، «توخسۇن ئون ئىككى مۇقامى»... دېگەنگە ئوخشاش يېڭى «مۇقام» ناملىرى پەيدا بولدى. خەلقىمىزنىڭ باي مۇزىكا بايلىقىنى قېزىش ۋە رەتلەشتە قولغا كەلتۈرگەن بۇ نەتىجىلەرنى ئەلۋەتتە مۇقىملاشتۇرۇشقا ۋە ماختاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن بۇ يەرلىك نەغمە-كۈي سىستېمىسىنى ھەدېسىلا بىر پۈتۈنلۈككە ۋە ئورىگىناللىققا ئىگە بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن بىر قاتارغا قويۇش ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ۋە مۇقام قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. دەرۋەقە، بۇ يەرلىك نەغمە-كۈي سىستېمىلىرىنىڭ بەزىلىرى كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تەسىرىدە بىرقەدەر قېلىپلاشقان ۋە يۈرۈش-

كەن، ھەتتا بەزى يەرلىك مۇقاملارنىڭ نامىمۇ ئوخشاشلىقىغا ئىگە، لېكىن كۆي مېلودىيىسى، تەرتىپى، مۇقىملىق دەرىجىسى، ئاھاڭ گارمونىيىسى، تېكست بىلەن كۆي خۇسۇسىيىتىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ۋە مۇزىكا ئوبرازىنىڭ دەۋرىيلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ماھىيەتلىك ۋە قانۇنىيەتلىك پەرقلەرگە ئىگە. ئالايلۇق: يەرلىك «مۇقام»لار ئىچىدە بىرقەدەر مۇكەممەل دەپ قارىلىدىغان قۇمۇل «ئون ئىككى مۇقامى» نام، تەرتىپ كۆي ئۇسلۇبى، تېكىست مەنبەسى، مۇزىكا تۈرى، ئورۇنداش شەكلى... قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» دىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. قۇمۇل «ئون ئىككى مۇقامى»دا ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» دەك «باشلىنىش»، «تەزىسى» «نۇسخىسى»، «سەلقىسى»، «جۇلاسى»، «چۆشۈرگىسى»، «سەنىمى»، «پەشرۇسى»، «تەكتى»، «داستانى»، «مەشرىي»، «مۇستەھزاد»... قاتارلىق بىر - بىرىگە يېپىشقاق كۆپ خىل مۇزىكا تەركىبى يوق، ئەكسىچە ھەربىر «مۇقام» بىر ياكى ئىككى شۆبە بولۇپ، ھەربىر شۆبىسى بىرقانچە نەغمىدىن تەركىب تاپقان. شۇڭا بىز مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ كلاسسىكلىق ئىناۋىتىنى قوغداش ۋە ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەرقايسى يەرلىك مۇقاملارغا ئاساسىي غولىنىڭ شاخچىلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىگە مۇناسىپ ناملار بىلەن ئاتىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت گەۋدىسىنى ۋە كلاسسىك مۇزىكىلىق خاراكتېرىنى ماھىيەت جەھەتتىن روشەن يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

## نەۋائى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى

بۇ يىل 9-ئايدا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خەلقئارالىق خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلمەكچى. بۇ تەنتەنىلىك خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۇيغۇر-ئۆزبېك قېرىنداش خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ۋە ئەدەبىي تارىخىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى نەۋائى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە باھاسىز دۇردانىلەر قوشقان جاھانشۇمۇل ئۇلۇغ سەنئەتكار.

ئەلىشىر نەۋائى پەقەت 60 يىل ئۆمۈر كۆردى (مىلادى 1441-يىل 18-فېۋرالدا تۇغۇلۇپ، 1501-يىل 12-يانۋاردا ۋاپات بولغان) ئۇ يېرىم ئەسىرلىك ئۆمرىدە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نۇرغۇن سەرخىل ئەسەرلەرنى يازدى. نەۋائى ئىجادىنىڭ ئەڭ يىرىك، ئەڭ مەشھۇر نەمۇنىلىرىدىن بولغان «خەزائىنۇلمەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق تۆت چوڭ دىۋانى، «خەمسە» ناملىق بەش بۈيۈك داستانىنى ھەمدە ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە پەلسەپىۋى ھېكمەتلىرىنى ئوقۇمىغان ھەم ئۇنىڭدىن بەھەس ئالمىغان كىشىلەر يوق دېيەرلىك. بۇ ئەسەرلەردە نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى، تەڭداشسىز ئېستېتىك دىتى، بىلىم-ئىستېداتى، بەدىئىي ماھارىتى تولۇق نامايان قىلىنغان بولۇپ، ئىنتايىن زور بەدىئىي، ئىلمىي ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە. مۇ-

شۇ ۋاقىتتىن ئېيتقاندا، نەۋائىي ھەقىقەتەنمۇ جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى، دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ.

بەش ئەسىردىن بۇيان ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك پىر-ئۇستاز بولغان بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارنىڭ 550 يىللىق خاتىرىسىنى تەنتەنە قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇنىڭ جاھان مەدەنىيىتىگە قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرى قاتارىدا يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك مۇزىكا قامۇسى—«ئون ئىككى مۇقام»نىڭ سىستېمىلىشىشى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشىگە قوشقان بىباھا ئەمگىكىنىمۇ تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ رەسمىي سىستېمىلىشىپ دۇنيا جامائەتچىلىكى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان «كلاسسىك مۇزىكا» خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى نەۋائىي نامى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ پىكرىمىزنى ئىككى تەرەپتىن دەلىللەش مۇمكىن:

بىرى، موللائىسمەتۇللابىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (ھىجرىيە 1271-يىلى، مىلادى 1854 — 1855-يىللىرى يېزىلغان) ناملىق رىسالەسىدىكى مەلۇماتلارغا كۆرە، نەۋائىيمۇ مۆجىزى تونۇشتۇرغان 17 نەپەر مۇزىكا پىرلىرى قاتارىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. «سەككىزىنچى پىرى ھەزرىتى ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىدۇر. بۇ ئەزىزنىڭ ھەممە پەزىل-شاراپەتلىرى ئۆزى يازغان شېئىر كىتابلىرىدىن ئايان بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ «كۇللىيات» «چاردىۋان» لىرىدىن «خەمسە» سىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى-كېيىن، ئاز-كۆپ بولۇپ پۈتكەن 36 پارچە كىتابىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت

ۋە ئىشق ـ مۇھەببەتتىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇ مۇشۇنداق قىممەتلىك ئىلىملەرنىڭ ئۇستىگە يەنە ئۆزىنىڭ پىر ئۇستازى بولغان ھەزرىتى جامىدىن مۇزىكا ئىلمىنى ياخشى ئۆگەندى. ھەر كېچىسى سەتار ياكى تەمبۇر چېلىپ، ئۆزى يازغان غەزەللەر بىلەن ھەمد ئېيتىپ بىھوش بولۇپ كېتەتتى. ناۋا دېگەن بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە تارقاتتى.»① دەرۋەقە، نەۋائى ھەققىدىكى باشقا تارىخىي مەنبەلەردىمۇ نەۋائى ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. مۆجىزى يۇقىرىقى مەلۇماتىدا «ناۋا» مۇقامىنى نەۋائى ئىجاد قىلغان، دەپ كۆرسىتىدۇ، مۆجىزىنىڭ بۇ مەلۇماتى تېخى ئىسپاتلاشتىن ئۆتمىگەن رىۋايەت خاراكتېرلىك پەرەزدىن ئىبارەت. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مۆجىزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى «مۇقام» چۈشەنچىسى تار مەنىدىكى يەككە نەغمىلەر بىلەن چەكلەنگەن بولۇپ، ھازىرقى كۆپ قىسىمدىن تەركىب تاپقان يۈرۈشلەشكەن چوڭ تىپتىكى مۇزىكا قۇرۇلمىسىدىن پەرقلىنىدۇ، يەنى ھازىرقى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇقاملاردا باشلىنىش مۇزىكىسى دېيىلىدىغان چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمە مۆجىزىنىڭ مەزكۇر رىسالىسىدە «مۇقام» دەپلا ئاتالغان. مۇشۇ مەنىدە «ناۋا دېگەن بىر مۇقام» نى نەۋائى ئىجاد قىلدى (مۆجىزىنىڭ قارىشى) دېيىشىمىز رېئاللىقتىن يىراق بولمىسا كېرەك. دەرۋەقە، ھازىرقى يۈرۈشلەشكەن ناۋا مۇقامىنىڭ تېكىستلىرىنى كۆزدىن كەچۈرسەك، باشلىنىش مۇزىكىسىدىن تارتىپ تەزىسى، جۇلاسىغىچە دېگۈدەك نەۋائىنىڭ غەزەللىرى تېكىست قىلىنغان. مۆجىزى «مۇقام» ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندە ھامان ئۇنىڭغا قايسى

① موجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 55 - ، 56 - بەتلەر.

شائىرنىڭ قايسى غەزىلى سېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇ مۇقامنىڭ بارلىققا كېلىشىنى شۇ شائىرنىڭ نامى بىلەن باغلايدۇ. بۇنداق قاراش گەرچە ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ پەيدا بولۇشىنى ئېنىق جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك سىستېمىلىشىشى ۋە يۈرۈشلىشىشىدە نەۋائىيغا ئوخشاش بۈيۈك سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىي ھەسسىسىنى جەزملەشتۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نى كلاسسىك مۇزىكا قامۇسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتە ئاساس بولغان ئامىللارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ مۇزىكا - كۈي قۇرۇلمىسىدىكى مۇكەممەللىك ۋە مىللىي تېمپېراتسىيىلىك ئالاھىدىلىك؛ يەنە بىرى، تاللانغان تېكىستلارنىڭ كلاسسىكلىق ئالاھىدىلىكىدۇر.

مەلۇمكى، ئۆتمۈشتىكى يازغۇچى-ئەدىبلەر ياكى تارىخىي مىراسلارنىڭ ھەممىسىنى قارا-قويۇقلا «كلاسسىك» دېگەن نام-شەرەپ بىلەن سۈپەتلىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى «كلاسسىك» دېگەن بۇ نامنىڭ ئىستېمال مەنىسى تارىختا تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن يۈكسەك ۋەكىللىك قىممىتى بولۇپلا قالماستىن، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدىغان، تارىخ بېتىگە ئالتۇن ھەل بىلەن پۈتۈلۈپ خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان بۈيۈك تارىخىي ئابىدىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ كلاسسىك مۇزىكا قامۇسى بولۇپ قېلىشىدا ئۇنىڭغا تاللانغان تېكىستلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نى تەتقىق قىلغاندا، چوقۇم ئۇنىڭ مۇزىكا قۇرۇلمىسىنى ئەدەبىيات قىسمىدىن (تېكىستتىن) ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، مۇزىكا بىلەن شېئىر ئەسلىدە بىر گەۋدە بولۇپ، ھەر

ئىككىسى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاسىتىسىدۇر. ئەل فارابى ئۆزىنىڭ «رىسالەئى مۇغەننىيۇن»(سازەندىلەر رىسالىسى) دېگەن كىتابىدا «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنسانىنىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر (تېكىست) قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ»① دەپ كۆرسەتكەن. ئەبۇئەلى ئىبنى سىنامۇ مۇزىكىنى ئىنسانلار نۇتقىنىڭ ئىنتوناتسىيەلىك تەرەققىياتى، نۇتۇقىنىڭ ئاھاڭغا سېلىنىش سەنئىتى، دەپ قارىغان. دەرۋەقە، مۇزىكا-كۈيىنىڭ ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، كەيپىياتنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولۇشتەك مىسلىسىز مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگە بولۇشىدا مۇۋاپىق تېكىستىنىڭ رولىنى زادى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» نىڭ كلاسسىك خاراكتېرى ئەنئەنىۋى ھالدا نەۋائىيغا ئوخشاش كلاسسىك شائىرلارنىڭ نامى بىلەن زىچ باغلانغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تېكىستلىرى مۇزىكا كۈيىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرىدا كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ يېڭىلانغانلىقى مەلۇم، لېكىن سۇلتان ئابدۇرەشىتخان (مىلادى 1510-يىلى تۇغۇلۇپ، 1560-يىلى ۋاپات بولغان) دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ۋە مۇقامشۇناس قىدىرخان ياركەندى باشچىلىقىدىكى چوڭ رەتلەشتە«ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرى مۇزىكا مېلودىيەسى ۋە رىتىمىگە ماس بولغان كلاسسىك شېئىرلار بىلەن يېڭىلىنىپ بىر قەدەر نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولغان. مۆجىزىنىڭ رىسالىسىدىكى«بۇ پەننىڭ ئون ئۈچىنچى پىرى قىدىرخان ياركەندىدۇر. بۇ پەندە

① مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 53-بەت.

بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى»① دېگەن بايانغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى يۇرۇشلەشكەن «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرى ئىچىدە نەۋائىي غەزەللىرىنىڭ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىشى قىدىرخان ياركەندىنىڭ ئەمگىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەممە مەشھۇر خەلق سازەندىسى، مۇقامشۇناس تۇرداخۇن ئاكا ساقلاپ قالغان «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تېكىستلىرى جەمئىي 2683 مىسرا بېيىتتىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزەللىرى 1274 مىسرا بولۇپ، پۈتۈن تېكىستنىڭ 48 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بارلىق «چوڭ نەغمە»لىرىگە (مۇقامنىڭ باشلىنىشى، تەزىسى، نۇسخىسى، سەلىقىسى، چۇشۇرگىسى، جۇلاسى، تەكىتى قاتارلىقلار) ئاساسەن نەۋائىينىڭ غەزەللىرى تېكىست قىلىنغان. ھەر بىر مۇقامنىڭ تېكىستلىرىنى تەكشۈرگەندە، راك مۇقامىنىڭ تېكىستى 205 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىينىڭ شېئىرلىرى 61 مىسرا. چەببىيات مۇقامى 261 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىينىڭ شېئىرلىرى 146 مىسرا. مۇشاۋىرەك مۇقامى 357 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىينىڭ شېئىرلىرى 186 مىسرا. چارىگاھ مۇقامى 190 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىينىڭ شېئىرلىرى 98 مىسرا. پەنجىگاھ مۇقامى 226 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىينىڭ شېئىرلىرى

---

① مۆجىزى: «تاۋارىخى مۇسىقىييۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 58 - بەت.

94 مىسرا. ئۆزھال مۇقامىنىڭ شېئىرلىرى 248 مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىنىڭ شېئىرلىرى 86 مىسرا. ئەجەم مۇقامىنىڭ شېئىرلىرى 143 مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىنىڭ شېئىرلىرى 83 مىسرا. ئۇشاق مۇقامىنىڭ شېئىرلىرى 256 مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىنىڭ شېئىرلىرى 142 مىسرا. بايات مۇقامىنىڭ تېكىستى 196 مىسرا شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىنىڭ شېئىرلىرى 112 مىسرا. ناۋا مۇقامىنىڭ تېكىستى 201 مىسرا شېئىر بولۇپ، نەۋائىنىڭ شېئىرلىرى 98 مىسرا. سىگاھ مۇقامىنىڭ تېكىستى 62 مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىنىڭ شېئىرلىرى 40 مىسرا. ئىراق مۇقامىنىڭ تېكىستى 102 مىسرا شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىنىڭ شېئىرلىرى 26 مىسرا. ئابۇچەشمە مۇقامىنىڭ تېكىستى 228 مىسرا شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىنىڭ شېئىرلىرى 102 مىسرا. قالغان تېكىستلارنىڭ بىر قىسمى (تەخمىنەن 781 مىسرا شېئىر بولۇپ، ئومۇمىي تېكىست سانىنىڭ 32 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ) كىملاسىنىڭ شائىرلاردىن فۇزۇلى (ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان «چاغاتاي» ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، مىلادى 1504-كەربالا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1562-يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان)، لۇتفى (ئەبەيدۇللا لۇتفى 1366-يىلى تۇغۇلۇپ 1465-يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى)، ئەھمەت يەسسەۋى (11-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 12-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيا سوفىزىم ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. مىلادى 1160-يىلى ۋاپات بولغان)، مەشرەپ (تولۇق ئىسمى بابارەھىم مەشرەپ 1657-يىلى تۇغۇلۇپ، 1711-يىلى ۋاپات بولغان)، ھۇۋەيدا (18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلۇپ، مىلادى

1780 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، ئەمىرى (يۈسۈپ ئەمىرى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سەمەرقەنتتە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر)، زەلىلى (مۇھەممەت سىدىق زەلىلى (1678 ـــ 1759 ـ يىللاردا ياشاپ ئۆتكەن يەركەنتلىك شائىر)، نەۋبىتى (1692 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋاپات ئەتكەن خوتەنلىك شائىر)، ھاجى ئەلى (مەۋلانە ئەلى خوراسان پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارا زامانىدا (1470 ـــ 1505 ـ) بايقارانىڭ دىۋانخانىسىدا خەتتاتلىق ۋە مۇغەننىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئىران شائىرى)، سوپى ئاللايار (18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن)، موللا بىلال (موللا بىلال ئىبنى موللا يۈسۈپ 1823 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1899 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئىلىلىق شائىر)، سەبورى (ئەمىر ھۈسەيىن سەبورى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى تۇغۇلۇپ، 19 ـ ئەسىردە ۋاپات بولغان قەشقەرلىك شائىر) قاتارلىق ئون نەچچە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان. قالغان 526 مىسرا شېئىر ئاساسەن خەلقنىڭ بولۇپ، ئومۇمىي تېكىستنىڭ 20 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تېكىستلار «غېرىب ـ سەنەم»، «ھۆرلىقا ـ ھەمراجان»، «باباروشەن»، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا»، «سەنوبەر» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانغان بولۇپ، «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ «داستان» قىسمىنى تەشكىل قىلغان. بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھازىرقى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تېكىستلىرى ئىچىدە نەۋائى غەزەللىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ سانلىق مەلۇماتىمىز مۇقامشۇناس تۇرداخۇن ئاكىنىڭ 1956 ـ يىلى ئېيتىپ بەرگەن «ئون ئىككى موقام» نىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغان بولۇپ، بەزى سەۋەنلىكلەردىن خالىي ئەمەس. شۇنىسى ئېنىقكى، «ئون ئىككى

مۇقام» دەسلەپ رەتلەنگەن قىدىرخان ياركەندى دەۋرىدە مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئاساسىي كەۋدىسى نەۋائىي غەزەللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، نەۋائىينىڭ غەزەللىرىنى مەزمۇن قۇرۇلمىسى ۋە ھېسسىي تۇيغۇ جەھەتتىن ئانالىز قىلغاندا، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»ىنىڭ مۇزىكا قۇرۇلمىسى ۋە كۈي رىتىمىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ، بىر پۈتۈن ھېسسىيات بىرلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. تېكىست بىلەن مۇزىكا كۈيىنىڭ ئەنە شۇنداق ئىچكى ئورگانىك باغلىنىشى بولغاچقا، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزۈلمەس دولقۇندەك داۋاملىشىپ بۈيۈك ئابىدە سۈپىتىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن ۋە ئىختىيارسىز ھالدا كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالالىغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىز جۈملىدىن دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئەھمىيەتلىك تارىخىي تۆھپىسى بولغان كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنى كلاسسىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىشتا ئۆچمەس ئەمگەك سىڭدۈرگەن ۋە «دىل رىشتىدىن يىپ ئېشىپ» مۇقام كۈيىگە تەقدىم قىلغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نەۋائىينى يەنە بىر قېتىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز.

خەلقئارا بويىچە نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىق خاتىرىسى چوڭ تەنتەنە قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە نەۋائىينى ئۆز شائىرى دەپ بىلىدىغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن بىرلىكتە ئىپتىخارلىنىشقا ۋە مەڭگۈ يادلاشقا ھەقلىق، ئەلۋەتتە.

# ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئېللىنىزم مەدەنىيىتى

«قەدىمكى دۇنيا نەقەدەر دىلبەر! ئۇنىڭ ھاياتىدا جىمىكى ئۇلۇغلۇق، ئالىيجاناپلىق، جاسارەت ئۇرغۇ بار. چۈنكى بۇ ھايات — شەخسىنىڭ غۇرۇرى، شەخسىنىڭ قەدىر-قىممىتىگە دەخلىسىزلىك ئاساسىغا قۇرۇلغاندۇر.»

— بېلىنىسكى

## I

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت مەنبەلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا چۈشەنچىسى بىر جۇغراپىيىلىك نام بولۇپ، ئۇ غەربتە كاسپىي دېڭىزىدىن شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغىچە، جەنۇپتا ھىمالايا تېغىدىن شىمالدا ئالتاي تېغىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاساسلىقى ئامۇ دەريا بىلەن سىر دەريادىن ئىبارەت ئىككى دەريانىڭ بويلىرىدىكى رايونلار (تارىختا ماۋارە ئۇننەھر دەپ ئاتالغان جايلار) نى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشلارمۇ بار. ھازىرقى زامان جۇغراپىيىلىك ئۆلچىمى بويىچە ئايرىغاندا، قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان قاتارلىق رايونلار شەرتلىك ھالدا ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىدۇ. لېكىن قەدىمكى تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئاشۇ نوقۇل چېگرا بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ياپونىيىلىك

ئالىم يۈي تىيەنخېڭنىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق كىتابىدا، قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ «غەربىي يۇرت» دېگەن بۇ نام كەڭ مەنىدە ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆرسىتىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئۇ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن غەربىي يۇرت دېگىنىمدە، ئاساسەن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان رايوننى، شۇ جۈملىدىن دەريالىرى ئاساسەن دېڭىزغا قۇيۇلمايدىغان كەڭ جايلارنى كۆزدە تۇتتۇم. «شۇنداق قىلىپ» بۇ نام ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلار ئاساسەن پامىر ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلىدۇ ۋە شەرقتە لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان، تارىم دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى؛ شىمالدا ئىسسىق كۆل، بالقاش كۆلى ۋە ئالا كۆللەرگە قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ ۋادىلىرىنى، يەنى ئىلى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى؛ غەربتە چۇ، تالاس دەريالىرى ۋادىلىرىنى ۋە ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ ۋادىلىرىنى يەنە غەربىي تۈركىستاننى؛ جەنۇبتا قارا قۇرۇم (كوئېنلۇن) ۋە ھىندۇقۇش تاغ تىزمىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلارنى كۆرسىتىدۇ.» ① بىزمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە نەزەرىمىزنى ئاشۇ جايلارغا تىكىمىز. چۈنكى بۇ رايونلار تارىختا نىسپىي ھالدا ئۆزىگە خاس بىر مەدەنىيەت بەلبېغى ھېسابلانغان. شۇنداقلا بۇ جايلار «سىياسىي جەھەتتە قەدىمدىن تارتىپ بىر-بىرى بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن، گاھىدا كۆپ قىسمى، گاھىدا ھەممىسى مەلۇم بىر

① «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1-، 2-بەت.

تەسىر كۆچ ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن.» ① «شۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدىكى خىلمۇ خىل ئىرقلار ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي ھالدا ئۆزئارا قوشۇلۇش پەيدا بولغان.» ② دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى — بىر مۇنچە مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت قىلىش، يۆتكىلىش، كۆچۈش تارىخىدۇر.

تارىخشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى، دەپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. قىسقىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تارقىلىشىدا تۈگۈنلۈك (كۆۋرۈكلۈك) رول ئوينىغان. چۈنكى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشتا، دېڭىز قاتنىشى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەڭ ئاساسلىق قاتناش يولى بولغانىدى. قەدىمكى «قاشتېشى يولى»، برونزا (مىس) مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولغان «برونزا يولى» ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن «يىپەك يولى» مۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى تۈگۈن قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى دەۋرلەردە ئېتنىك تەركىبى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان خىلمۇ خىل سىياسىي ئىمپېرىيىلەر ۋە ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلۇپ، مۇرەككەپ سىياسىي ۋەزىيەت شەكىللەندۈرگەن. بۇ ھاكىمىيەتلەر سىياسىي جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىياغا قانچىلىك بالايىئاپەت كەلتۈرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئوبيېكتىپ جەھەتتە شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم مەدەنى-

①، ② «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 -، 4 - بەتلەر.

يتىنىڭ بارلىققا كېلىش قەدىمىنى تېزلەتكەن. بىز بۇ ماقالىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئاشۇ بىر نۇقتا ئۈستىدە توختىلىمىز. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش يالغۇز ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ (جۈملىدىن غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ) مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

I

ئېللىنىزم ئاتالغۇسى ئەڭ دەسلەپ بىرخىل گرېك مەدەنىيىتى تېپىنىڭ نامى سۈپىتىدە گرېتسىيە يېرىم ئارىلىدىكى ئېلىيادا شەھرىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇ، دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدا «يۇنان ئېللىنىزمى» دەپ ئاتالغان. ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەرنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى بىلەن بىرلىكتە يۇنان ئېللىنىزمى ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىپ ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم مەدەنىيەت تېپىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئېللىنىزم تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى گرېك تىلىنىڭ باشقا تىللارغا كۆچۈرۈلگەن خۇسۇسىيەتلىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ تارىخ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ تارقالغان دەۋرى، يەنە شەرقتە ئىسكەندەر ئىستېلاسىدىن كېيىنكى دەۋرگە قارىتىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى قەدىمكى دەۋرلەردە قانات يايغان غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سى-

ياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئۇ، مۇرەككەپ تارىخىي كەچۈرمىشلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

ئىرامىزدىن بۇرۇن VII ـ ئەسىردە قۇرۇلغان ئىران ئاھامانىلار خانلىقىنىڭ باسقۇنچىلىق سىياسىتىگە قارشى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى تاكى ئىرامىزدىن بۇرۇنقى IV ـ ئەسىرگىچە 300 يىل داۋام قىلدى. بولۇپمۇ ئاھامانىلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى دارا[1] (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 522 — 486-يىللار) دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىران باسمىچىلىرىغا قارشى كۈرىشى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. شۇنداق بىر مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 334 ـ يىلىدا ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئەرەب تىلىدا زۇل ـ ئىگە، قەرن ـ تەرەپ (تامان) دۇنيانىڭ ھەر ئىككى تەرىپى، ئەيىن ئىگىلىك قوشۇمچىسى بولۇپ، «ئىككىلا تەرەپ (تامان) نىڭ ئىگىسى» دېمەكتۇر) 3 مىڭ پىيادە ۋە 5 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆتۈپ، شىددەتلىك جەڭلەر ئارقىلىق ئاھامانىلار ئىمپېرىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. شۇندىن كېيىن ئىسكەندەر ئاھامانى قوشۇنلىرىنى ئامۇ (جەيھۇن) دەريا بويلىرىغا قوغلاپ كېلىپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 329 ـ يىلىدا ناۋتاكا ۋە ماركەنت (سەمەرقەنت) قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 331-يىلى ئاھامانىلار پادىشاھى دارا ‹‹ گانگامىلا ئۇرۇشىدا ئىسكەندەردىن يېڭىلىپ، باكتىرىيىگە قېچىپ كەلگەن. باكترىيە ھىراۋۇلى بېسۇئوس (Besseos) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىسكەندەر يەنە بېسۇئوس ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ باكترىيىگە بېسىپ كىردى ۋە سىر (سەيھۇن) دەرياسىدىن

ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى خوجەند يېنىدا قەلئە قۇرۇپ ئۇنى «يىراق ئىسكەندىرىيە» دەپ ئاتىدى. ئەمدى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خارەزىمدىن تاشقىرى جايلىرى ئىسكەندەر ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندى. ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باسقۇنچىلىق ھەرىكىتى يەرلىك خەلقنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. سەمەرقەنتتە سوغدىيانلارنىڭ ئىستىبداتلىق لەشكەر باشچىسى سىپتامىن تەرىپىدىن كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ ۋە سىپتامىننىڭ ئىسكەندەر باسقۇنچىلىقىغا قارشى مەردانە كۈرەشلىرى ھەققىدە ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە خەلق تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كەلگەن قەھرىمانلىق قوشاقلىرى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ باسقۇنچىلىق سىياسىتىگە بولغان نارازىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىسكەندەر قوشۇنلىرىغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گاھ ئۇ يېرىدە، گاھ بۇ يېرىدە تىنىمسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان خەلق قوزغىلاڭلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئاسىيانى پۈتۈنلەي بىسىۋالغاندىن كېيىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 327 - يىلى ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇ رايونلارنىمۇ بۆيۈك ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسى دائىرىسىگە قوشۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇنداق قىلىپ ئىسكەندەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى ئارقىسىدا بىر تەرىپى ئادرىياتىك دېڭىز قىرغاقلىرىدىن ھىندى دېڭىزىغىچە، يەنە بىر تەرىپى يۇقىرى نىلدىن سىر دەريا ۋە ئامۇ دەريا ساھىلىغىچە بولغان ناھايىتى چوڭ تېررىتورىيىنى ئىشغال قىلغان ئەشۇ دەۋردىكى شەرقنىڭ بارلىق مەدەنىي مەملىكەتلىرىنى بىرلەشتۇرگەن يېگانە مونارخىيە دۆلىتى ۋۇجۇدقا كەلدى. تۈرلۈك قەبىلە - مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بۇ تېررىتورىيە جۇغراپىيىۋى چۈشەنچە دائىرىسىدىن چىقىپ، بىر

خىل مەدەنىيەت ئورگانىزمغا ئايلاندى.

ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى شەرقنىڭ يۇنان ۋە باشقا ياۋروپا مەملىكەتلىرى ھەمدە خەلقئارا سودا يوللىرى بىلەن ئۇلىنىشىغا، شۇنىڭ بىلەن سودا-سېتىق ۋە سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنداق قىلىپ، قەدىمكى شەرق مەملىكەتلىرى ئەمدىلىكتە يۇناننىڭ راۋاجلانغان قۇل-دارلىق تۈزۈمى دۆلەت ئوربىتىسىغا قوشۇلغانىدى. بۇ بولسا كېيىنچىرەك شەرقتە مەركەزلەشكەن يىرىك ئېلىنىستىك دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى شەرق ئەنئەنىسى بىلەن بۈيۈك يۇنان مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ راۋاجىغا، ئۇنىڭ تەسىرىدىن بارلىققا كەلگەن ئىنسانىيەت روھى-مەنىۋى راۋاجىنىڭ يېڭى دەۋرى — شەرق ئېللىنىزم دەۋرى مەدەنىيىتىگە ئاساس سالدى.

ئىسكەندەرنىڭ شەرقتە ئېلىپ بارغان سىياسىتى، يۇنان خەلقىنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇرۇن ئۆزى قەدىرلەپ تاپقان ئىنتايىن يۈكسەك ئىنسان مەدەنىيىتىنى (ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنى) شەرققە ھەددىيە ئېتىشىگە زېمىن ھازىرلىغانىدى. ئىسكەندەر يۇنان گۇمانىزمىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى قانچىلىك پاراكەندىچىلىككە سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆزىنىڭ بېسىپ ئالغان يەرلىردە دوستلۇق، تىنچلىق ۋە ئۆزئارا ئىناقلىق غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلدى. ئۇ ئاشۇ تارىخي شارائىتتا مەۋجۇت بولغان قاراشلارغا، يەنى «يۇنانلار» ۋە «ۋارۋارلار» (ياۋايىلار) دەپ ئادەملەرنى ئىككى تەبىقىگە ئاجرىتىپ، يۇنانلارنى باشقا خەلقلەردىن يۇقىرى قويۇش ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى تۇردى ھەمدە «يۇنانلار»

بىلەن «ۋارۋارلار» نى بىرلىشىشكە چاقىردى. پولۇ تارىخ: «ئىسكەندەر يەرلىك خەلقنىڭ هاياتى بىلەن يېقىنلىشىشقا، ئۇلارغا ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ زوراۋانلىقتىن كۆرە ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە ئارىلىشىپ كېتىش ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ياخشىراق مۇستەھكەملەيدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسكەندەر يەرلىك خەلقلەردىن 30 مىڭ بالىنى تاللاپ ئېلىپ، يۇنانچە خەت ساۋاتلىق قىلىشقا، ماكېدونىيە ھەربىي ئىلمىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇق بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ناهايىتى كۆپ ئوقۇتقۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى» ① دەپ يازغان.

ئىسكەندەر يەرلىك خەلقلەرگە يېقىنلىشىش، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەتتا يەرلىكچە كىيىنىپ يۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ يەرلىك مىللىي مۇراسىملىرىغا ھەۋەس بىلەن قاتناشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر مىللىي مۇراسىمدا يەرلىك خەلقلەردىن رۇشەنئاي (راكسىنا) دېگەن ئۇسسۇلچى قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن ھەمدە ئوردىسىغا يەرلىك خەلقلەردىن ئۇسسۇلچى ۋە مۇزىكانتلارنى تەكلىپ قىلغان.

ئىسكەندەر قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ كەلگەندە، بۇ رايون ئىنتايىن باي بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ۋە ئاۋات شەھەرلىرى بولغان. يۇنان تارىخچىلىرىدىن كىۋىنت رۇفىنىڭ شاھىتلىق قىلىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن ھېسابلانغان ماراكەند (سەمەرقەنت) ئىسكەندەر قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغان

---

① م. راھمانوپ: «ئۆزبېك تىياتىرى» تاشكەنت، 1975 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 77 - بەت.

مەزگىللەردىلا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 - يىل) مۇستەھكەم ئىستېھكاملارغا ئىگە ئاۋات شەھەر بولۇپ، خەلقى مەرت، يۇقىرى مەدەنىيەتلىك ۋە ئالىيجاناپ بولغان. بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىسكەندەر: «ماراكەنتنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە نىمىنى ئاڭلىغان بولسام، ھەممىسى ھەقىقەت چىقتى. شۇنى ئېتىراپ قىلايكى، ئۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن ھەم چىرايلىق ئىكەن» ① دەپ قايىل بولغان.

قەدىمكى ئالىملاردىن كىۋنت روفىنىڭ ھېكايە قىلىشىچە: ماكېدونىيىلىكلەر ماراكەنتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن نام چىقارغان 30 چە سوغدىيانلىق ئەسىرنى ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئەسىرلەر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى تەرجىمان ئارقىلىق بىلىۋالىدۇ. شۇنداق پەيتتىمۇ ئۇلار ناخشا ئېيتىپ، ئويۇنغا چۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇرسەندىچىلىكلىرىنى، تىز پۈكمەيدىغانلىقلىرىنى ئىپادىلەشكە باشلايدۇ. ئۆلۈم ئالدىدىكى بۇ جاسارەتتىن ھەيران قالغان ئىسكەندەر ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە بۇيرۇق بېرىدۇ.

دېمەك، ئىسكەندەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ دەۋردە، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك خەلقلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولى بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە گىرىشكىلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ھەرخىل چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىققانىدى.

بىراق ئىسكەندەرنىڭ مۇنداق يىرىك مۇنارخىيە دۆلىتىنىڭ بىرلىكى ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. ئىسكەندەر مىلادىدىن بۇرۇن 323 - يىلى ھىندىستاندىن قايتىش سەپىرىدە ئاغ-

① م. راھماتوپ: «ئۆزبېك تىياتىرى» تاشكەنت، 1975 - يىل، 77 - بەت.

رىپ ئۆلدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئارىسىدا
ئىچكى يېغىلىق يۈز بېرىپ، ئىسكەندەر تەشكىل قىلغان ئىنتايىن
چوڭ مۇنارخىيە ئۈچ يىرىك دۆلەتكە (يۇنانىستان بىلەن ماكىدونىيە
دۆلىتىگە، پېتولومېيىنىڭ مىسىر دۆلىتىگە ۋە سېلېۋاكىنىڭ ئاسىيا
دۆلىتىگە) بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ تەخمىناتتا ئىسكەندەرنىڭ تالانت-
لىق سەركەردىلىرىدىن سېلېۋاك (سېلېۋكوس نىكاتۇر) قا مىلا-
دىدىن بۇرۇنقى 312 - يىلىدا مىسوپوتامىيە ۋە ئۇنىڭ شەرقى-
دىكى دۆلەتلەر بېرىلدى. سېلېۋاك تېز ئارىدا مىسوپوتامىيە،
ئەرمىنىستان، ئىراندىن تاشقىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سوغدى-
يانا، باكتىرىيە، مەرۋى ۋىلايەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇيۇشقان
سېلېۋاك خانلىقىنى قۇردى. سېلېۋاك خانلىقى دەۋرىدە
ئوتتۇرا ئاسىيادا گرېكلەشتۈرۈش (ئېللىنىزم) ئېقىمى تېخىمۇ
كۈچەيدى. سېلېۋاك سوغدىيانا ۋە باشقا يەرلەردە ئىسكەن-
دەر ۋاقتىدا يەرلىك كىشىلەردىن قويۇلغان ھۆكۈمدارلارنى
ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ماكىدونىيىلىكلەرنى تەيىنلىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەرنىڭ كېلىشتۈرمىچىلىك سىياسىتىگە
خاتىمە بېرىپ، دۆلەتنى قورال كۈچى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇش
سىياسىتىگە كۆچتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 250 - يىلىغىچە سې-
لېۋاك خانلىقى دەۋرىدە يۇنان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ شەرققە،
شۇ جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بالخ (باكتىرىيە)، مەرۋى،
سەمەرقەنت قاتارلىق يىرىك شەھەرلىرىگە كۆچۈشى كۈچەي-
دى. ئۇلار ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە
بىر تەرەپتىن يۇنانلىقلارنى ئالىي جىنسلىقلار دەپ يۇقىرى
كۆتۈرۈپ يەرلىك ئاھالىنى بېسىش يولىدا قاتتىق قوللۇق
سىياسەت قوللاندى. يەنە بىر تەرەپتىن مەھەللىۋى مەدەنى-
يەتنى چېكىرلاپ، يۇنان مەدەنىيىتىنى كەڭ تارقاتتى. نەتى-
جىدە بۇ دەۋردە يۇنان مەدەنىيىتى ئۇسلۇبى، يۇنان ئۆرپ-

ئادەتلىرى، يۇنان تىلى، يۇنان تىياتىرى كەڭ كۆلەمدە تار-قىلىشقا باشلىدى. ئىستېلا ئېتىلگەن شەرقنىڭ بېيساب باي-لىقلىرى يۇنان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندى. ھەر قايسى ھۆكۈمدارلار ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بىر-بىرىدىن ئېشىپ كېتىش مەقسىتىدە يېڭى شەھەرلەر قۇردى. يۇنان ئۇسلۇبىدا ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەر تىكلەپ، ئۇلارنى گۈزەل تەسۋىردى سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن بېزىدى. ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنەتلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن سارايلىرىنى يۇنان ئەدە-بىيات-سەنئەت نامايەندىلىرى بىلەن تولدۇردى ۋە دۇنياغا داڭلىق يۇنان تراگېدىيىلىرى ئوينالدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 250-يىلدا سېلېۋكىلارنىڭ باكتېرى-يىدىكى ئەمەلدارى دىئودوت سېلېۋكىلارغا قارشى كۆرەش قى-لىپ گرېك باكتېرىيە دۆلىتىنى قۇردى. ئۇ ئاسىيانىڭ يەر-لىك كۈچلەرگە تايىنىپ قۇرۇلغان دۆلەت بولۇپ، مەركىزى باكتېرىيە (بەلخ) شەھىرى ئىدى. گرېك-باكتېرىيە دۆلىتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ۋە I ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ھۆكۈم سۈ-رۈپ 150 يىل ياشىدى. گرېك-باكتېرىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى گەرچە يۇنانلار بولسىمۇ، بۇ ھۆكۈمدارلار يەرلىك ئاھالىنى چەتكە قاقماسلىق، ئۇلارغا تايىنىش سىيا-سىتىگە ئەمەل قىلدى. نەتىجىدە گرېك-باكتېرىيە دۆلىتى-نىڭ تەسىر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى، كۈچ-قۇۋۋىتى، شانۇ-شۆھرىتى ئاشتى. بولۇپمۇ گرېك-باكتېرىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى ئېۋتىدىمنىڭ ئوغلى دېمىترى دەۋرىدە (م. ب 189 — 167) بۇ دۆلەت ئىنتايىن تەرەققىي تاپتى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى شەھەرلەر بىنا قىلىشقا چوڭ ئېتىبار بەردى. ئامۇ دەريا بويىدىكى دېمىترىيا شەھىرى شۇ مەزگىلدە قەد كۆتۈردى.

گرېك - باكترىيىنىڭ سېلېۋاكىلار دۆلىتىدىن ئاجرى-
لىپ چىقىشى بىلەن بىللە پارفىيە ھەم ئاجرىلىپ چىقىپ
مۇستەقىل دۆلەت بولۇۋالدى. پارفىيادا سېلېۋاكىلار تەرى-
پىدىن قويۇلغان ئەمەلدارلارغا قارشى تەجەن دەرياسى ۋادى-
سىدا ياشىغان دىمى قوۋمىنىڭ يولباشچىلىرىدىن ئارشاك
(ئارساك) بۇ ھەرىكەتكە باشچىلىق قىلغاچقا، تارىختا ئارشاك
دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى ئاشخاباد
يېنىدىكى نىسا شەھىرى ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 223 - يىل-
غا كەلگەندە سېلېۋاك سۇلالىسىدىن ئانىتوكوس II تەختكە ئول-
تۇرۇپ ئارشاك دۆلىتىنى قايتا بويسۇندۇردى. شۇنداق قىلىپ
باكتېرىيە دۆلىتى ئىچىدە بۇنداق بۆلۈنۈش ۋە بىرلىشىش
ھادىسىلىرى كۆپ قېتىم تەكرارلىنىپ تۇردى. پەقەت مىلادى-
دىن بۇرۇنقى 140 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە گرېك - باك-
ترىيە دۆلىتى ئۇلۇغ ياۋچىلار (توخارلار) تەرىپىدىن مۇن-
قەرز قىلىنىپ، تارىختىكى توخارىستان دۆلىتى بارلىققا كەلدى.
شۇڭغىچە ئىسكەندەردىن باشلانغان يۇنانلىقلارنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ھاكىمىيىتى 300 يىل ئەتراپىدا داۋاملاشتى.

بولۇپمۇ گرېك - باكترىيە دۆلىتى دەۋرىدە ئوتتۇرا
ئاسىيا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى تېز راۋاجلاندى. بۇ دەۋردە
يۇنان ھۆكۈمرانلىرى يۇنانىستىن ئارخىتېكتورلار، ھۈنەرۋەن
ئۇستىلار، رەسساملار، ئاكتيورلار، سازەندە ۋە ئۇسسۇلچىلار،
يارغۇچىلار، ئالىملار ۋە باشقا تۈرلۈك كەسىپ ئىگىلىرىنى ئوت-
تۇرا ئاسىياغا ئالدۇرۇپ كېلىپ، كلاسسىك يۇنان ئادەتلىرىگە
تەقلىدىي ھايات كەچۈرۈشكە ئىنتىلدى. شەھەرلەرگە يىرىك
مالىيە ۋە سانائەت ئىگىلىرى، سودىگەرلەر، مىڭلاپ يۇنان ۋە
يەرلىك ھۈنەرۋەن - كاسىپلار توپلىشىپ شەھەر ھاياتى بارغان-
سېرى ئاۋاتلاشتى. بۇ ھال ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھايا-

تىدا زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلدى. گرېكلار بىلەن يەرلىك خەلقلەرنىڭ بارغانسېرى بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ سىڭىپ كېتىشى گرېك مەدەنىيىتى بىلەن يەرلىك خەلقلەر مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقە ۋە ئۆزئارا تەسىر يۈزلىنىشىنى تېزلىتىشكە سەۋەب بولدى. ھەتتا بۇ دەۋردە يۇناندىكى ئېتىقاتلىرى بىلەن يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەھەللىۋى دىنىي ئېتىقادلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە يۇنان مەدەنىيىتى يەرلىك مەھەللىۋى مەدەنىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە، مەھەللىۋى مەدەنىيەتمۇ يۇنان مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتتى.

ئېللىنىزم — قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن I ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزمىنى پەقەت نوقۇل مەدەنىي تارىخىي ھادىسە دەپلا قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ دەۋردە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە كۆتۈرۈلۈش، يۈكسىلىش يۈز بەردى. ئىلگىرى تارىختا بولمىغان يېڭى تىپتىكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي دۆلەتلەر بىرلەشمىسى مەيدانغا كەلدى. بۇ يېڭى بىرلەشمە دۆلەتلەر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەپتىن تار رامكىدىكى مۇستەقىللىككە ئىگە بولغان يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىگە ئوخشىمايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئىپتىدائىي جامائەت تۈزۈمى شەكلىنى بىكار قىلىپ، قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىمۇ ئەنە شۇ دەۋر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىقتىسادىي ئىگىلىك تۈزۈمى جەھەتتىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر مۇقەررەر ھالدا يەرلىك خەلق مەدەنىيىتى بىلەن چەتتىن كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر جەريا-

ئىنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ باردى. نەتىجىدە يېڭى ئارىلاش
مەدەنىيەت - ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە زېمىن
ھازىرلىدى. بۇ كۆپرەك ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، مىمار-
چىلىق، ۋە تىياتىر سەنئىتى قاتارلىق ساھەلەردە روشەن
گەۋدىلىنىدۇ. قۇلدارلىق جەمئىيىتى دەۋرىدە ئوتتۇر ئاسىيادا
باياشاتچىلىق غايىلىرىنىڭ راۋاجى نەتىجىسىدە باھاردا ياكى
مول - ھوسۇل يىغىپ ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆتىدىغان بايرام
ۋە ئەيش - ئىشرەت مۇراسىملىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ خىللىرى
پەيدا بولغان. شۇلاردىن بىرى ئۈزۈم ھوسۇلى يىغىپ ئېلىن-
نىپ مۇسەللەس سۈزۈلگەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەي ۋە ئەيش -
ئىشرەت بايرىمىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دېھقانچىلىق ۋە ئۈ-
زۈمچىلىك رايونلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ بايرام مۇزىكا،
ئۇسسۇل، قوشاق ۋە تۈرلۈك خەلق ئويۇنلىرى بىلەن ئىنتايىن
قىزىقارلىق ئېلىپ بېرىلغان. چۈنكى ئۈزۈمنىڭ دۇنيادىكى
تۈرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەسلى ماكانىنى، ئېنىقلاش ساھەسىدە
ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى،
ئۈزۈم بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆستۈرۈلگەن، ئۇنىڭ
ناھايىتى كۆپ تۈرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشقا رايونلارغا
تارقالغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەرغانە، تۇرپان قاتارلىق ئۈ-
زۈمچىلىك رايونلىرىدا مىلادىدىن بۇرۇنلا ۋىنوچىلىق خېلى
يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭغا ئېلى-
مىزنىڭ ئاتاقلىق سەيياھى جاڭ چيەننىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى
2 - ئەسىردە قالدۇرغان ساياھەت خاتىرىلىرى گۇۋاھلىق بېرە-
لەيدۇ. ھەقىقەتەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئۈزۈمچىلىك
جەھەتتىكى بۇ ئەۋزەل شارائىتىدىن قارىغاندا، قەدىمكى دەۋر-
لەردىلا بۇ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۆزىگە خاس مەي
ۋە ئەيش - ئىشرەت، دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن

گۇمان بولمىسا كېرەك. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بۇ باي-
رىمىدا تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆلىشى ۋە قايتا تىرىلىشى
ھەققىدىكى ئېتىقادىنى چۈشەنچە ئىپادىلەنگەن. بۇ بايرام
كېيىنچە خاراكتېر جەھەتتىن يۇنانلارنىڭ «دىئونىس مۇراسىمى»
نىڭ مەزمۇنى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. يۇنان
ئەپسانىلىرىگە ئاساسلانغاندا، دىئونىس يۇنانلارنىڭ باياشات-
لىق ۋە ئەيش - ئىشرەت خۇداسى ھېسابلانغان. شۇڭا ئۇ-
نىڭ شەرىپىگە ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ مۇرا-
سىم ئۆتكۈزۈش ئادىتى شەكىللەنگەن. يۇنانلارنىڭ دىئونىس
مۇراسىملىرى غايەت ۋەھشىيانە بىر تۇستە ئۆتكۈزۈلگەن.
بارا - بارا بۇ مۇراسىم يىلدىغا ئىككى قېتىم، يەنى باش باھار
ۋە كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. دىئونىس مۇراسىمى
مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا
ئىسكەندەر ئىستېلاسى بىلەن كىرىپ كەلگەن. يەرلىك خەلق-
لەرنىڭ مەي ۋە ئەيش - ئىشرەت بايرىمى بىلەن قوشۇلۇپ
كەتكەن. بۇنىڭغا تىرمىزدىن تېپىلغان ئىدىشتىكى سۈرەتلەر
بىلەن بۇخارادىن تېپىلغان ۋە ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋات-
قان كۈمۈش ئىدىشتىكى سۈرەتلەر دەلىل بولالايدۇ. سەنئەت-
شۇناسلار بۇ ئىدىشنىڭ ياسالغان دەۋرى مىلادىنىڭ I ئەسىرگە
توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتمەكتە. دىئونىس مۇراسىملىرى
تەسۋىرلەنگەن سەھنىلەر بەدەخشاندىن تېپىلغان كۈمۈش
ئىدىشتا ۋە نىسار (تۈركمەنىستاننىڭ جەنۇبىدا) دىن تېپىل-
غان سۆكەكتىن ياسالغان قەدەھتە ھەم ئىپادىلەنگەن (بۇنىڭ
يىل دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرگە تەئەللۇق، دەپ
قارالماقتا). بۇ سەنئەت يادىكارلىقلىرى ئۇسلۇب جەھەتتىن
ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تېپىگە تەئەللۇق بولۇپ، شەرق
ئېللىنىزمىنىڭ مۇراسىم شەكلىدىكى ئىنكاسىدۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدا قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ بۇنداق خىلمۇ خىل بايرام ـ مۇراسىملارنىڭ بولغانلىقىنى، بولۇپمۇ مېۋە پەسلىدە مېۋە ھوسۇلى يىغىپ ئېلىنغاندىن كېيىن تەبىئەتكە سېغىنىش ئېتىقادى ئاساسىدا ئىنتايىن زوقلىنارلىق ۋە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام ـ مۇراسىملارغا ئائىت قوشاقلارنىڭ بىر قىسمىنى بۈيۈك تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرگەن:

يىگىتلىرىڭ ئىشلەتۇ
يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ
قۇلان كەيىك ئاۋلاتۇ
بەزرەم قىلىپ ئاۋنالىم

(1 - توم 348 - بەت)

كۆكلەر قامۇغ تۈزۈلدى
ئىمىۋرىق، ئىدىش تىزىلدى
سەنىسىز ئۆزۈم ئۆزەلدى
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم

(3 - توم 181 - بەت)

يۇقىرىقى ئىككى كۇبلېت قوشاق يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەي ۋە ئەيش ـ ئىشرەت بايراملىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىدۇ.

قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا باشاقلىق ئىكىنلەرنى يىغىپ ئالغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەھەللىۋى مۇراسىملاردىن بىرى «مېلىش بايرىمى» (مەيلىس بايرىمى، مايسا مەشرىپى) بولۇپ ھېساب-

لىنىدۇ. بۇ ھوسۇل يىغىپ ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈل-
ىدىغان بىر خىل ئاممىۋى مەشرەپ بولۇپ، قويۇق سەنئەت
خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە،
يەرلىك خەلقلەرنىڭ «مىلىش مەشرىپى» پائالىيەتلىرىگە ئىشت-
كەندەر ئىنتايىن قىزىققانلىقى ۋە بۇ مەشرەپتە ئوينالغان
ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرىگە زوقلانغانلىقى ھېكايە قى-
لىنىدۇ. بۇ قەدىمكى بايرامنىڭ نەمۇنىلىرى زامانىمىزغىچە
يېتىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ھازىرغىچە قۇمۇلدا داۋاملىشىپ
كېلىۋاتقان «مېلىش مەشرىپى» بۇنىڭ ئىسپاتى. ئوتتۇرا ئاسى-
يادا سىنىپىي جەمئىيەت شەكىللىنىشى بىلەن تەڭ، يەنە ئۇ-
نىڭغا ماس ھالدا باياشادلىق ۋە خۇشاللىق تەنتەنە قىلىنىدى-
غان ھەر خىل بايرام-مۇراسىملاردىن تاشقىرى، ئەۋلاد-
ئەجدادلار روھىغا تايىنىش، دىنىي مەزمۇندىكى مۇراسىملارمۇ
پەيدا بولغان. ئۆلگەن ئادەم روھىنى تىرىلدۈرۈش مەزمۇن
قىلىنغان بۇنداق مۇراسىملار «ماتەم مۇراسىمى» دەپ ئاتى-
لىپ، ئۇ مەرسىيە قوشاقلىرىنى ئېيتىش ھەم پانتومىم (ئۆل-
گەن كىشىنىڭ قىياپىتىنى جانلاندۇرۇش) ئويۇنلىرى ئارقى-
لىق ھەيۋەتلىك تۈستە ئېلىپ بېرىلغان. رىۋايەتلەرگە قارى-
غاندا، ئىسكەندەر دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك خەلقلىرى-
نىڭ ماتەم مۇراسىمى پائالىيىتى يۇنانلارغا تەسىر كۆرسىتىپ،
ئۇلارنىڭ ئادىتىگە سىڭىپ كىرگەنلىكى ھەمدە ئىسكەندەر
ئۆلگەندە گرېكلار ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تىپىدىكى «ماتەم مۇ-
راسىمى» بىلەن ئۇزاتقانلىقى مەلۇم. مەھەللىۋى ماتەم مۇرا-
سىم پائالىيەتلىرى ئاستا-ئاستا تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، كې-
يىنچە خان ئوردىلىرىدا ماتەم قوشاقلىرىغا ماھىر ھازىچى
سەنئەتكارلارنى مەخسۇس تەربىيىلەپ ساقلايدىغان ئادەت
شەكىللەنگەن. روسىيىلىك شەرقشۇناس تولستوۋ خارەزمدىن

تېپىلغان ساپال ھەيكەللەردە ئەفرەسىياپ ۋە سىياۋۇش ئۆلۈمگە بېغىشلانغان ماتەم مۇراسىملىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقانلىقىنى يازغان. سەمەرقەنت ئىبادەتخانىلىرى دىۋارلىرىدا ھەم سىياۋۇشنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا قوشاق ئېيتىۋاتقان ۋە يىغلاۋاتقانلارنىڭ سۈرەتلىرى تەسۋىرلەنگەن.①

قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئېللىنىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە مەھەللىۋى تىياتىرلارنىڭ ناھايىتى تەرەققىي تاپقانلىقى مەلۇم. بولۇپمۇ تەبىئەتكە سېغىنىش ۋە توتېمىزم دىنىي قاراشلىرى نېگىزىدە پەيدا بولغان ھايۋانلار قىياپىتىدىكى نىقابلىق مەسخىرە تىياتىرلىرى كەڭ يېيىلغان. بۇنداق گىرىملىك تىياتىر شەكلى كېيىنچە «مەسخىرىباز تىياتىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ھازىرقى «مەسخىرە» سۆزى ئەرەبچىدىن كېلىپ چىققان، كۈلكە، مازاق مەنىسىدە، «باز» سۆزى تاجىكچە بولۇپ، ئىجراچى، ئوينىغۇچى مەنىسىدە. لېكىن «مەسخىرە تىياتىرى» ئەرەپ ئىستېلاسىدىن ئاللىقاچان ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولغان. قەدىمكى يازما مەنبەلەردە ئىرامىزدىن ئالدىنقى IV ئەسىرلەردە مۇشۇ خىلدىكى خەلقىنىڭ تىياتىرلەشكەن ئويۇنلىرىنى لاتىنچە «ماسكا» (Masca، Mascha) دەپ ئاتاپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەسلىدە يۇنانلارنىڭ تەرەققىي تاپقان قەدىمكى تىياتىرلىرى ئىچىدە «ماسكاراس» (Mascaras) دەپ ئاتالغان بىر خىل تىياتىر شەكلى بولغان. ئىسكەندەر ئىستېلاسى دەۋرىدە يۇنانلارنىڭ ماسكاراس تىياتىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ مەھەللىۋى ئويۇنلىرى بىلەن

---

① تولستوۋ: «خارەزم مەدەنىيىتىنى ئىزدەپ»، موسكۋا 1948 - يىل، 201 - بەت.

ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇ مەزگىللەردە يەرلىك خەلقلەرمۇ بۇ تىياتىرنىڭ نامىنى ماسكاراس ئويۇنى دەپ ئاتىغان. ئەرەبلەر II، III ئەسەرلەردە ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىرىنى بېسىپ ئالغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ تەرەققىي تاپقان ماسكاراس تىياتىرلىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋە بۇ سۆزنى ئۇلاردىن قوبۇل قىلىپ، «مەسخىربىباز» (مەسخىرىۋاز) تىياتىرى دەپ ئاتىغان. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدىكى «مەسخىرىۋازلىق» تىياتىر ئاتالغۇسى ئومۇمەن ئىلىخانىلار دەۋرى بىلەن ئالاقىدار. ئۇندىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ماسكاراس تىياتىرى دەپ ئاتىغان، قەدىمكى ئەفرەسىياپ شەھرى، نىسا، پەرغانە ۋە خوتەن رايونلىرىدىن تېپىلغان مىلادى I — III ئەسەرلەرگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردا ئەكس ئەتكەن ماسكاراس تىياتىر كۆرۈنۈشلىرى يۇقىرىقى پىكرىمىزگە ئىسپات بولالايدۇ.①

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى تېپىك هالدا «قەندىھار مەدەنىيىتى» دىن جۇملىدىن شىنجاڭ مىڭئۆيلىرى ۋە دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىسى ھەيكەل سۈرەتلىرىدىن ھەم ئېنىق بايقاشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە بۇندىن ئىلگىرى خېلى كۆپ ئالىملارنىڭ مەخسۇس تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنغاچقا، بىز قايتا تەكرارلىمايمىز.

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يۇنان ئېللىنىزمىنىڭ شەرق ئورىيېنتىرىغا قوشۇلۇشى ئىجتىمائىي ھايات ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە يۈكسىلىش ۋەزىيىتى پەيدا قىلغىنىدەك، يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىياتىر، مۇزىكا ۋە رەسساملىق سەنئىتى قاتارلىقلارنىڭ يېڭى تەرەققىيات

① م. راھمانوۋ: «ئۆزبېك تىياتىرى» 1975 - يىل تاشكەنت، 91 — 99 - بەتلەر.

پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈشىدە ھەم مۇھىم رول ئوينىدى. ئىسكەندەر دەۋرىدىن باشلانغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇنداق ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر داۋاملاشتى. ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىدىمۇ بۇ تەسىر ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنياغا مەشھۇر مۇسۇلمان ئالىملىرى ۋە پەيلاسوپلىرىدىن ئەل فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا، بىرونىي، تابارى، خارەزمى قاتارلىق مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ ئۆز زامانىسىدا يۇنان تىلىغا ماھىرلىقى ۋە يۇنان پەلسەپىسىنىڭ ئىسىل جەۋھەرلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزلىرىگە خاس پەلسەپە سىستېمىسىنى ياراتقانلىقى بارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئايان. مانا بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا دىققەتكە سازاۋەر مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى.

لېكىن شەرق ئېللىنىزم مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىيەتلىككە ئىگە قەدىمكى يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن قارىمۇقارشى ئەمەس. بەلكى ئۇ، ئەنە شۇ پارلاق مەھەللىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. شۇنىسى مۇقەررەركى، مەدەنىيەت جەھەت-تىكى مۇنداق ئۆزئارا تەسىردىن مۇستەسنا بولغان ساپ ھالدىكى مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئە-نىسىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەركىبى بولىدۇ. بۇ بىر خەلقئارالىق تارىخىي ھادىسە. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوخ-شاش كۆپ خىل دىن ۋە كۆپ خىل تىل-يېزىق دەۋر سۈرگەن رايونلاردا مۇرەككەپ مەدەنىيەت ئارىلاشمى-لىقى تېخىمۇ قويۇق بولىدۇ. بۇ يالغۇز بىر رايوننىڭ يەنە

بىر رايونغا، بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە بولغان تەسىرىلا بولماستىن، بەلكى تەتۈر تاناسىپ بويىچە ئۇنىڭ بۇنىڭغا، بۇنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىمىلىك (قوش لىنىيىلىك) تەسىر هادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى خەلقلەر مەدەنىيىتىدىكى بۇنداق نورمال تەسىر هادىسىسىنى سېلىشتۇرما مەدەنىيەت نۇقتىسىدا ئۆگىنىش ئىنسانىيەتنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە بۈگۈنكى خەلقئارا مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت يارىتىشتىكى ئىنتېرناتسىئونالىلىق روھىنى ۋە بۇرچىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشتە پايدىلىق رول ئوينايدۇ.

«بىز تارىخقا ئىنسان بىلەن بىرگە كىرىمىز»① ئەنە شۇ تارىخنىڭ خوجايىنى بولغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك باي ۋە بىباها مەدەنىي مىراسى — «نەچچە مىڭ يىللىق تەپەككۇر، ئىجادىيەت ۋە زەكاۋەتنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ جانلىق تارىخى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرى، كۈرىشى، قايغۇسى ۋە خۇشاللىقى ئەكس ئەتكەن».

شەرق ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يېقىملىققا ئىنتىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان بۈيۈك تارىخىي تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» XI توم، 487 - بەت.

# لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلار

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1980-يىل 19-ئىيۇن سانىغا بېسىلغان شىن-شىنىڭ «كىرورەنگە سەپەر» («يىپەك يولىدا ساياھەت» 3) ناملىق تارىخىي ئوچېركىنى قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن مەندە لوپنۇر ئېتنوگرافىيە، ئارخېئولوگىيە، جۇغراپىيە، تارىخ، تىل ۋە ئەدەبىيات ئىلىملىرى ئۈچۈن نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى بولالايدىغان مۇھىم بىر مەنبە ئىكەن، دېگەن تونۇش بارلىققا كەلدى. مەن بۇنى مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەردىن ئىزاھلىماقچىمەن.

1. ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن قارىغاندا، لوپنۇر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان كۆپلىگەن قىممەتلىك يەرئاستى ئاسارئەتىقىلەر بار. لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدىكى تارىخىي رىۋايەتلەر ھەمدە ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا ھازىرقى لوپنۇردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ساھىلىگە جايلاشقان ئاۋات ۋە گۈزەل كىرورەن شەھىرى بولغان، تارىخىي تەزكىرىلەردە ئېيتىلىشىچە، كىرورەن غەربىي رايوندىكى ئەڭ قەدىمكى دۆلەت بولۇپ ئۇنىڭ نامى بۈگۈندىن 2 مىڭ 155 يىل بۇرۇنلا يېزىقتا تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان، «يىپەك يولىنىڭ ئەلچىسى» نامى بىلەن تارىختا ئىز قالدۇرغان جاڭچيەن، غەربىي رايونغا قىلغان

ساياھەتچىدىن كېيىن قايتىپ خەن ۋۇدىغا بەرگەن بىر ۋاسىتىلىك دوكلاتىدا: «كىروران، گۇس (تۇرپان ئەتراپى) شەھەرلىرىنىڭ سېپىللىرى بار، ئۇرنى شور سازلىققا يېقىن ئىكەن» ① دېگەن. دەرۋەقە، مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بوستانلىقلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان 36 بەگلىك (دۆلەتمۇ دېيىلىدۇ) ئىچىدە «كىروراننىڭ نوپۇسى ئاز (12 مىڭ)، زېمىنى كىچىك، تۇپرىقى قۇم، شور بولۇپ، غەربىي دىياردىكى ناھايىتى كەمبەغەل دۆلەت» ② بولسىمۇ، ئەينى دەۋردىكى «يىپەك يولى» سودىسىدا بىر مۇھىم بىكەت (تۈگۈن) ئىدى. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ مەلۇماتىدا «كىروران مىلادى 4-ئەسىردىن كېيىن كۆنچى دەرياسىنىڭ تارىيىشى (سۈيىنىڭ ئازلاپ كېتىشى) ۋە باشقا «تۈرلۈك سەۋەبلەر» تۈپەيلىدىن خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» ② دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ يىراق ئەجدادى بولغان كىرورانلىقلار جەنۇبقا سىلجىپ، قەدىمكى مىرەن (ھازىرقى چاقىلىق بازىرى ئەتراپى بولۇپ، خەن دەۋرىدىكى خاتىرىلەردە «يىشۇن شەھىرى» دەپ يېزىلغان) گە ئورۇنلاشقان. بۇ مىرەن كونا شەھەر خارابىسى ھازىرقى مىرەن دەپ ئاتالغان چاقىلىقتىن تەخمىنەن 56 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ستەيىننىڭ دۇنياغا داڭق چىقىرىشىغا سەۋەب بولغان «مىرەن پەرىشتىسى»

---

① مىياۋ فۇشىڭ: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1990-يىل، 1-سان.

②، ③ شيا ۋولەن: «مىرەن، كىروران ۋە لوپنۇرلۇقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1991-يىل، 1-سان.

ئاملىق تام سۈرەت تېپىلغان جاي ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، مىلادىدىن بۇرۇنلا دۇنياغا مەلۇم كىروران شەھىرى ئەينى ۋاقىتلاردا يىپەك يولىدا جۇڭگو، پىرۇسسىيە، ھىندىستان، سۈرىيە، مىسىر ۋە رىم ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرسىدا مال ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىم بىكىتى ھەمدە ئاسىيانىڭ يۈرىكىدىكى تۈگۈنلۈك شەھەر ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ قۇم ئاستىدا ئۇخلاۋاتقىنىغا مىڭ يىلدىن ئاشتى، بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئۆز قوينىدا تارىخىي قىممىتى زور بولغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئەسىرىمىزنىڭ 30 - يىللىرىغا قەدەر بۇ جايدا بىرقانچە قېتىم ئارخېئو-لوگىك تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ شۋېتسىيىلىك ئارخېئولوگ سونگىتىنىڭ 1900 - ۋە 1901 - يىلى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ لوپنۇردا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈ-شىدىن كېيىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگلىرى كەينى - كەي-نىدىن ئۇزۇلمەي كەلگىلى تۇردى، ئۇلار كىروران ۋە لوپنۇردىن قېزىۋالغان تاش پالتا، قاشتېشى، تاش پىچاق، تاش ئوقلار، ھەرخىل تاش ئويمىلار، قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكنامىلەر، گەزلىمە - توقۇلمىلار، ياغاچ، تۆچ، ئەينەك بۇيۇملىرى قاتارلىق خىلمۇ خىل يادىكارلىقلار دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئارخېئولوگىيىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ساھەسىدە يېڭى بىر بەت ئاچتى.

كىروران خارابىسىدىن باشقا تارىمنىڭ لوپنۇر ئەتراپلىرىدىكى ئېقىنلىرىدا يەنە مەدەك شەھىرى (مەردان شەھىرى)، ۋاش شەھىرى، توپا شەھىرى قاتارلىق بىرقانچە ئاۋات شەھەرلەر بار ئىدى. بۇ شەھەرلەرمۇ كېيىنچە قۇم

ئاپتى دەستىدىن ۋەيران بولغان. ئۆز دەۋرىدە مۇنبەت ۋە ئاۋات بولغان بۇ بوستانلىق شەھەرلەر ئۆزى بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قۇم ئاستىغا يوشۇرغان، ھازىرغىچە «تىلسىمات» بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ خارابىلەردىن لوپنۇرلۇق ئوۋچىلار، پادىچىلار خېلى كۆپ تارىخىي بۇيۇملارنى ئۇچراتتى. قۇملارنىڭ كۆچۈش نەتىجىسىدە بەزى قۇم ئاستىدىكى ئاسارەتىقىلەر قايتىدىن ئېچىلىپ تۇرغاچقا ھەرخىل قىزىقارلىق ھادىسىلەر ۋە يادنامىلەر ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئازادلىقتىن بۇرۇن ستېخىيىلىك ھالدا شۇ يەردىكى يەرلىك كىشىلەر «تارىمدىن ئالتۇن تاپىمىز» دەپ بىرقانچە كۈنلۈك روزغار تەييارلىشىپ، بۇ قەدىمكى شەھەر ئىزلىرىغا «سەپەر» قىلغان ھەمدە بەزى قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ھەتتا ئالتۇن، كۈمۈش پۇل، يامبۇ، تاش ئاياق (تاشتىن ياسالغان قاچا) قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتقان، ئۇلارنىڭ ساددا قەلبىدە گەرچە بۇ نەرسىلەرنىڭ تارىخىي قىممىتى، ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە بولمىسىمۇ، ئومۇمەن «تارىم بويى بىر خىل خاسىيەتلىك مۆجىزىۋى ئىقلىم» دېگەن كۆز قاراشنى شەكىللەندۈرگەنىدى، بۇ «مۆجىزىۋى ئىقلىم»نىڭ ھازىرقى زامان ئىلىم دۇنياسىدىكى تارىخىي قىممىتى ناھايىتى زور، بۇ جايلاردىن دەسلەپكى قەدەمدە تېپىلغان ئارخېئولوگىك قېزىلمىلار جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەرنى قويماقتا. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى گېرمانىيىدە نەشىر قىلىنغان كىمروۋەن شەھىرى ھەققىدىكى بىر چوڭ كىتابتا، كىمروۋەننىڭ «جاھان تارىخىدىكى كەسكىن يىللارنىڭ ئابىدىسى» دېيىلگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك

ئەمەس. كىشىلەر ھەمىشە تارىم بوستانلىقىدىكى بۇ ئاۋات شەھەرلەرنىڭ خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئەلۋەتتە. ئەڭ مۇھىمى تارىم دەرياسىنىڭ داۋاملىق ھالدا ئېقىن يولىنى ئۆزگەرتىپ تۇرغانلىقى سەۋەب بولدى.

تەكلىماكاندىكى ئاساسىي دەريا ئېقىنى — تارىم دەرياسى بولۇپ، ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريا ھېسابلىنىدۇ. تارىم دەرياسى شاياردىن ئۆتكەندىن كېيىنلا بەش ئېقىنغا بۆلۈنۈپ، لوپنۇرنىڭ تىكەنلىك ئەتراپىغا كەلگەندە بىر ئېقىنغا مەركەزلىشىپ چەنخەيگە سوزۇلۇپ كېتىدۇ. تارىمنىڭ بۇ ئېقىنلىرى لوپنۇر كۆلى، لوخلۇق كۆلىگە ئوخشاش كۆز يەتمەس تەبىئىي سۇ ئامبارلىرىنى ھاسىل قىلغان. تارىمنىڭ لوپنۇر ئەتراپلىرىغا كەلگەندە ئۆزگەرتكەن ئېقىنلىرىنىڭ دەسلەپكىسى ئوپقان، ئۇندىن كېيىنكىلىرى قېيىقى، يۇملاق، ئاچچىق ئۆگەن دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر پەقەت ئۆگەن ئېقىنىدىلا سۇ بار، قالغان ئېقىنلىرى قۇرۇپ قالغان، بىز تىلغا ئالغان قەدىمكى بوستانلىقلار ئەنە شۇ ئوپقان دەرياسى دەپ ئاتالغان دەسلەپكى ئېقىنغا جايلاشقانىدى. مىلادى 3-ئەسىردىن كېيىن لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان تارىم دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى ئېقىنى قۇم ئاپىتىگە ئۇچراپ يولى توسۇلۇپ قالدى. نەتىجىدە كىرورەن شەھىرى سۇدىن مەھرۇم بولۇپ قۇم ئاستىدا قالدى، يەنە بىر تەرەپتىن كىرورەن شەھىرى يىپەك يولىدىكى ئاساسلىق بىكەت بولغاچقا خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىمالىي ھونلار بىلەن ئەتراپتىكى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا كىرورەننى تالىشىپ كۆپ قېتىم

قىرغىنچىلىق بولدى. ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ئۇرۇشلار كىروران دۆلىتىنى (مىلادىدىن 77 يىل بۇرۇن كىروران شەھىرىنىڭ دۆلەت دەپ ئاتالغانلىقىنى تارىخ ئىسپاتلايدۇ) خارابلاشتۇرۇۋەتتى. ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسمى قىرىلدى، بىر قىسمى چەت ياقىلارغا كۆچۈپ كەتتى. كىروران شەھىرىنى قۇم ئاپىتىدىن مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان كۆز يەتكۈسىز تەبىئىي توغراقزارلىقلار ئۇرۇش ئوتىدا كۆيۈپ شەھەر «قاراۋۇلسىز» قالدى. مانا شۇنداق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن لوپنۇر ئەتراپىدىكى بۇ شەھەرلەر ئاستا-ئاستا خاراب بولدى. لېكىن، ئەمگەكچان لوپنۇرلۇقلار يەنىلا تارىم ۋادىسىدىن ۋاز كەچمەي، بۇ ئەلۋەك بوز يېقىنىنى بويلاپ ئولتۇراقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت تارىخىنى ئۈزۈپ قويمىدى. لوپنۇرلۇقلار ئىچىدە مۇنداق بىر تەمسىل بار: «قوغۇن سۈيدۈك، ئاشلىق بەت گوپا①، بوز تېرىمنى ياقىلا، بېلىق چولوق② قوساق توق»، بۇ تەمسىل لوپنۇرلۇقلارنىڭ كۆچمە ھايات تەجرىبىسىدىن يەكۈنلەنگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ تاكى ئازادلىققىچە لوپنۇرلۇقلار لوپنۇر كۆلى ئىچىدىكى ئاراللاردا كۆچۈپ يۈرۈپ، ئاساسەن بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە «ئۈچ ئايماق ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە» نىڭ 2-جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن: «لوپنۇر... ئۇ يەردە ئىككى ئۇيغۇر كەنتى بولۇپ، ئۇ كەنتلىكلەر لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى كەنتنىڭ ھەر بىرىدە 4-5 يۈزدىن ئائىلە بار. ئۇلار ئاشلىق تېرىمايدۇ، چارۋىچىلىق قىلىشنى بىلمەيدۇ، ئاشلىق ئورنىدا بېلىق

① بەت گوپا — بىۋاپا، ئەسقاتمايدۇ مەنىسىدە.

② چولوق — كۆپ، مىز-مىز.

يەيدۇ، ياۋا كەندىردە توقۇلغان رەختە كىيىم كىيىدۇ، مامۇق چاپان كىيىدۇ، ئۆۋلىغان ئۇچار قۇشلارنىڭ مامۇق پەيلىرى ئۈستىدە ياتىدۇ... دۇئا - تىلاۋەتنى، نامازنى بىلمەيدۇ. كورلىدىكى ئۇيغۇر شەھىرىگە بارغانلىرى چارۋا گۆشى، ئاشلىق يېيەلمەيتتى، يەپ قويسىلا قۇسۇپ ياندۇرۇۋېتەتتى. كورلىدا بېلىق كۆپ بولغاچقا، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ تۇراتتى. ئەمما باشقا جايغا بېرىشقا پېتىنالمايتتى».①

باشقا تارىخىي كىتابلاردىمۇ يۇقىرىقى مەلۇماتقا ئوخشايدىغان خاتىرىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ مەلۇماتلاردا لوپنۇرلۇقلار تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە تىل قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. دەرۋەقە، لوپنۇرلۇقلارنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا تاكى يېقىنقى كۈنلەرگىچە ساقلانغان.

ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ بىنا بولۇش تارىخى ناھايىتى قىسقا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن زوزۇڭتاڭ دەۋرىدە دۇرال شەھىرى (ھازىرقى تىكەنلىكتە) دە ناھىيە تەسىس قىلىنغان. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: مۇندىن بىرەر ئەسىر بۇرۇن تىكەنلىك ئەتراپىدا ياشنايدىغان ئاھالىلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. دۇرال ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭى كەلگەن ئامبال ئۆز ئەتراپىغا كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن تارىمنىڭ مۇشۇ جايىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تارماق ئېقىنىغا كۆمۈش تەڭگە ۋە باشقا بۇيۇملارنى تاشلىغان

---

① مياۋ فۇشىڭ: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 - يىل، 1 - سان.

ھەمدە «كىم سۇزۇۋالسا شۇنىڭ بولىدۇ» دەپ ئەتراپقا ئېلان چىقارغان، بۇندىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر تۆركۈم ـ تۆركۈملەپ بۇ جايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇنداق قىلىپ دۇرال بىر مەزگىل ئاۋات بولغان. لېكىن لوپنۇر يەنىلا ئاھالە ئىنتايىن شالاڭ جايلاشقان رايونلارنىڭ بىرى. 350 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەر مەيدانىغا ئىگە بولغان بۇ كەڭ زېمىندا ئازادلىقتىن بۇرۇن ئاران 8 مىڭ كىشى بار ئىدى. باشقىلارنىڭ نەزەرىدە لوپنۇر دېسە بىر تال گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان، بىرەرمۇ ئۇچار ـ قانات ياشىمايدىغان پايانسىز قۇم بارخانلىرى سۈرەتلىنەتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەمگەكچان، باتۇر لوپنۇرلۇقلار قەدىمدىن تارتىپ تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ كۈمۈش لېنتىدەك سوزۇلۇپ ئاققان تارىم ۋادىسىدا ياشاپ، بۇ قۇملۇقتىكى ئارالنى ياپېشىل كىمخاپقا ئايلاندۇرغان، تارىمنىڭ بەگباش ئېقىنى ئالدىدا قىلچە تىز پۈكمىگەن.

2. لوپنۇرنىڭ گېئوگرافىك جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئۇ جاينىڭ ئوخشىمايدىغان ھاۋا رايى كىلىماتىنى شەكىللەندۈرگەن، لوپنۇرلۇقلار ئادەتتە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان خەلقلەرنىڭ بىرى. يۈز ياشتىن ئاشقانلار ھەممە مەھەللىلەردە تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تەمبەل ۋە تېتىك. 1956 ـ يىلدىكى تىل تەكشۈرۈش جەريانىدا دۆڭقوتانلىق 117 ياشلىق باي نىياز دېگەن كىشى تەكشۈرۈش خادىملىرىنى لوپنۇرنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان قارىچۇغۇ دېگەن قىشلاققا باشلاپ بارغان ۋە بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەملەشكەن. ئۇنىڭ 3 ـ ئوغلى شۇ يىللاردا 97 ياشقا كىرگەن. لوپنۇرلۇقلار نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ؟ بۇ ھازىرقى زامان تىببىي پەننىڭ ئالدىغا قويۇلغان تەتقىقات تېمىسى، ئەلۋەتتە يەرلىك خەلقلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاساسىي ھايات يولى كۆچمە بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت. ئۇلار ياز كۈنلىرى بېلىقنى قۇرۇتۇپ ياۋا جىگدە بىلەن قوشۇپ تالقان تەييارلىۋالىدۇ. لازىم تېپىلغاندا تالقاننى قايىنىتىپ ئىچىدۇ. بېلىق تالقىنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقىدۇر. شۇنداقلا يەنە ئۇجول (يىمەكەن) نىڭ گۈلىنى توزۇپ كەتمەستىن بۇرۇن يىغىۋېلىپ ئۇنى تاسقاپ تازىلىغاندىن كېيىن بېلىقنىڭ يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئوماچ قىلىپ ئىچىدۇ. يەنە بەزىدە لوپنۇر كەندىرىنىڭ يىلتىزىنى قايىنىتىپمۇ ئىچىدۇ. بېلىق مەھسۇلاتلىرىدىن قالسا قوشۇمچە ئوزۇقلۇق قاتارىدا ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

لوپنۇرنىڭ ئەتراپى كۆز يەتمەس قومۇشلۇق ۋە توغراقلىق بولغاچقا، ئۇنىڭدا قىرغاۋۇل، ياۋا تۇخۇ، ئۇقا، ئاققۇ، ياۋا غاز، ئۆردەك قاتارلىق قۇشلار ناھايىتى كۆپ. بىر تەرەپتىن ئۇنى خالىغانچە تۇتۇپ ئوزۇقلۇق قىلسا، تۇخۇملىرىنى يىغىپ سېرىقىنى بېلىق يېغىغا قوشۇپ ئوزۇقلۇق تەييارلىۋالىدۇ. ئەتراپىتىكى قومۇشلۇق ۋە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا بولسا ياۋا تۆگە، بۇغا-مارال، جەرەن، ئىپار كېيىكى، توشقان، يولۋاس، تۈلكە، بۆرە، ياۋا چوشقا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە يىرتقۇچلار كۆپ. ئۇلار ئوۋچىلار قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، گۆشلۈك ئوزۇقلۇق مەنبەسى ئاساسەن مانا شۇلاردىن ئىبارەت.

بۇ ھەقتە لوپنۇرنى 1959 - يىلى بىۋاسىتە تەكشۈرگەن ئالىم شياۋ ليەنىنىڭ مۇنۇ خاتىرىسى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ «...كۆللەردە بېلىق ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار يىل بويى بېلىق تۇتۇپ يەپ ھايات كەچۈرىدىكەن. باھار كەلگەندە سۇ قۇشلىرى بۇ جايغا كېلىپ ياشايدىكەن، بۇ پەسىلدە

ئۇلار ئاساسەن ياۋاغاز تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېھتىياجدىن ئېشىپ قالغانلىرىنى قۇملۇققا قويۇپ قۇرۇتۇپ ھەر 50 نى بىر باغلام قىلىپ ساقلايدىكەن. ئۇ جايلاردا يەنە توپ - توپى بىلەن قارا تايغان، بۇغا ۋە جەرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بولۇپ، ئۇلارنى تۇتۇپ يەيدىكەن. ئۇلار ئاساسەن ھايۋان تېرىسى، ھايۋان يۇڭى ۋە ياۋا كەندىر (لوپ كەندىرى) دىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيىدىكەن، كىيىم تىكىدىغان يىڭنىنى يۇلغۇن شاخلىرىدىن قىرىپ چىقىرىدىكەن.»①

دېمەك، لوپنۇرلۇقلار بولۇپمۇ دۆڭقوتان، مىرسالى، قارچۇغا، كۆزلەك، تىكەنلىك چوڭكۆل، چارا، ئۇلۇغكۆل قاتارلىق مەھەللە-كەنتلەردىكى ئاھالىلەر ئازادلىققىچە ئاساسەن تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانمىغان، تېرىق تالقىنىدىن باشقا ئاشلىق يېمەكلىكلىرىگە ئادەتلەنمىگەن.

لوپنۇرنىڭ ھاۋا رايى كىلىماتىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. كرورەن ۋە مىرەن خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قەبرىلەر گەرچە 2 — 4 مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى يادنامىلەر بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭغا دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر ۋە بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئەسلى ھالىتىنى يوقاتمىغان. 1979 - يىلى ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىمىز تەرىپىدىن قېزىلغان قەدىمكى قەبرىلەر ئىچىدە بىر ئايالنىڭ قاتۇرۇلغان جەسىتى بولۇپ، ئۇنى قۇم ۋە بوراندىن ساقلاش ئۈچۈن تۆت چاسا ياغاچ توسۇق ئىچىگە ئالغان. بۇ مېيىتنىڭ كىيىم - كېچىكى تولۇق، چىرايلىرى سۈزۈك، خۇددى «ئۇيقۇغا كەتكەن پەرى» گە ئوخشاش، شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇزۇلماي قۇم ئاستىدا خاتىرجەم ياتقان. كىشىلەر ئارىسىدا «توغراق مىڭ

① شياۋلىيەن: «مىرەن، كرورەن ۋە لوپنۇرلۇقلار»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1991-يىل 1-سان.

يەل ياشىرىپ تۇرسا، مىڭ يىل قۇم ئاستىدا سېسىماي تۇرالايدۇ» دەيدىغان نەقىل بار. شۇڭلاشقا يېقىنقى يىللارغىچە دۆڭقوتان ئەتراپىدا ئۆلگەن كىشىلەرنى يەرلىككە قويماي چوڭ توغراقنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلگەن. ياشانغان كىشىلەر ئالدىنئالا ئۆزىگە مۇۋاپىق توغراقلارنى ئىگىلەپ بەلگە قىلىپ قويۇشنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ يەردە. بۇ گەرچە يەرلىك ئۆرپ-ئادەت ۋە ئېتىقاد بىلەن باغلىنىشلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا لوپنۇرنىڭ گېئوگرافىيىسى ۋە ھاۋا رايى ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

3. تارىخي جەھەتتىن قارىغاندا، لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلار غەربىي رايون تارىخى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك قەدىمكى كروراندا ياشىغۇچى لوپنۇرلۇقلار «يىپەك يولى» تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقان. كروران خەن سولالىسىنىڭ غەربىي رايونغا ئەۋەتىدىغان ئەلچىلىرى ئۆتمىسە بولمايدىغان يول تۈگۈنى بولغاچقا، خەن ئەلچىلىرىنى تاماق، قونالغۇ ھەمدە ئوت-بوغۇز قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇ دەۋرلەردىلا خەن سولالىسى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ھونلارنىڭ پاراكەندىچىلىككە بىرلىكتە قارشى تۇرغان. بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخي خاتىرىلىرىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلار بار.

لوپنۇرنىڭ قەدىمكى تارىخى ئېتنولوگىيىسى ۋە بۇ رايوندىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ قاراشلىرى تېخى بىرلىككە كەلگىنى يوق. ئوخشىمىغان پىكىرلارنىڭ بولۇشىدا بۇ رايوندا تارىخي خاتىرىلەردە ئۇچرىمايدىغان بىرقانچە

ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى سەۋەب بولغان.
ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا كۆچمەنچىلىك ھاياتقا بۇرۇنراق خاتىمە بېرىپ، شەھەرلەشكەن مۇقىم ئولتۇراق ھاياتقا قەدەم قويغاچقا، ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان رايونلاردا ھازىر قەبىلە، ئۇرۇقنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. پەقەت لوپنۇر رايونىدىلا قەبىلە ۋە ئۇرۇقداشلىقنىڭ بەزى ئامىللىرى ساقلىنىپ قالغان ھەمدە بۇ ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە قىزىقارلىق ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. يولداش مۇھەممەت زۇنۇن بىلەن ئىككىمىز 1978 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش نىيىتىدە لوپنۇردا بىر ھەپتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدۇق. مۇشۇ جەرياندا بىز زىيارەت قىلغان پېشقەدەملەرنىڭ ئاغزىدىن بۇ رايوندىكى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئائىت بەزى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدۇق. مەسىلەن، «يانلا قەبىلىسى» مۇشۇ ئۇرۇققا تەئەللۇق پېشقەدەملەرنىڭ ئىزاھلىشىچە، «يان تەرەپتە ئولتۇرغۇچى» «يان تەرەپتىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقۇچى» لارنى «يانلا» دېيىشىدىكەن، يەنى باشقا رايونلاردىن (ئاساسەن تۇرپاندىن) لوپنۇر كۆلى بويىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلارنى كۆزدە تۇتىدىغان يەنە بەزىلەر كرورەن قۇم ئاپىتىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئامان قالغان كىشىلەر مۇشۇ جايغا يۆتكەلگەن، شۇڭا ئۇلارنى «يانلا» ياكى «يان ياقلىقلار» دەپ ئاتىغان دەپمۇ ئىزاھلايدۇ. ئۈچىنچى بىر خىل ئىزاھلاشتا «يانلا» قەبىلىسىنى يان ـ ياقتىن قوشۇلغان قىرغىزلار دېيىشىدۇ ۋە مۇشۇ بويىچە ئۇلارنىڭ 1 ـ بوۋىسى كۆيۈك، 2 ـ ئەۋلادى چاگار، 3 ـ ئەۋلادى بەردى، 4 ـ ئەۋلادى قەزى دېيىشىدۇ.

ئۆزلىرىنى «يانلا» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ھازىر كۆپرەك لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئورۇنلاشقان. يەنە بىر ئۇرۇق «قارا قوشۇنلۇقلار» دەپ ئاتىلىدۇ. «قارا قوشۇن» دېگەن نام ھەققىدە ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەر بار. بەزىلەر ئۇپقان دەرياسى بويىدا ياشىغۇچى لوپنۇرنىڭ ئەسلى خەلقى «قارا قوشۇنلۇق» دۇر، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە، «قارا قوشۇن» ئەسلىدە لوپنۇر ئەتراپىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى بولۇپ، بىر زامانلاردا بۇ يۇرتقا ۋابا تارقىلىپ كېتىپ، يوقۇملۇق كېسەلدىن ئامان قالغان كىشىلەر يۇرتىنى تاشلاپ، مۇشۇ ئەتراپتىكى دۆڭلۈك، ئاراللارغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇلار «قارا قوشۇن» دېگەن يۇرتتىن كەلگەچكە، بۇ يەردىكى خەلق ئۇلارنى «قارا قوشۇنلۇق» دەپ ئاتاشقان. ھازىر ئۆزلىرىنى «قارا قوشۇنلۇق» دەپ ئاتايدىغانلار ئاشۇلارنىڭ ئەۋلادى دېيىشىدۇ يەنە بەزى رىۋايەتلەردە، كىرورەن دەۋرىدىكى قوشۇنلارنىڭ كىيىملىرى قارا بولغاچقا، باشقا خەلقلەر تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ نامى «قارا قوشۇن» دەپ ئاتالغان، دەيدۇ.

بىزنىڭچە «قارا قوشۇن» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنبەيى «قارا» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ بۇ «قارا» دېگەن سۆز قەدىمىي تۈركىي تىلىدا «بۈيۈك، ئالىي، يۈكسەك، چوڭ» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. شۇڭا «قارا» نى ئۇنۋان سۈپىتىدە قوللانغان. شۇ بويىچە ئالغاندا، «قارا قوشۇن» دېگەن بۇ نام ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ قوشۇننىڭ يۈكسەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «قارا قوشۇنلۇق» لار ھازىر لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى «داغلىقچىلار»①

① داغلىقچى — قىرى توغراق مەنىسىدە

دېيىشىدۇ. يەنە بىر ئۇرۇق «جوداغ»① قەبىلىسى، ئۇلار ئۆزلىرىنى «قالوچى» دەپمۇ ئاتايدۇ. «قالوچى» توغرىسىدىكى يەرلىك رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ بۇددا لامالىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يىلدا بىر قېتىم تىبەتكە بارىدىغان بولغاچقا، دائىم دۆڭقوتاننىڭ غەربىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن، ئۇلار سەپەر جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ بىر قىز ۋە بىر ئوغلىنى شۇ جايدىكى يەرلىك خەلقلەرگە بېقىۋېلىشقا تاشلاپ كېتىدىكەن، مانا شۇ بىر جۈپ ئوغۇل، قىزدىن «قالۇچى» ئۇرۇقى پەيدا بولغان دېيىشىسە، يەنە بىر خىل رىۋايەتتە چوڭ يۈلتۇز ئەتراپىدىكى موڭغۇللار لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق كەسپىگە ناھايىتى قىزىققان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر جۈپ پەرزەنتىنى بېلىق تۇتىدىغان مانجا (تور) بىلەن ئالماشتۇرغان. بۇ باللارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئالاتولو، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى چالاتولو دېيىلگەن، ئالاتولو بىلەن چالاتولونىڭ نەسلى بارغانسېرى كۆپىيىپ بىر ئۇرۇق بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ ئۇرۇق ئۆزلىرىنى «موغۇل» دەپ ئاتىغان. ئەتراپتىكى باشقا ئۇرۇقلار بولسا ئۇلارنى «قالۇچى» لار دېگەن نام بىلەن ئاتاشقان، دېيىلىدۇ. بۇ ئۇرۇق كۆپرەك دۆڭقوتان ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۆزلىرىنى بەزىدە «لايسۇلۇق مانجاچى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

لېكىن «قالۇچى» ھەققىدىكى بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتلەر، بۇ مەسىلىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ، بىزنىڭچە، ھازىرغىچە لوپنۇردا ساقلىنىۋاتقان «قالۇچى» ئۇرۇقىنىڭ ئېتنىك مەن-

① چوداغ—موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «چو»—بوت، «داغ»—تاۋاپ قىلىش مەنىسىدە.

بەسىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — «ئوغۇز-نامە» ئىچىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ، دەپ قارايمىز. «ئوغۇز-نامە» داستانىنىڭ 29-بۆلۈمىدە مۇنداق بىر ئابزاست سۆز ئۇچرايدۇ:

«ئۇنىڭ ئىسمى تۆمۈردۇ غاغۇل ئىدى. ئوغۇز ئۇنىڭغا: ‹سەن بۇ يەردە قال. ئىشىكنى ئاچ، ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن ئوردىغا قايتىپ بار› دەپ يارلىق چۈشۈردى ھەمدە ئۇنىڭغا ‹قالاچ› دەپ ئات قويدى». بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «قالاچ» ئۇرۇقىنى ھازىرقى «قالۇچى» ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى، دەپ ئېيتىش مۇمكىن. چۈنكى ھەر ئىككى ئاتالغۇنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنبەسى ئوخشاش، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئۇرۇق ئورۇنلاشقان لوپنۇر ئەتراپى تارىختىكى ئوغۇز خاقانىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ يۈزلەنگەن ھەربىي يۈرۈش لىنىيىسىدىگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنى تارىخىي جەھەتتىن تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كۆرۈش لازىم. ئەلۋەتتە شۈبھىسىزكى، يۇقىرىقىلار بىر خىل رىۋايەت بولۇپ، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئەمما ھازىر ئۇلار ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتايدۇ. دەرۋەقە، بۇ ئۇرۇقلار دىنىي ئېتىقاد، تىل-يېزىق، تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئانتروپولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتلەردىن ئومۇمەن ئورتاقلىقتا ئىگە بولسىمۇ، چىراي-شەكلى ۋە بەزى ئايرىم ئۆرپ-ئادەتلىرىدە ئازدۇر-كۆپتۇر بەزى پەرقلەرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن: «قالۇچى» لار يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئۆلگەن كىشىنى يەرلىككە كۆممەي توغراقنىڭ كاۋىكىغا دەپنە قىلىپ كەلگەن. ئۆزئارا توي قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئەلچىسى قىز تەرەپكە ئەركەك ھايۋان (جەرەن، كېيىك، قوش-

قار) نىڭ 5 تىن 7 گىچە بېشىنى يېشۇرۇپ، داستىخانغا ئوراپ ئېلىپ بارىدۇ. ناۋادا قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنى لايىق كۆرسە، ئۇلار مۇ 5 تىن 7 گىچە چىشى هايۋاننىڭ بېشىنى يېشۇرۇپ، ئوغۇل تەرەپنىڭ داستىخىنىغا ئوراپ ئەلچىلەرنى يولغا سالىدۇ. لايىق كۆرمىسە ئەركەك هايۋاننىڭ بېشىنى يېشۇرۇپ ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئوغۇل تەرەپنىڭ كۆڭلىدە هەممە نەرسە ئايان بولىدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا ئارتۇقچە سۆز - چۆچەك بولمايدۇ. بۇ ئادەتمۇ يېقىنقى يىللارغىچە داۋام قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئەهۋاللار لوپنۇرلۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا پەقەت ئايرىمىلىقتىنلا ئىبارەت. هازىر قەدىمكى تارىخي مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بەزى تەتقىقاتلاردا لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى يىفۇۋۇدى (乙弗勿敌) دۆلىتىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. «ۋېي سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 110 جىلدىدا بۇ هەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن. «تويغۇننىڭ شىمالىدا يىفۇۋۇدى دۆلىتى بار، بۇ دۆلەتتىكىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى تويغۇن دۆلىتىدىكىلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار ئاشلىق دېگەننى بىلمەيدۇ، پەقەت بېلىق بىلەن زەرۋىچ ئۇرۇقىنى يەيدۇ».① بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «تويغۇن» تاڭغۇت (تىبەت) خانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. يىفۇۋۇدىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە بۇ ئەلدىكى كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتىدىن قارىغاندا، ئۇ لوپنۇرنى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى قەدىمكى خاتىرىلەردە يىفۇۋۇدى دۆلىتى توغرىسىدا بايان قىلىنغان ئەهۋاللار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخي كىتابلاردا بايان قىلىنغان لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەهۋالىغا ئوخشايدۇ.

① مىياۋفۇشىڭ: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە 1990-يىل 1-سان.

مانا بۇ مەلۇماتلارمۇ لوپنورلۇقلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن قوۋم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لوپنورلۇقلارنىڭ كېيىنكى تارىخىي جەريانلاردا شەكىللەنگەن ئېتنىك تەركىبىنىڭ قانچىلىك مۇرەككەپ ۋە كۆپ قاتلاملىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئانتروپولوگىيىلىك ئىرق جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىغا خاس خۇسۇسىيەتلەرنى ساقلاپ قالغان. فەن چۈن ئۆزىنىڭ «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىرقلارنىڭ تارقىلىشى» ناملىق ماقالىسىدە لوپنورلۇقلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ: «ئۇلار قاڭشارلىق، ياڭاق سۆڭىكى ئېگىز، كۆزلىرى يوغان، نۇرلۇق، كۆزىنىڭ ئېقىنىنىڭ دائىرىسى قارىچۇقىنىڭ دائىرىسىدىن كەڭرەك، ئەرلىرىنىڭمۇ، ئاياللىرىنىڭمۇ ئۆسۈپ كەتكەن قويۇق چېچى گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئارىلاشما لوپنور تىلىدا سۆزلىشىدۇ»① دەيدۇ. بىز لوپنورلۇقلارنىڭ بۇ ئىرقى ئالاھىدىلىكىنى روسىيەنىڭ ئاتاقلىق ئانتروپولوگىيە ئالىمى جويىسنىڭ 1903-، 1912-ۋە 1926-يىللىرى ئىشلەپ چىققان شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ ئىرقى تىپى ھەققىدىكى جەدۋىلىدە كۆرسەتكەن تۈركوئىد (تۈركىي ئىرق) ئىرقى بىلەن سېلىشتۇرساق، تامامەن ئوخشاشلىقتا ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.② لېكىن ئىرقى جەھەتتىكى بۇ ئورتاقلىق چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقى مەلۇم، بولۇپمۇ جۇڭغار دەۋرىدە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېكسپېلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا چىدىمىغان لوپنورلۇقلار ئاقسۇ، دولان ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تۈركۈملەپ كۆچۈپ كەتكەن. نەتىجىدە ئەسلىدىكى دولانلىقلار بىلەن لوپنورلۇقلارنىڭ ئارىلىشىشى ناھايىتى قويۇق بولغان. بەزى ماتېرىياللاردا

① دىيافۇشىڭ: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990-يىل، 1-سان.

تارىم دەرياسى بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان دولانلىقلارنىڭ قارا شەھەردىن ۋە قاراشەھەرگە تەۋە لوپنۇر رايونىدىن كۆچۈپ بارغانلىقىنى ئېيتىدۇ. دەرۋەقە، بەزى تىلشۇناسلارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئېلىپ بارغان تىل تەكشۈرۈشلىرىدە دولانلىقلار بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ بىر مەركىزدىن دىئالېكت سىستېمىغا مەنسۇپلىكى كۆرسىتىلگەن. سېتىپ لوپنۇر رايونىنى تەكشۈرگەندە، لوپنۇرلۇقلارنىڭ تاشقى قىياپىتى (ئانتروپولوگىيىلىك تىپى) دولانلىقلارغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن چىڭ سۇلالىسى (چيەنلۇڭ دەۋرى) دىن باشلاپ لوپنۇرلۇقلار بىلەن دولانلىقلار ئوتتۇرىسىدا زىچ ئارىلىشىش يۈز بەرگەنلىكىگە قاراپ ئۇلارنى بىر ئىرققا مەنسۇپ دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز، ئۇلارنىڭ پەرقى يەنىلا ناھايىتى روشەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، جوڭغارلار دەۋرىدە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئارىسىغا ئۇيراتلارنىڭ تۆت قەبىلىسىنىڭ بىرى — خوشۇتلارنىڭ بىر قىسمى ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىمۇ مەلۇم، خەلق ئارىسىغا تارقالغان يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە مۇشۇنداق ئارىلىشىش ئەكس ئېتىلگەن. لېكىن بۇ خىل مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

4. لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتى جەھەتتىن تېخىمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. لوپنۇر — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىل ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش، توپلاش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم بىر نۇقتا. چۈنكى، لوپنۇرلۇقلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان تارىم ۋادىسىدا بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ كەلگەچكە، باشقا جايلارنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايونغا ئىسلام دىنى

كېيىنرەك تارقالغان، بەزى پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرى تۇرپان ۋە لۈكچۈندىن ئىسلام دىنىنىڭ بىرقانچە موللىلىرى بۇ جايغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقان ۋە خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرغاندىن كېيىن بۇ رايوندا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا باشلىغانلىقى مەلۇم. ئومۇمەن ئېلىپ ئېيتقاندا لوپنۇرغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش تارىخى يىلنامىسى ئېنىق بولمىسىمۇ خەلق ئاغزىدىكى رىۋايەتلەر ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىگە ئاسالانغاندا بۇ جايغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش تارىخى باشقا رايونلاردىن كېيىنرەك ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. شۇنداق بولغاچقا، لوپنۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى ئىچىدە ئەرەب - پارس تىلىنىڭ تەسىرى ئاز. جانلىق تىلدا، بولۇپمۇ چەت رايونلاردىكى ياشانغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپ ۋە چىرايلىق ئۈلگىلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان. ئالايلۇق:

| | |
|---|---|
| غارغالتا | ئارال، پورت مەنىسىدە |
| ئەتۈك | ئۆتۈك |
| ئەگنى | كىيىم - كېچەك |
| ئوتاچى | تىۋىپ، دوختۇر |
| قىڭغىراق | قىڭراق |
| كورك، كوركى | گۈزەل، گۈزەللىك |
| ئېنە | ئانا |
| ئاپا | ئاچا |
| يىمەن | دەشت - باياۋان |
| ئوغچا | باسماق |
| ئاغداش | بەزلەش، ئالداش |
| جىمە | غەيۋەت |
| ئوۋەك | يۆلىنىش، ياردەم بېرىش |

چولمەك    تۈگۈچ

سىن    چىراي

قاتارلىق ئىستېمال مەنىسىنى يوقاتمىغان كۆپلىگەن سۆزلەرنى
ئالساق، ئۇلار تۈركىي تىللارنىڭ قامۇسى بولغان «تۈركىي تىلـ
لار دىۋانى» دىمۇ تىلغا ئېلىنغان سۆزلۈكلەر بولۇپ، بۇنداق
سۆزلەر لوپنۇر تىلىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. يەر، جاي، ئادەم
ئىسىملىرى توغرىسىدىمۇ شۇنداق ئېيتىش مۇمكىن. مەسىلەن،
ئادەم ئىسىملىرىدىن كۈنتۇغدى، ئايتۇغدى، تىلىۋالدى،
تېپىلدى، سېتىۋالدى ... قاتارلىقلار قەدىمكى ساپ ئۇيغۇر
تىلىدىكى ئىسىملار بولۇپ، پېئىل ياكى ھەرىكەت ناملىرىدىن
تۈزۈلگەن بۇنداق ئىسىملار لوپنۇردا كۆپ ساقلانغان. لوپنۇرـ
دىكى جاي ئىسىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى بەلگىلىك رىۋايەتلەر
بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: «دۆڭقوتان»، «قارچىغۇ»
«تىكەنلىك»، «تاۋۇز يېگەن دۆڭ» قاتارلىق جاي ئىسىملىرىنى
ئالساق ھەممىسىنىڭ مەلۇم رىۋايەتلەر ئاساسىدا بارلىققا
كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. «تاۋۇز يىگەن دۆڭ» — بىر يۇرتنىڭ
ئىسمى. ئۇ توغرىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: كۈنلەرنىڭ
بىرىدە بىر ئوۋچى دۆڭلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ يىراقتىن دۈپـ
دۈگىلەك قارامتۇل بىر نەرسىنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە:
«بۇ قانداق ھايۋاندۇر؟» دەپ ئويلاپ ئۇنى چەللەپ تۇرۇپ
مىلتىقى بىلەن ئېتىپتۇ، ئوق تەگكەندىن كېيىن، يېنىغا كەلـ
سە، ئىچىدىن قانغا ئوخشاش سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىۋاتقۇدەك،
ئوۋچى قىزىقىپ، بۇ ئاجايىپ «ھايۋان» نى خەنجىرى بىلەن
ئىككىگە بۆلۈۋېتىپتۇ. قىپقىزىل گۆشنى كۆرۈپ ئۇنىڭ
نېمىلىكىنى بىلمەك ئۈچۈن بىر چىشلەم ئويۇپ ئاغزىغا ساپتۇ،
ئەييۇھەنناس! تېتىپ كۆرگۈدەك بولسا، شۇنداق شېرىن تەمـ
لىك ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇقىنى ئايرىۋېتىپ راسا يەپ

بولۇپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. قالغان ئۇرۇقچىلاردىن يەنە تاۋۇز ئۈنۈپ، بۇ جاي تەبىئىي تاۋۇزلۇققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ يەرگە «تاۋۇز يېيىلگەن دۆڭ» دەپ نام بېرىلگەنىكەن. ھازىر مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە، دېيىشىدۇ.

لوپنۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە ساقلاپ كەلگەن ئۆزگىچىلىكى بىلەن تىلشۇناسلىق ئىلمىدە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر شېۋىسى (دىئالېكت) ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېۋىنىڭ بەلگىلىرىنى لوپنۇر تېلىنىڭ لېكسىكىلىق تۈزۈلىشىدىن باشقا فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشىنىمۇ روشەن بايقاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، (1) لوپنۇر شېۋىسىدە ئېگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىش ئوخشاش گىراماتېكىلىق شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

كۆيۈك ئوتى ئۆتتى مېنى جىنىمدىن،
چىنالمىدىم سىنى ئېتقان سۆزۈڭدىن.
(لوپنۇر قوشىقى)

يەلپۈنگەن قارا ساچىڭ
ئايغىر ئاتنى قۇيروغۇ.
جۇپ دوگادىن ئايرىغان
خۇدايىمنى بويرۇغۇ.
(لوپنۇر خەلق قوشىقى)

(2) لوپنۇر تىلىدا ئا. ئە تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدۇ.

مەسىلەن: نام — نامغا. (ئەسلى «نەم»)

| | |
|---|---|
| ياش | ياشىڭ |
| باش | باشىڭ |
| خات | خاتىڭ |
| ئاچ | ئاچىپ |

باق باقسپ
گال گالىم
يان ياندا، يانىپ
ئال ئالىپ
جان جانىڭ جانىم
ماڭ ماڭىپ
بالا بالاسى
قارا قاراسى
يىغلا يىغلاسام، يىغلاساڭ

دېگەنگە ئوخشاش.

(3) پېئىلنىڭ زامانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەسىلەن، كېتەدىمەن. بارادىمەن، قىلادىمەن، ئېتەدىمەن، ئۆتەدىمەن، قورقمايدىمەن، يانادىمەن باتۇرمەن، بارۇرمەن، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئويغۇلغۇمنى مەھكەم باغلا،
چۆرۈلۈپ ئوتلايدىمەن،
راست گېپىڭنى ئەيت ماڭا،
بۈگۈن ماڭماي توختايدىمەن.
جانىمنى ئالدىم قولۇما،
كىشىدىن قورقمايدىمەن.

ياكى:

نەگە يۈرسەڭ سىنى بىلەن بارۇرمەن،
كۆز ياشىمغا كېمە سالىپ ئۆتۇرمەن،
خۇدايىتالا جۇپ دوگادىن ئايرامىسۇن،
غېرىب بولسام شۇ يىمەندە ياتۇرمەن.

(لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدىن)

ھەر خىل شەكىلدىكى مۇنداق مىساللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، لوپنۇرنىڭ چەت جايلىرىدىكى ياشانغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندى كۆپرەك ساقلانغان بولۇپ، ئۇنى تەرجىمىسىز چۈشىنىش قىيىنراق. بۇ هال كۆپىنچە ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ئەسكى ئويۇكوشانى
قىلغان ۋەدىسى قانى؟
خاننى يارىشى بىلەن
خاننى سولتانلىرىدەك
چىقتىلا ئوما قوشتاپ
قاناتىدا ئەگىشىپ.
تاس كويگەن تاموس ئۇ جاڭ
تاموس قولۇۋ يېگىشىپ.

ياكى:

قەرىلنى قوغادا
ئەمدى ئىسنى يىغدى.
ئۇيقىدا ياتقان يۈرەك،
بۇگۈن چۈشۈمگە كىردى.
ئوجولۇتۇ ئويۇغۇك
ياخشى كوڭلۇمنى بىلدى.

بۇ پارچىلاردىكى «كوشا» (كوچا – مەھەللە)، «قوشتاپ» (قوشلاپ)، «تاس» (تاز)، «قاموس» (تومۇز)، «ئۇجاڭ» (؟)، «قەرەل» (مەنزىل)، «ئىس» (ئەس)، «ئوجولۇق» (قەبىلە نامى بولۇشى ئېھتىمال)، «ئويۇغۇك» (ئۇرۇق – پۇشتۇك) قاتارلىق سۆزلەر «ئارخائىزمغا ئايلانغان» قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر بولسا كېرەك. بۇنداق قوشاقلارنىڭ تىل شەكلى، ۋە لېكسىكى-

لىق تۈزۈلۈشلىرىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تىل قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، لوپنۇر تىلىدا 11 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان، بىز لوپنۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق، فونېتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن سېلىشتۇرساق لوپنۇر تىلىدىكى بىزنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى «دىۋان» دا تىلشۇناسلىق ئىلمىگە خاس قانۇنىيەتلەر بىلەن چوڭقۇر ئىزاھلانغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا لوپنۇر تىلى بىزنى ئەمەلىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنداقلا تۈركىي تىللار سىستېمىسى ئىچىدىكى قارلۇق تىل گۇرۇپپىسىنىڭ بەزى تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

5. لوپنۇرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە خىلمۇ خىللىقى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

لوپنۇر — ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي رايونلارنىڭ بىرى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىلىك شەكىللىرى بۇ جايدا كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان. بىز لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنى ئوقۇساق مەزمۇنى، شەكلى، تىل - قۇرۇلۇشى ۋە باشقا بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن باشقا جايلارنىڭ خەلق قوشاقلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ئادەتتە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە شەكىل جەھەتتىن كۆپرەك ئۇچرايدىغىنى ۋە بىرقەدەر ئومۇملاشقىنى يەتتە بوغۇمدىن تۈزۈلگەن تۆت مىسرالىق قوشاقلاردىن ئىبارەت. لېكىن لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ئالتە مىس-

رالىق قوشاقلار ئىگىلەيدۇ. ئالتە مىسرالىق قوشاقلارنىڭ رىتىم ۋە تىزىراقلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇپ، ئۇ، لوپنۇرنىڭ يەرلىك كۆي خۇسۇسىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، يەنى لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆي رىتىمى ۋە مەلودىيە ئۆزگىرىشلىرى كۆپىنچە ئالتە مىسرالىق، ئالماش قاپىيىلىك قوشاقلارغا ماس كەلگەچكە، لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى ئالتە مىسرالىق قوشاقلار تەشكىل قىلغان، ھەربىر ئالتە مىسرا (بىر كۇبلېت) دىكى ئىدىيەۋى پىكىر ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىقتا ئىگە بولۇپ، شۇ ئارقىلىق مۇئەييەن ۋە كونكرېت شېئىردي ئوبراز بارلىققا كېلىدۇ. رىتىملىرى ئېنىق ۋە مۇقىم، ۋەزنى يەڭگىل تۈزۈلگەچكە ئوقۇشقا ئەپلىك، مۇزىكىلىقى كۈچلۈك بولىدۇ.

مەسىلەن:

تۇگا چۈشەك ئۇستىدە،
ئاغچا خاتۇن ياتادۇ.
قولىدا پۇل يوقۇچۇن،
ئاتام مىنى ساتادۇ.
ئەلىمگە پايلاماي،
تىلەك قوشوق قاتادۇ.

ياكى:

كوڭلىدىكى يارىغا،
چاي بىرىدۇ قايماقلاپ.
يارى يۈرگەن يول بىلەن،
ماڭالمايسەن مايماقلاپ.
قۇچاغلىسام خوپ كۆرمەي،
چىقىپ كەتتىڭ ناينىقلاپ.

يەتتە بوغۇملۇق ئالتە مىسرالىق قوشاقلاردىن باشقا 10 بوغۇملۇق 6 مىسرالىق قوشاقلارمۇ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:

لاچىن بالىسى سايرايدۇ تاغدا،
سەمەر① كېلىنگلار ئوينايلى باغدا.
سەمەر كەلمىسەڭ قاچان كېلىسەن،
ئوتتۇم ئىچىدە كۆيۈپ بىلىسەن.
تارىسام كودەي تامغا ئونمەيسەن،
خىلىڭدا يارنى تاپىپ كېلىسەن.

لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە ئالتە مىسرالىق قوشاقلار-دىن باشقا يەنەبەش مىسرالىق، تۆت مىسرالىق قوشاقلارمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بەش مىسرالىق لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تارى-خى نىسبەتەن ئۇزۇنراق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇنداق ئى-پادىلەش ۋاسىتىلىرى، تىل قۇرۇلۇش جەھەتلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ نۇسخىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:

مۇز ئاستىدا كون پاتىپ،
ئۆيۈڭگە كەلدىم ئوخلاماي.
شۇل ئىچىدىكى ئارمانىم
ماختاپ ئاتىڭنى توختاماي،
يار كۆزۈڭ خومار ئىدى.
يار كۆزى خومار ئىدى،
كۆكسىدىكى تومار ئىدى.
بۇلتۇرغى شو ئابدالدىكى (ئابدال - يەر ئىسمى)
زەپ قىيامەت دۇنيا ئىدى.
چىرايىڭ بولەك جۇسون.②

---

① سەمەر — يوشۇرۇن.
② جۇسون — سۇزۈك.

ياكى:

قويمىدى ئۆز مەيلىگە،
ئۇمۇ كەتتى بىزدىن تويۇپ.
خەنجەرگە سانچىلسا،
بىزمۇ زورىخاندەك بولۇپ،
تالچىلار سوقور① بويۇن.

تالچىلار سوقور بويۇن
بىرگە توختاتقىن كۆكۈل باغى.
پاختا ② باشتەك بورۇماي،
تارازا توقو بۆزۈگنى
مەن بىلدىم چىن كۆكلۈگنى.

بۇنداق قوشاقلارنىڭ تۇراق ۋەزىتىمى ئالتە مىسرالىق قوشاقلارنىڭ تۇراق، رىتىمىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ھەمدە ھەربىر كۇبلېتنىڭ 4 مىسراسى ئالماش ياكى قاپىيىدىلىشىپ ئاخىرقى 5 ـ مىسرا شۇ كۇبلېتتىكى شېئىردىي پىكىرنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئالدىنقى مىسرالارغا قاپىيىلىشىش شەرت قىلىنمايدۇ. ئەمما ئۇ نىقرات (ياندۇرۇش) سۈپىتىدە 2 ـ كۇبلېتنىڭ 1 ـ مىسراسى بولۇپ تەكرارلىنىپ ئالدىنقى كۇبلېت بىلەن كېيىنكى كۇبلېتلارنىڭ مەزمۇنىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. شۇ ئارقىلىق قوشاقتا تېخىمۇ گۈزەل بەدىئىي تۈس كىرگۈزىدۇ، مۇزىكىدارلىقنى كۈچەيتىدۇ.

تۆت مىسرالىق لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە شەكىل جەھەتتىن باشقا جايلاردىكى تۆت مىسرالىق قوشاقلارغا ئوخشايدىغانلىرىدىن باشقا يەنە بوغۇم سانى، ۋەزنى، قۇرۇلۇشى ۋە

① سوقور — ئۆردەك، غازتىپىدىكى قۇش.
② پاختا — يۇمشاق مەلىسىدە.

رىتىمى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدىغان قوشاقلار ئاساسلىق ئو-
رۇندا تۇرىدۇ.

مەسىلەن:

قارا ساچىڭ نەم يەرلەرنىڭ قىياقى،
باراي دېسەم شۇ يوللارنىڭ يىراقى.
چولپان بولۇپ قاراڭغۇنى يورۇتقان
قىزىلگۈلۈم — باياۋاننىڭ چىراقى.

× × ×

ئاينى توسۇپ بۇلۇت ئېلىپ قاچقاندەك
خامان تېپىپ ھوسۇلنى چاچقاندەك
قىزىلگۈلۈم نەدە تۇزۇپ يۈرۈيسەن
كۆزدە ئوجۇل قاسرىقىنى ئاچقاندەك.

(«قىزىلگۈلۈم» داستانىدىن)

مۇنداق قوشاقلار قاپىيە جەھەتتىن $AABA$ شەكلىدە، تۇراق جەھەتتىن $4+4+3=11$ شەكلىدە تۈزۈلىدۇ.

قىسقىسى، لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى باي. شەكلى خىلمۇ خىل، ستىلىستىك ۋاسىتىلىرى رەڭمۇ رەڭ، مۇزىكىدارلىقى قويۇق، ھېس - تۇيغۇسى كۈچلۈك بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا گۈزەل بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ.

لوپنۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلۇشى ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكى، ئايرىم تەتقىقات تېمىسى بولغاچقا بىز ماقالىمىزدە بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمىدۇق.

ئومۇمەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ جۇغراپىيىسى، تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، تىلى ۋە ئەدەبىياتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى يۈزەكى ھېسسىياتلىرىمىزدىن شۇنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، لوپنۇر ھازىرقى زامان ئىلىم دۇنياسىدا ھەر ساھەدىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئوبيېك-

تى بولۇشقا تېگىشلىك «سىرى» ئېچىلمىغان رايونلارنىڭ بىرى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا لوپنۇر بىزنى كۆپلىگەن پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەن ئارخېئولوگلارنىڭ، تارىخشۇناسلارنىڭ، تىلشۇناسلارنىڭ ۋە ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ لوپنۇرلۇقلار ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا، بۇ گۈزەل مۇنبەت تارىم ۋادىسىنىڭ «سىرى» نى يېشىپ ھەل قىلىنمىغان مەسىلە ۋە سوئاللارغا ئەمەلىي جاۋاب تېپىشقا تىلەكداشمەن.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن شامان دىنىغا بىر نەزەر

بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك) ناملىق ئەسىرى يالغۇز ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن سېلىشتۇرما لۇغەت كىتابى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ قاراخانىلار دەۋرىدىكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي - مەدەنىي ھاياتىنى، جۇملىدىن ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت - سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپەۋى - ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، دىنىي - ئېتىقاد ۋە ئىشەنچلىرىنى، ئېتنوگراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇستۇر. ھەقىقەتەن مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بۇ ئەسەرنى ئۆز دەۋر شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى يېگانە ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ ھەمدە ھەيران قالدۇرارلىق مەلۇماتلىرى بىلەن ئادەتتىكى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئائىت لۇغەتلەردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ «دىۋان» ىغا كىرگۈزگەن يەتتە مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق سۆز ۋە ئىبارىلەرنى ئىزاھلىغاندا ياكى بۇ سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئىستېمال مەنىلىرىنى شەرھلە-

گەندە شۇ سۆزلەرگە تەئەللۇق ھەر خىل تارىخىي مەلۇماتلارنى، جۇغراپىيىلىك ۋە ئاسترونومىيىلىك مەزمۇنلارنى، كۆپلىگەن ھېكمەتلىك ماقال - تەمسىل، ئەپسانە - رىۋايەت، قوشاق - بېيىت، شېئىر قاتارلىق تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي پارچىلارنى، دىن ۋە ئېتىقاد شەكىللىرىنى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى، دورا - دەرمەك ۋە تىبابەتچىلىك بىلىملىرىنى، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر ماتېرىياللارنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ھەرقايسى ساھەلەرگە ئائىت يۇقىرىقىدەك كۆپ تەرەپلىمىلىك مەزمۇنلارنى سىڭدۈرۈپ مۇھاكىمە قىلغانلىقى بۇ ئەسەرنىڭ يۈكسەك ئىلمىي قىممىتىنى ئىشىنەرلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسلام دىنى تارقىتىپ (دەسلەپ بۇخاراغا مىلادى 717 -، 718 - يىللىرى ئىسلام دىنى كىرگەن) 366 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقىلىپ (مىلادى 961 - يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاقتىدا) 113 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قويۇق ئىسلامىيەت شارائىتىدا بىر تەقۋادار مۇسۇلمان ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلدى. شۇنداق بولغاچقا ئىسلامىيەت ئىدېئولوگىيىسى بۇ ئەسەردە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىلەيدىغانلىقى شۈبھىسىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاراخانىلار خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى بولغان ئىسلام دىنى بىلەن قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى بولغان بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدا دىنىي كۈرەش كەسكىن داۋام قىلىۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا يېزىلغاچقا، ئەسەردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى»نى «كاپىرلار»

دەپ ئەيىبلەيدۇ ۋە سۆكىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «Kənd» سۆزىنى ئىزاھلاپ تۆۋەندىكى شېئىرنى مىسال قىلىدۇ:

Kəlni zləyü aktimiz
Kədlər üzə qiktimiz
furhan əvin yiktimiz
buhan üzə siqtimiz

[كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق.
بۇتخانىنى يىقىتتۇق
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق]

...ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلكۈندەك ئېقىپ باردۇق، شەھەرلىرىگە باستۇرۇپ كىردۇق، بۇتخانىلىرىنى بۇزدۇق، بۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە چىچتۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى شۇنداق، كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا بېسىپ كىرگەندە ھاقارەتلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇتلىرى بېشىغا تەرەت قىلىدۇ. ( I توم، 448 - بەت )

روشەنكى، يۇقىرىقى پارچىلار ئۇزۇن مۇددەت ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەرىيە ئۇيغۇرلىرى بىلەن تېخى مۇسۇلمانلاشمىغان ياباقۇ، باسمىللار (بۇددىست ئۇيغۇرلار) ئارىسىدا يۈز بەرگەن 1041 - يىللاردىكى كەسكىن جەڭ مەنزىرىسى سۈرەتلەنگەن داستانلاردىن ئېلىنغان. دېنىي جەھەتتىكى كەسكىن ئايرىما تۈپەيلىدىن شەرقىي ئۇيغۇرلار بىلەن غەربىي ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇنداق توقۇنۇشلارنىڭ ماھىيىتى ئىسلاملاشتۇرۇش بولغاچقا، ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئائىت مەلۇماتلارغا زادى ئورۇن بەرمىگەن، ئەكسىچە گېپى كەلگەندە ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان بۇددىست ئۇيغۇرلارنى

ئەيىبلىگەن. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى ئالىمنىڭ ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى دۇنيا قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

لېكىن، «دىۋان» (ئەسەرنىڭ نامىنى قىسقارتىپ «دىۋان» دەپ ئالىمىز) دا كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان بىر مۇھىم نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ، ئەسەردە ئىپتىدائىي شامان (قام) دىنىغا ئائىت 40 نەچچە ئاتالغۇنىڭ ئىزاھلاپ بېرىلگەنلىكى، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى تەقۋادار مۇسۇلمان سۈپىتىدە بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئائىت مەلۇماتلارنىڭ «دىۋان» ئىچىگە كىرىپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ، ئەمما شامان ئەقىدىلىرىگە ئۇنداق قارىمايدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ بۇ ئەلۋەتتە ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

ئارخېئولوگىيىنىڭ ئىسپات قىلىشىچە، بۇرۇنقى قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرغاندا ئالدى بىلەن ئالتاي دالىسىدا شامان دىنى پەيدا بولغان. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇملۇقتىن تېپىلغان شامان ئېتىقادىغا تەئەللۇق نۇر چاقناپ تۇرغان قۇياش شەكىللىك قەدىمكى قەبرىلەر ۋە چەرچەننىڭ تۇزلۇققاش قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىل بۇرۇنقى مەشئەللەر ئاشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ ئەنە شۇ قەدىمكى مىڭ دەۋرلەردە «قۇياش» نى تەڭرى قىلغان (يورۇقلۇق ئىزدەش، يورۇقلۇققا چوقۇنۇش) ئىپتىدائىي شامان دىنىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە كېيىن ئېتىقاد قىلغان ھەمدە باشقا دىنلارنىڭ ھەممىسىنى شامان ئېتىقادى ئاساسىدا قوبۇل قىلغان، بەزىدە بولسا بىرنەچچە دىننى ئۆزئارا سىڭىشتۈرۈپ ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان بىر دىننى ئىجاد قىلغان. ئۇيغۇرلار شامان

دىنىغا ئېتىقاد قىلغان تارىخىي دەۋرى ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا، شامان ئېتىقادى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا شامان دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى تاشلىمىغان.

شامانىزم شىمالىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا «پېرىخۇن، باقشى، سېھىرگەر» مەنىسىنى بىردىغان شامان ئاتالغۇسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپ ئۇرال-ئالتاي خەلقلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان. «شامان» سۆزى مانجۇ-تۇڭگۇس تىلى بولۇپ (بەزى ئالىملار سانسكرىتچە دەپمۇ قارايدۇ) قەدىمكى تۈركىي مەنبەلەردە ئومۇمىيۈزلۈك «گام» (كام) دەپ ئاتالغان.① ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا كەڭ تارقالغان بىرقەدەر ئىپتىدائىي دىن بولۇپ، شامان دىنىدىكىلەرنىڭ يا مەسچىت-ئىبادەتخانىسى، يا دىنىي ئەھكاملىرىنى شەرھلەيدىغان مۇقەددەس كىتابلىرى بولمىغان، ئەمما ئۆزىگە خاس دىنىي كۆز قارىشى شەكىللەنگەن. خەنزۇچە مەنبەلەردە، شامان دىنىدىكىلەر تەڭرىگە (ئىلاھقا) چوقۇنىدۇ، شامان دىنىدا ئالەم ئۈچكە، كونكرېتلاشتۇرغاندا، جەننەت—پەرىشتىلەر ماكانى، پانىي دۇنيا — بەندىلەر ماكانى، جەھەننەم—جىن-شەيتانلار ماكانى دەپ ئايرىلغان. دىنىي ئىمتىيازلىق جەھەتتە پېرىخۇنلار (ياخشى) ھەممىگە قابىلمىز دېيىشىدۇ. ئۇلار جىن-شاياتۇنلارنى قوغلاپ كېسەللەرنى داۋالىغاندىن سىرت، رەم سېلىپ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ، دېگەنگە ئوخشاش مەلۇماتلار بار. شۇنداق قىلىپ شامان دىنىدىكىلەر پېرىخۇن، باخشى،

---

① «ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى» ئىستانبۇل، 1979-يىل نەشرى، 11-توم، 320-بەت.

سېھىرگەرلەرگە (قام-شامان) ئىلاھ ئورنىدا چوقۇنغان، پۈتكۈل ئىشلاردا (تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش، باي بولۇش ياكى نامراتلىشىش، بەخت-سائادەت، قايغۇ-ئەلەم، تىنچلىق، جېدەل-ماجىرالار...) شامانىنىڭ تەبىرىنى مۇتلەق ھەقىقەت دەپ بىلگەن. ئاشۇ سەۋەبتىن ئۇ دەۋردە دۇرۇت-ئەپسۇن (ئەرۋەش) ئوقۇش، رەممالىلىق ۋە سېھىرگەرلىك جەھەتلەردە كامالەتكە يەتكەن.

شامانىزمنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقانلىقى ۋە كەڭ ئەۋج ئالغانلىقى ھەققىدە دوساڭنىڭ «مۇڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ناملىق كىتابىدىمۇ كۆپ مەلۇماتلار يېزىپ قالدۇرۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى—«ئوغۇزنامە» دىمۇ شامانىزم ئېتىقادىغا ئائىت كۆپلىگەن ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەتتا ئۇيغۇرلار 10-ئەسىردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ پېرىخونلۇق، سېھىرگەرلىك، چۈشكە تەبىر بېرىش، رەممالىلىق، مۇنەججىملىك، دۇرۇت-ئەپسۇن ئوقۇش قاتارلىق شامانىزمنىڭ ئومۇملاشقان ئېتىقاد شەكىللىرىنى ئاشكارا ياكى ئاشكارىسىز ھالدا داۋاملاشتۇردى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرى مەۋجۇت. بۇ ھال بىزگە، ھەرقانداق بىر دىن ئۆزىدىن بۇرۇنقى دىنلارنىڭ تەسىرىنى پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىشقا قادىر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، مەيلى قايسى دىن بولسۇن ھەممىسى دېگۈدەك رېئاللىقنىڭ يالغان ئىنكاسى، ئۇ بىر خىل «روھىي ئەپيۇن» سۈپىتىدە كىشىلەرنى زەھەرلەش، بىخۇتلاشتۇرۇش، نادانلاشتۇرۇش ۋە خۇراپىيلاشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە. لېكىن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىش ۋە

ئۇنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تەرەققىيات جەريانـ لىرىنى ئىگىلەپ جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا ھەرقايسى دىنلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇ مەقسەتتە ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نامىلىق ئەسىرىدە ئىزاھلانغان شامان دىنىغا ئائىت تۆۋەندىكى سۆز ـ ئىبارىلەرنى تاللاپ يولداشلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىغا سۇنىمىز:

1. اِسرِق isrik — بالىلارنى جىن ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز، ئىسرىقنىڭ ئىسى بالىنىڭ يۈزىگە تەگـكۈزۈلۈپ «اِسرِق اِسرِق isrik، isrik — ھەي، كۆچـكۆچ!» دېيىلىدۇ.

(I توم 134 ـ بەت)

(ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە كۆپىنچە بالىلار تاساـدىپىي كېسەلگە يولۇققاندا «ئەرۋاھ»نىڭ روھىغا ئاتاپ ئىسرىق سېلىش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ساپال قاچىغا ئوتنىڭ چوغىنى ئېلىپ ئۈستىگە ھايۋاناتنىڭ خام مېيىنى تاشلاش ياكى ئالما قېقى، ئادراسـمان قاتارلىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ بىر خىل پۇراق چىققاندىن كېيىن كېسەل كىشىنىڭ بېشىدىن «ئىسرىق ـ ئىسرىق» دەپ ئۇلۇك ۋە تەتۈر ئايلاندۇرۇشتەك ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئىسرىق سېلىش» دەپ ئاتايدۇ).

2. اَرشُك ərxük — چاپلاشقاق كېسەل

(I توم 142 ـ بەت)

(ئاساسەن ئاتالمىش «جىن چاپلىشىۋالغان» لىق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان كېسەللىكنىڭ نامى).

3. ئۇماي umay ئۇماي، ئەش، يولداش، ھەمراھ.

ئاياللارنىڭ كۆزى يورۇغاندا، بالىدىن كېيىن چۈشىدىغان نەرسە. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: umay oqa tabinsa» oqul bolur («ئۇمايغا تابىنسا ئوغۇل بولۇر)

(I توم 167-بەت)

ئايال ئىلاھ ئۇماي ھەققىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ كۆپلىگەن ئەپسانىلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئەسلىدە كۆپ خۇدالىقدىن بولغان شامان دىنىدا يارىتىلغا ئىلاھ بولۇپ، ئۇماي باللار ھامىسى، بەخت مەبۇدىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت خاتىرىلەردىمۇ ئۇمايىنىڭ نامى بۈيۈك تەڭرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» شەرق تەرىپىنىڭ 31-قۇرىدا «ئۇماي تەگ ئۈگىم قاتۇن قۇتىڭا ئىنىم كۆلتېكىن ئەر ئات بولتى»① (ئۇمايدەك ئانام خانىشنىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۆلتېكىن ئەر ئاتالدى) دەپ يېزىلغان. دوڭخۇاڭ مىڭئۆيى 423-گۈللۈك كېمىرىدىكى تەسۋىرىي سۈرەتتە قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان شەرقىي ئىلىگبەگنىڭ ئۈچ قۇر ئەجدىھاغا مىنىپ كوئىنلۇن تېغىغا بارغاندا ئۇماي ئانا سۇمۇرغقا مىنىپ ئۇنى كۈتۈۋالغانلىقىغا دائىر كۆركەم مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن. خەنزۇچە مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، شۇ زامانلاردا شىيا يۈنىڭ ۋۇجياڭ دەرياسىنىڭ شيەنبا بوغىزىنى تىزگىنلەپ

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانمىلار» 1984-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 71-بەت.

خەلققە بەخت كەلتـۈرۈش ئۈچـۈن جاپالىق ئەمـگەك قىلغانلىقىغا غەربىي ئۇماي ئانىنىڭ 12 قىزى ئىنـ تايىن قايىل بولۇپ، شىيايۇگە ئاپىرىن ئوقۇغان. ئۇـ مايىنىـڭ قىزلىرى ئۆزلۈكىدىن يۇرتىـدىن ئايرىلىپ ۋۇجىياڭ دەرياسى ۋادىسىغا بېرىپ، شىيايۇگە ياردەمـ لەشكـەن. كېـيىن بۇ ئىشتـىن خەۋەر تاپقان ئۇماي ئانا، يولۇچىلارغا نىـشان بەلگـىلەپ بېرىـش ئۈچۈن قىزلىرىـنى خادا تاشـقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بۇ خادا تاشلار ھازىرغىچە بارمىش. ئۇماي ھەققىدىكى بۇنداق ئەپسانىلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ).

4. ابَاجِى abaqi ئالـۋاستى، ھـۆجۇ. بالىـلارنى قـورقـۇتۇش ئۈچۈن «Kəldi abaqi — ھۆجۇ كەلدى» دېيىلىدۇ.
(I توم 184 ـ بەت)

5. ابَاكِى abaki قارانـچۇق. كۆز تـەگمىسۇن دەپ بـاغ ۋە كۆكتاتلىقلارغا قاداپ قويىدىغان قارانچۇق.
(I توم 184 ـ بەت)

(بۇ ئادەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. كۆپىنچە بادىرا ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئىت، بۆرى، ئات، كالا، قـوي، ئۆشـكە قاتارلىق ھايۋاناتـلارنىڭ قۇرۇق كاللىسىنى بېكىتىپ ئوخشىغان كۆكتاتلىقلارغا قاداپ قويىدۇ. ياكـى ياغاچ قـوچاق ياساپـمۇ ئېسىپ قويىدۇ. ئۈزۈم چېكىلگەن مەزگىللەردە ئۈزۈم باراڭـ لىرىغىمۇ ئېسىپ قويۇش ئادىتى بار)

6. اُنكوزِين üŋüzin ئالۋۇن. چۆللەردە ئادەمنى ئازدۇرىدىـ دىغان ئېزىتقۇ.
(I توم 197 ـ بەت)

7. اَرْقَشْتِى araxti قاملار قىمغ ارْقَشْتِى Kamuq araxti

Kamlar ھەممە كاھىنلار (قام - شامان) ئەپسۇن - ئەر-ۋەش ئوقۇشتى. باش - كۆزگە چىققان يامان جاراھەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا سۆپكۆچ قىلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

(I توم 315 - بەت)

8. ئەسنەتتى tənriəsinəsnətti شامال چىقاردى، ئەسنەتتى əsnətti

تەڭرى شامال چىقاردى. yəkani əsnətti شەيتان ئۇنى ئەسنەتتى.

(I توم 352 - بەت)

9. ئەرۋەلدى arvaldi ئەرۋەشلەندى، ئەرۋەش ئوقۇلدى.

arvax arvaldi — ئەپسۇن ئەرۋەش ئوقۇلدى.

(I توم 331 - بەت)

10. ئەرۋادى arvadi ئەرۋىدى. Kam arvax arvadi —

باخشى ئەپسۇن - ئەرۋەش ئوقۇدى. (I توم، 373-بەت)

11. بتك bitik پۈتۈك كىتاب، مەكتۇپ، يېزىلغان نەرسە، تۇمار.

(I توم 499 - بەت)

12. قلباق Kulbak. تۈرۈكلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى (شامانىزم ئەۋلىياسى. ئا) ئېيتىمىشلارغا قارىغاندا ئۇ قارا تاشقا «tənri Kuli Kulbak» دەپ يازسا، ئۇ ئاق بولۇپ چىقىدىكەن، ئاق تاشقا يازسا قارا بولۇپ چىقىدىكەن، ئۇنىڭ ئىزلىرى تا ھازىرغىچە بار ئىكەن.

(I توم 620 - بەت)

13. بندال bandal ياغاچتىن چىقىدىغان، تاغاق سۆڭىكىگە ئوخشاش تارشا. بۇنىڭ ئۇچىنى ياندۇرۇپ كېچىسى باللار بىر - بىرىگە ئېتىپ ئوينايدۇ. بۇ «otbandal» دېيىلىدۇ. چوكەن ئويۇنىدا ئوينايدۇ.

(I توم 628 - بەت)

(يېقىنقىچە ئۇيغۇرلار ئائىلىدە سەرەڭگە ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن يەرلىك مەھسۇلات — «تارشا گۇ-گۇت» ئاشۇ bandal دىن كەلگەن)

14 • تتغلغ tutuqluq جىنلىق يەر، جىن بار يەر، ئۆتكەن كىشىلەرگە جىن چاپلىشىدىغان يەر.
(I توم 645 – بەت)

15 • ارق irk رەممالىلىق، پالچىلىق، بىراۋنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماق. (I توم 60 – بەت)

(قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر ھەرپىدە IX ئەسىردە يېزىلغانلىقى تەخمىن قىلىنغان «ئىرىق بىتىك» ناملىق پال كىتابى بولۇپ، ئۇنى دەسلەپ V. تومسىن (دانىيىلىك) ئوقۇغان ۋە نەشر قىلدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭ بۇ پالچىلىق كىتابى خەلقئاراغا مەلۇم بولغان).

16 • ازق izuk قۇتلۇق ۋە مۇبارەك نەرسە، ئىرىملىق نەرسە. ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن مال «izuk» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا يۈك ئارتىلمايدۇ. ئۇنىڭ سۈتى سېغىلمايدۇ، يۇڭى قىرقىلمايدۇ، ئىگىسى ئۇنى بىرەر نەرسىگە ئاتاپ ساقلايدۇ. (I توم 89 – بەت)

17(A) • يت yat يادا، بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار (يادا تاشلار) ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىغانىدى. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى.

(Ⅱ توم 2 ـ بەت)

17(B). ياتْ yat يادا. يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە شامال چىقىرىش ئۈچۈن يادا تېشى بىلەن قىلىنىدىغان كاھىنلىق. (Ⅱ توم 218 ـ بەت)

(«ھاۋاغا تەسىر ئۆتكۈزۈش» ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئەپسۇنلارنىڭ بىرى «يادا تاش» ئەپسۇنى بولۇپ، ئۇ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان شامان ئېتىقادلىرىدىن بىرى. ئۇ يامغۇر، قار، مۆلدۈر ياغدۇرۇش ئىلتىجاسى سۈپىتىدە كۆككە قاراپ ئېيتىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «يادا تاش» ئەپسۇنى ئاساسىدا «يامغۇر تىلەش» مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلەتتى. تا يېقىنقى كۈنلەرگىچە قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەندە ئەل ـ يۇرت بويىچە «زاراخەتمە» نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان «سۇ تىلەش» مۇراسىملىرى ئەنە شۇ شامان ئېتىقادىنىڭ داۋامىدىن ئىبارەت. ئەلىشىر نەۋائىي «فاۋائىدولكىبەر» ناملىق ئەسىرىدە «يادا تاش» نى تىلغا ئېلىپ، مۇنداق يازغان:

يادا تاشقا قان تەگكەچ ياغىن ياغقۇدەك، ئەي ساقى،
ياغار يامغۇردەك ئەشكىم چون بولۇر سىراپ ئالود).①

18. يَلْوِى yəlvi سېھىر. yəlvqi ـ سېھىرچى، سېھىرگەر.
(Ⅱ توم 42 ـ بەت)

19. يَرَتْقَانْ yaratqan ياراتقان، ياراتقۇچى.
təŋri ol yəring yaratqan ـ تەڭرى يەرنى ياراتقۇچىدۇر.

(Ⅱ توم 70 ـ بەت)

(«تەڭرى» سۆزى ئەسلىدە شامان ئاتالغۇسى بولۇپ

① قەدىمكى تۈركلەردىن تارىخى. ئىستانبۇل، 1976 ـ يىل تۈركچە نەشرى، 135 ـ بەت

«خودا مەنىسىنى بېرىدۇ. شامان دىنىدىن كېيىن پەيدا بولغان دىنلارمۇ «تەڭرى» نامىنى قوبۇل قىلغان.

م: بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھى «بۇددا» نى «تەڭرى بوزمان»دەپ ئاتىغان. مانى دىنىنىڭ ئىلاھى «مانى» نى «تەڭرى مانى بورخان»دەپ ئاتىغان. زارو ئاستى دىنىنىڭ ئىلاھى—«ئەرز» نى «ئەزروئا تەڭرى» ياكى «ئەرزوئا تەڭرى بورخان» دەپ ئاتىغان. ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھى — «ئاللا» نى «تەڭرى» ياكى «باياۋت»، ياكى «ئىدى» دەپ ئاتىغان. «خۇدا» — پەھلىۋى تىلىدىن كەلگەن، «ئاللاھ» ئەرەب تىلىدىن كەلگەن ئاتالغۇدۇر. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان ئىلاھ «تەڭرى» ئىدى. تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە «تەڭرى» دېگەن ئىلاھ نامى مىلادىدىن ئىلگىرى 3 - ئەسىردىلا ھون تىلىدا مەۋجۇت ئىدى. («تارىخنامە، ھون تەزكىرىسى» گە قاراڭ) قەدىمكى شامان ئېتىقادى بويىچە، ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان تەبىئىي ھادىسە — كائىناتنى «تەڭرى» دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنى «يورۇقلۇق ئالەم» دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا، ئېتىقاد قىلغان).

20. يغتقان yaoqitoqan ياغدۇرىدىغان، ياغدۇرغۇچى təŋri ol
yaoqmur yaoqitoqan — تەڭرى يامغۇر ياغدۇرغۇچىدۇر.

21. توغ tuoq تۇغ، باي-راق، han tuoqluoq tokuz — توققۇز تۇغلۇق خان ياكى خاقان. خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەرقانچە كۆپەيسىمۇ مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ، تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ. چۈنكى توققۇز سانى خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ. خاننىڭ بۇ تۇغلىرى كاكىكۈك ئاغزى رەڭلىك يىپەك

رەختىن ياسىلىدۇ. بۇمۇ خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

(Ⅱ توم، 176 – بەت)

(ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تۇققۇزنى مۇقەددەس سان دەپ قاراپ ئۇنىڭغا ئەقىدە باغلاپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتە ئۇلارنىڭ قەدىمكى دەپنە قىلىش ئادىتىدە ئۆلۈكنى كۆمگەندە يېنىغا 9 دانە يۇمىلاق تاشنى تىزىپ قويغان ياكى قەبرە ئورنىغا 9 دانە تاش يۆلەپ قويغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.)

•22 كوكْ كوك Kok، ئاسمان، ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: kəkkə suzsa yüzgə tüxür — ئاسمانغا تۈكۈرسە، يۈزگە چۈشەر. بۇ «ماقال باشقىلارغا يامانلىق قىلساڭ ئۆزۈڭگە قايتىدۇ» دېگەننى ئىشارەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

(Ⅱ توم 182 – بەت)

مەھمۇد قەشقەرى بۇ ماقالنىڭ بىرلا مەنىسىنى كۆرسەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا بۇ ماقال قەدىمكى شامانلارنىڭ كۆكنى ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلاش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. چۈنكى شامان دىنىدا «كۆك تەڭرى» ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن مۇقەددەس ئىلاھتۇر.

•23 يَلْ yəl جىن، جىن شامىلى. ər yəlpindi ئادەمگە شامال دارىدى، يەنى جىن چاپلاشتى.

(Ⅱ توم 197 – بەت)

•24 ياكْ yək شەيتان. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: bilmix yək bilməzük kixidən yəg — تونۇش ئەمەس كىشىدىن تونۇش شەيتان ياخشى.

(Ⅱ توم 219 – بەت)

25. قوۇچ Kowuq جىن تەگكەنلىك ئەسىرى. مۇنداق
ئادەمنى داۋالاشتا يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىپ «Kowuq-
Kowuq» دېيىلىدۇ. ئادراسمان ۋە ئۇد ھىدى بىلەن
ئىسرىق سېلىنىدۇ. بۇ سۆز «Kaq-Kaq — ھەي جىن!
قاچ، قاچ» سۆزىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك.
(I توم 223-بەت)

26. قوۇز Kowuz. «Kowuq» سۆزى ئورنىدا قوللىنىد-
دىغان سۆز. ئۇيغۇرچە yəl Kowuz bitiki — جىن
تېگىشكە قارشى ئوقۇلىدىغان ئەپسۇن.
(I توم 224-بەت)

27. نوم nom نوم، دىن، شەرىئەت. «təŋri nomi —
تەڭرىنىڭ دىنى ۋە شەرىئىتى» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭ-
دىن ئېلىنغان ھەمدە دىنلارغا «nom — نوم» دېيىلىدۇ.
(I توم 215-بەت)

28. قام Kam كاھىن، شامان. (I توم 215-بەت)
(شامانىزمدا روھلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋە يامان
روھلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قايتۇرىدىغان بىر دىن
ئادىمى ۋە كاھىنى① سۈپىتىدىكى شامانىنىڭ مۇھىم
بىر ئورنى بار. ئەنە شۇ دىن ئادىمى بەزىدە «قام» دەپ-
مۇ ئاتىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «قام» نى «كاھىن»
دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. شامانلىق — ئۆگىنىپ ئىگىد-
لەشتىن كۆپرەك ۋارىسلىق يولى بىلەن ئەۋلادتىن
ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان بىر كەسىپتۇر. شامانلار
ئاتا-بوۋىلىرىدىن ئۇدۇم بولۇپ قالغان «كوچ-قۇۋۋەت
بىلەن ئەپسۇن-ئەرۋەش ئوقۇپ ئاتا بوۋىلىرىنى،

① كاھىن — قەدىمكى مىسىر ۋە ھىندىلارنىڭ، مەجۇسىلارنىڭ ھەم موشرىك ئەرەب-
لەرنىڭ غايىبتىن خەۋەر بەرگۈچى روھانىي باشقىلىرى.

روھىناتلارنى چاقىرىشنى ئۆگىنىدۇ. يەنە شۇ كۆچ-لەر ئارقىلىق روھلار بىلەن ئۇچرىشىشقا ئۆتۈپ، ئۇ-لارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قايتۇرىدۇ. شامانىنىڭ ئۆتەي-دىغا تۆۋەندىكىدەك ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى بولىدۇ: ① بىر يىلغىچە تۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىگە ئىشىنىلگەن ئۆلۈكلەرنىڭ روھىنى ئۇ دۇنياغا ئەۋە-تىش؛ ② ھەر خىل روھلار بىلەن يولۇقۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قايتۇرۇش؛③ ئوۋچىلىقتىكى تەلەيسىزلىكىنى قاچۇرۇش، ئائىلىنى سائادەت بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغان مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش؛ ④ ئېغىر كېسەللىكلەرنى ساقايتىش. ئالتاي تۈركىي قوۋملىرىنىڭ قارىشىچە كېسەللىك ۋۇجۇدىدىن ئايرىلغان يامان بىر روھنىڭ يېپىشىۋال-غانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. شامانىنىڭ ۋەزىپىسى يېپىشى-ۋالغان روھنى تېپىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ۋاقتىدا شامان ياردەمچى روھلارنى چاقىرىشقا موھتاج بولىدۇ.)

29. بت biti مۇقەددەس كىتاب. ئاسماندىن چۈشۈرۈل-گەن كىتابلاردىن بىرى. (Ⅱ توم 300-بەت)

30. چۋى qivi جىنلار گۇرۇھىدىن بىرىنىڭ ئېتى. تۇ-رۇكلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئىككى يۇرت كىشىلىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشسا، ھەر ئىككى يۇرتتىكى جىنلارمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ئىگىلىرىنى قوللاپ ئۇرۇشىدۇ. جىنلارنىڭ قايسى تەرىپى يەڭسە، ئەتىسى شۇ يۇرت-نىڭ ئىگىلىرى غەلىبە قىلىدۇ. كېچىلىرى ئىككى يۇرت جىنلىرىنىڭ قايسى بىرى يېڭىلسە، شۇ جىنلار تۇرغان يۇرتنىڭ پادىشاھىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. تۈرك

ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن قايتقان كېيىنكى جىنلارنىڭ ئوقلىرى تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆز-لىرىنى دالدىغا ئېلىپ چېدىرلىرىغا كىرىۋالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەڭ تارقالغا بىر خىل چۈشەنچە.

(III توم 311 — 312 بەت)

•31 ارقـلادى irkladi پال سالدى، رەم باقتى. Kamirkladi

رەممال پال سالدى. رەممال رەم باقتى.

(II توم 600 - بەت)

•32 كاكُك kəkük كاككۇك، بىر خىل قۇش. سۆڭىكى ئەپسۇندا ۋە سېھىرگەرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ.

(I توم 418 - بەت)

•33 كُسكُك Kəsgük قارانچۇق. كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كوكتاتلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارغا ئېسىپ قويۇلىدىغان قارانچۇق. (5) ماددا بىلەن ئوخشاش).

(I توم 422 - بەت)

•34 ياتلاتت bəg yatlatti يادا قىلدۇردى. yatlatti بەگ (شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن) يادا قىلدۇردى. yatlatua - yatlatmak — بۇ تۈركىي يۇرتلىرىدا مەشھۇر بىر ئىشتۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىزنى بىلەن، يادا تاشقا ئوقۇش ئارقىلىق شامال، سالقىنلىق ۋە يامغۇر پەيدا قىلىدۇ.

(I توم 519 ، 520 - بەت)

•35 ايـق uyuk بەلگە، قارلىنچۇق، قارا، شەپە.

(I توم 114 - بەت)

•36 ارقـج arqquq ئازدۇرغۇچ، كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان، ئازدۇرىدىغان نەرسىلەر. «arquq aŋun — قايمۇقتۇر-غۇچى، ئازدۇرغۇچى دۇنيا. (I توم 128 - بەت)

ئۇچۇق، زۇكام. uqquk وچىق .37

(I توم 133 - بەت)

(«uqquk» - بۇ ئاتالغۇ قېرىنداش تۈركىي تىللار شېۋىسىدىكى «uqquk» ئاتالغۇسىنىڭ قەدىمكى شەكلىدۇر. ئۇيغۇرچىدا «uquk» سۆزى بىر خىل تاسادىپىي دۇچ كەلگەن كېسەلنىڭ نامى سۈپىتىدە ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە. يەنى بىر زۇكام تەسىرىدە بىر كېچىدىلا ئېغىز بۇرۇن ئەتراپىغا يارا چىقىپ كەتسە ئادەتتە «ئۇچۇق تېگىپتۇ»(قوقاق تېگىپتۇ دەپمۇ ئاتايدۇ) دەپ، ئۇنداق كېسەلنى شامان ئادىتى بويىچە «ئەپسۇن» ئوقۇپ داۋالايدۇ ياكى يەتتە ئۆيدىن پۇرۇچ تىلەپ بېشىدىن ئۆرۈيدۇ، بۇي سالىدۇ.)

ئۇرۇن ~ يۇرۇن، ھەرقانداق ئاق نەرسە. ئوغۇزلار ئۇنى « اق «ak دەيدۇ. ürüŋ ورنك .37

(I توم 181 - بەت)

(ئەسلى ئاقلىقنى بىلدۈرىدىغان مەنىسى «ئاق» دېمەكتۇر. كۆپلىگەن تۈركىي خەلقلەردە سۈت ۋە سۈتتىن ياسىلىدىغان ھەر خىل يېمەكلىكلەر (ياغ، قايماق، قۇرۇت، ئايران، ئىرىمچىك، قىمىز قاتارلىقلار) «ürüng» دەپ ئاتىلىدۇ. ياقۇتلاردا ھازىرمۇ شۇ خىل يېمەكلىكلەر «urung as» دېيىلىدۇ. شامان ئېتىقادىدا «ürüng» ئالاھىدە ئۇلۇغلىنىدۇ ۋە مۇقەددەسلىنىدۇ).

ئۆرۈم. پالچىغا بېرىلىدىغان ھەق. øruŋ ارنك .38

(I توم 181 - بەت)

Køktəmür kərü turmas تۆمۈر. بۇ سۆز təmür تمر .39

— دېگەن ماقالىدىمۇ كەلگەن. بۇ «كۆك تۆمۈر بىكار تۇرمايدۇ، تەگكەن يېرىنى يارىلايدۇ» دېگەن

بولىدۇ. بۇنىڭ باشقا بىر مەنىسىمۇ بار. قىرغىز ياباقۇ، قىپچاق ۋە باشقا خەلقلەر قەسەم ئىچكەندە ياكى ۋەدە قىلغاندا، قىلىچنى يالىڭاچلاپ، ئالدىغا كۆندىلەڭ قويىدۇ-دە، bu kɵk kirsün kizil qiksun دەيدۇ. بۇ «ۋەدە بۇزۇلسا قىلىچ قانغا بويالسۇن. تۆمۈر ئۆچ ئالسۇن» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

(I توم 469 - بەت)

40. يُرن yurun يورۇن~ژورۇن. يىپەك رەخت پارچىسى «yurun yuka» دېگەن سۆزمۇ مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

(II توم 26 - بەت)

(«يۇرۇن~ژۇرۇن» سۆزى تىلىمىزدا ھازىرمۇ «ئۇزۇنىغا يىرتىلغان رەخت ياكى يىپەك رەخت پارچىسى» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ ۋە كۆپىنچە پېرىخۇنلۇق لېكسىكىسى دائىرىسىدە كۆرۈلىدۇ. پېرىخونلار «تۇغ» چىقارغاندا ئۇنىڭغا ھەر خىل رەڭدىكى رەخت پارچىلىرىنى (قۇراق) چېگىپ قويىدۇ، شامان باخشىلىرى ئۆزىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇپ كېيىملىرىگىمۇ «يۇرۇن» نى تىكىۋالىدۇ. بەزى كادالڭ (قەبرى) دەرەخنىڭ شاخلىرىغا قۇراق رەختلەرنى ئېسىپ قويۇشىمۇ ئاشۇ ئېتىقادتىن كەلگەن). دېمەك، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئىچىدىن تاللاپ چىقىلغان يۇقىرىقى سۆزلەملەر يالغۇز شامان دىنىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىدىيىۋى ئېڭىدىكى ئەنئەنىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىمۇ بەلگىلىك رولى بار. مەزكۇر ماقالىدە ھەر بىر سۆز-ئىبارىگە بېرىلگەن ئىزاھاتلار ئاپتور تەرىپىدىن قىستۇرۇلغان.

# «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىر قىسىم ئېتنولوگىيىلىك مەنبەلىرى

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى — ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى «ئادىل شاھ» غايىسىگە باغلاپ، كونكرېت خاراكتېرگە ئىگە بەدىئىي پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق جانلىق ۋە ئەسىرلىك سۈرەتلەپ بەرگەن مۇكەممەل سوتسىئولوگىيىلىك قامۇس، شۇنداقلا شەرق خەلقلىرىنىڭ ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلىرىنى مەركەزلىك ھالدا يەكۈنلەپ بەرگۈچى تەبىئەت ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەر مۇئەللىپى — يۈسۈپ خاس ھاجىپنى XI ئەسىردىكى كەسپىي ئاسترونومىيە ئالىمى دېيىشكە تېخى بىزدە يېتەرلىك ئاساس يوق، لېكىن مۇتەپەككۇر ئالىم تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ ھۇلى بولغان ئاسترونومىيىلىك ۋە كوسمولوگىيىلىك قاراشلارنى داستانىنىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا» دېگەن بابتا شېئىردىي تىل بىلەن مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن، بۇ بايانلارنىڭ تۈپ مەزمۇن ماھىيىتىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت قارىشىدىكى «تۆت تادۇ» (تۆت زات — تۇپراق، سۇ، ئوت، ھاۋا) قارىشى بىلەن «يەر مەركەز» لىك قارىشى مەركىزىي ھالقىدۇر، بۇنداق ئاسترو-كوسمولوگىيىلىك قاراش داستانىنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇن سىستېمىسىدا تەبىئەت پەلسەپىسى قارىشىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن.

مەلۇمكى، «تۆت زات» كۆز قارىشى ئارىستوتېل ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئەلفارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ، «تۆت زات» كۆز قارىشى ئارىستوتېل ياكى قانداقتۇر بىر پەيلاسوپ يارىتقان ئىجادىيەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئانىمىزملىق ① ۋە دىئىزملىق ② ئەڭ ساددا كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. بۇ قاراشلار قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش، تۇپراققا چوقۇنۇش، سۇ ۋە ئوتقا چوقۇنۇش ئېتىقادلىرىدا ۋە مانىي داۋالاشتىكى ئەم-ئىرىم قائىدىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇنداق قىلىپ ئۇ قەدىمكى جۇڭگونىڭ بەش ئېلېمېنت (سۇ، توپا، ئوت، مېتال، ياغاچ) كۆز قاراشلىرى ھەمدە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ لوكاياتا تەلىماتىدىكى «ئوت، شامال، سۇ، يەر» كۆز قاراشلىرى بىلەن بىللە ئەڭ قەدىمكى دۇنيا قاراشىنىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك ئۇندۇرمىلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلغانىدى. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلمىغان ئەنە شۇ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ نۇرغۇن سىرلىرىنى بىلىشكە قادىر بولالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەمەلىي كۆزىتىش ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ھاسىل قىلغان مۇنداق پەلسەپىۋى قاراشلار ئىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېپتىدائىي چۈشەنچىسىدە، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر تۆت زات (ئوت، ھاۋا، سۇ،

① ئانىمىزم — تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن يۈز بەرگەن ئېپتىدائىي تەبىئەت كۆز قارىشى.

② دىئىزم — قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىك كۆز قارىشى. ئۇنىڭ ئېپتىدائىي شەكلى ئانىمىزم بولۇپ، بۇ خىل كۆز قاراش شەرقتە ۋە غەربتە ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. دىئىزم تەبىئەتنىڭ ئۆزى تەڭرى دېگەن ئاساسىي نۇقتىنەزەرگە ئاساسلانغان.

تۇپراق) تىن يارىتىلغان، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆمۈر
سۈرۈشى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتا مۇناسىۋەتلىك دې-
گەن قاراش بار. ئۇلار مۇشۇ قاراش بويىچە ئاسماننى بارلىق
جانلىقلارنىڭ ھاياتىغا پاناھ بولغۇچى كۆك گۈمبەز دەپ
تەسەۋۋۇر قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادىنى
«كۆك تەڭرى» ئوبرازىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن. كۆككە بول-
غان ئېتىقاد «قۇياش تەڭرىسى» گە مەركەزلەشكەن ھالدا
يۇلتۇز، بۇلۇت، شامال، يامغۇر، قار، چاقماق قاتارلىق ئاس-
مان جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرىگە بولغان ئېتىقادنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ تونۇشىچە، كۆكتە جىمىرلاپ
تۇرغان يۇلتۇزلار ئاشۇ «كۆك گۈمبەزگە يېقىلغان چىراغ»
لار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى
بەلگىلەيدۇ، دەپ قارىغان. مۇشۇ ئەقىدە بويىچە ئۇيغۇرلار
ئارىسىدا ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرمەسلىك، ئاسماندا ئاققان
يۇلتۇزنى كۆرگەندە «مېنىڭ يۇلتۇزۇم يۇقىرى!»، «خۇدا-
ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن»، «تەۋۋا قىلدىم» دەپ كۆككە
ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىش ئادەتلىرى بارلىققا كەلگەن.
قىسقىسى «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەن چۈ-
شەنچە خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ساددا ئوي-پىكرى-
نىڭ يادروسى ھېسابلانغان. شۈبھىسىزكى، بۇ ئەقىدىلەرنىڭ
ھەممىسى ئەنە شۇ «تۆت زات» قارىشىدىن كېلىپ چىققان
بولۇپ، ئۇ خەلق ئارىسىدىكى تەبىئەت قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ
نېگىزى بولغان ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بارلىققا كېلى-
شىگە ئاساس بولغان. كۈندۈزلىرىنى كەڭ تەبىئەت قوينىدى-
كى ئېتىز-ئېرىق، قىرلاردا، كېچىلىرىنى يۇلتۇزلۇق كۆك
ئاسمان ئاستىدىكى پايانسىز ئېكىنزارلىقلاردا خامان تېپىش،
يايلاقلاردا مال كۆزىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەمگەكچان

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدا كۆپلىگەن ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلەر ۋە بىلىملەرنى توپلىغان، شۇنداقلا ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىجادىي بولغان ئاجايىپ قىزىقارلىق قاراشلار ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد مەزمۇنىغا ئايلاندۇرغان.

ئاسترونومىيىلىك قاراشلار تەبىئەت ھادىسىلىرى قانۇنىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ، ئۇ كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش ۋە تەكرار ئەمەلىيەت سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ۋاسىتىلارگە تايىنىدۇ. ھېچقانداق ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش قوراللىرى تېخى بارلىققا كەلمىگەن ئاشۇ قەدىمكى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە تايىنىپ ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدە ياراتقان خىلمۇ خىل ساددا ئوي-پىكىرلىرى ئەينى زاماندىكى ھەر خىل ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرىدىن خېلى يۈكسەك بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

خەلق ئارىسىدىكى بۇنداق تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ھالدا تەبىئىي پەيدا بولغان تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىستىكىدىن بارلىققا كەلدى. ئۇلار كۈن بىلەن تۈننىڭ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ، كۈن، ئاي، پەسىللەرنىڭ دەۋرىي ھالدا ئالمىشىپ، ئايلىنىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئاسمان جىسىملىرى (قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، پلانېتلار) دىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىپ كېتىشى، ئاينىڭ تۇغۇلۇشى، زورىيىشى ۋە ئاخىرىدا يوقىلىپ قاي-

تىمدىن يېڭىلىنىشى، پىلانېتلار ۋە سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ
سىرلىق ھەرىكەتلىرى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ئۆزگىرىشلىرى،
ئۇلارنىڭ كائىناتتىقا بولغان تەسىرى قاتارلىقلارنى ئۇزاق
ئەسىرلىك تەكرار ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاددىي كۆز بىلەن
كۆزىتىپ، پىلانېتلارنىڭ بۇرچلۇق ۋاقتىنى (يىللىق ھەرىـ
كەت دەۋرىنى) مەلۇم ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىقىش
ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى
بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىقسىز ۋاقىت
كالېندارى (يۇلتۇز كالېندارى) پەيدا بولدى. دېھقانلار ۋە
چارۋىچىلار، مۇشۇ كالېندار بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىـ
رىش مەزگىلىنى بەلگىلىدى ھەمدە كېيىنكى مىلادىيە، ھىـ
جىرىيە، قەمەرىيە، شەمسىيە كالېندارلىرى، جۈملىدىن دېھقانـ
لار كالېندارى دەپ ئاتالغان مۆچەللىك كالېندارنىڭ بارلىقـ
قا كېلىشىگە ئاساس سالدى.

دېمەك، مېترولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى سۈپەتلەيدىـ
غان «يۇلتۇز كالېندارى» نى يارىتىش جەريانىدا خەلقىمىز
ئاسامىي پىلانېتلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە بولدى، شۇنىڭ بىلەن قۇياشنى مەركەز قىلغان پىلانېتـ
لارنىڭ سۈپەتلىرىنى پەرقلىق ھالدا تەرىپلىدى ۋە ئۇلارنى
ئۆزىگە خاس مىللىي ناملار بىلەن ئاتىدى. مەسىلەن، ھەم
ئاسترونومىيىلىك، ھەم مېتېئورولوگىيىلىك مەنىگە ئىگە بولـ
غان ئۈكەر يۇلتۇزىنى «Ülkət» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭدىن كېـ
چىسى يول يۈرگەندە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدىغان كومپاس
سۈيىتىدە پايدىلاندى. «يۇلتۇز كالېندار» ىدىكى مەزگىل
ئۆزگىرىشىنىمۇ ئەنە شۇ ئۈكەر يۇلتۇزىغا قاراپ بەلگىلىدى.
خەلقىمىز «ئۈكەر يۇلتۇزى» نىڭ كۆپىيىشى بىلەن ھاۋا
رايى ئۆزگىرىدۇ، دەپ قارىدى. ئەگەر «ئۈكەر يۇلتۇزى»

ئايغا يېتىنلاشسا، شۇ ئايدا بوران-چاپقۇن ئاز بولىدۇ؛ ئۈكەر (ئۈكەر) يەرگە يېقىنلاشسا بۇ كۆكلەم (باھار) نىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ بېشارىتى؛ ئەگەر ئۈكەر سۇغا يېقىنلاشسا يامغۇر كۆپ بولىدۇ؛ قۇرغاق بەرگە يېقىنلاشسا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، بوران-چاپقۇن كۆپ بولىدۇ؛ ئۈكەر تاغۇ تاشلارغا يېقىنلاشسا پىژ-پىژ ئىسسىق بولىدۇ، دەپ قارىدى. «ئۈكەر يانغا ئۆتسە يازغا تەۋە، قوماق گەدەنگە چۈشسە تازغا تەۋە» دېگەن تەمسىل خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇ ئۈكەر يۇلتۇزى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان.

خەلق ئارىسىدىكى مۇنەججىملەرنىڭ ھېسابىچە، ئۈكەر يۇلتۇزى يەردە 40 كۈن ياتىدۇ، بۇ، يىلنىڭ تازا ئىسسىق مەزگىلى بولۇپ «40 كۈن چىللە» دېيىلىدۇ. مۇشۇ 40 كۈن ئۆتۈپ ئۈكەر قايتا كۆتۈرۈلگەندە، ئۆسۈملۈك دان تۇتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۈكەر يۇلتۇزىنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن: «جەڭلەردە Ülkərqərik» دېيىلىدىغان بىر ھىيلە بار؛ ئەسكەرلەر ھەر تەرەپتىن توپ-توپ بىلەن يىغىلىدۇ؛ بىر توپ ئىلگىرىلەش بىلەن باشقىلىرىمۇ ئۇنىڭغا سۈگدىشىپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ھىيلە قوللىنىلغاندا، يېڭىلىش بەك ئاز بولىدۇ» (م. قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم 129-بەت).

دېمەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى دەۋرلەردىلا يىل بىلەن كالىندار ئاشۇ ئۈكەر يۇلتۇزىغا قاراپ رەتلەنگەن، ئۈكەرنىڭ كۆپىيىشى (چوڭىيىشى) بىلەن ھاۋا رايى ئۆزگىرىدۇ، «ئۈكەر يەرگە چۈشمەي يەر قىزىمايدۇ» دەپ قارىغان. ماي (5-ئاي) نىڭ ئاخىرى بىلەن ئىيۇن (6-ئاي) نىڭ بېشىدا ئۈكەر يۇلتۇزى كۆرۈنمىگەن مەزگىلنى «ئۈكەر يەرگە چۈش-

تى» دەپ ھېسابلىنغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئورنىدىن مىدىرلىمايدىغان قۇتۇپ يۇلتۇزىنى «تۆمۈر قوزۇق» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. كېچىلىرى يول يۈرگەندە ۋە ھەربىي يۈرۈشلەردە ئاشۇ «تۆمۈر قوزۇق»قا قاراپ دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنى بەلگىلىدى. «تۆمۈر قوزۇق» نىڭ يېنىدىكى ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىنى «بېلىق يۇلتۇز» ۋە «قوزا يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ «بېلىق» قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى، «قوزا» باھارنىڭ باشلانغۇچ ئېيى، دەپ چۈشەندۈردى. ئۆزىنىڭ رەڭگى بىلەن بىر تامچە قانغا ئوخشايدىغان قىزغۇچ مارس يۇلتۇز تۈركۈمىنى «يەتتىكەن» («يەتتە قاراقچى» ياكى «قارا قۇش») دەپ نام بېرىپ، ئۇ كۆرۈنگەندە بالايىئاپەت ياغىدۇ، خەلق ئارىسىدا «يەتتىكەن» يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ يەنە «چۆمۈچ يۇلتۇزى»، «چوك ئېيىق يۇلتۇزى» دېگەنناملىرىمۇ بار. ئۇ كۆك ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنىدىغان بولغاچقا، خەلقىمىز ئۇنىڭدىن ئاسترونومىيىلىك سائەت ئورنىدا پايدىلانغان. قەدىمكى دەۋرلەردە مال كۆزەتكۈچىلەر ۋە ھەربىي يولسلار «يەتتىكەن يۇلتۇزى»غا قاراپ ئالماشقان.

ھەممىدىن روشەن ھەم چىرايلىق ۋېنىرا يۇلتۇزىنى «چولپان» دەپ ئاتاپ، ئۇنى خۇشاللىق، بەخت خاراكتېرىستىكىسى بىلەن گەۋدىلەندۈردى. ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان زۇھەل (ساتۇرن) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «ئاقار يۇلتۇز»، «تارازا يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا باشقىچە ئەھمىيەت بەردى. چىللە (ئىيۇل) نىڭ ئاخىرى «تارازا يۇلتۇز» نىڭ كۆرۈنۈشى مەزگىلى بولۇپ، ئۇ ياز ئىسسىقىنىڭ قايتىشىغا باشلانغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مۇنەججىملەر بۇ يۇلتۇزنىڭ چىقىشىغا قاراپ، «تارازا تۇغسا تاڭ سالقىن، بۇغداي،ئارپا پىشىدۇ»

دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. ئۇلار يەنە ئاتارۇت (مېركۇرىي) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «سومبىلە» («بۇغداي بېشى») دەپ ئاتاپ، «سومبىلە» تۇغقاندىن كېيىن ياز ئاياغلىشىدۇ، دەپ قارىدى. خەلق ئارىسىدىكى «سومبىلە بېمى قىشنىڭ غېمى» «سومبۇلدا سۇ سال، مىزاندا تېرى، مىزاندا تېرىمىساڭ قوي نېرى» دېگەنگە ئوخشاش تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئاشۇ يۇلتۇزنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خەلقىمىز يەنە مۇشتەرى (يۇپىتېر) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «ئوت يۇلتۇز» (م. قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئەرەن تۇز» دەپ ئاتىغان) دەپ ئاتاپ، ئۇنى ياخشىلىق ۋە بەخت-سائادەتكە سىمۋول قىلدى، مېرىخ يۇلتۇز تۈركۈمىنى «شامال يۇلتۇز» (م. قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «باقىر سوقىم» دەپ ئاتىغان، 1-توم 53-بەت) دەپ ئاتاپ، ئۇنى پالاكەت ۋە مالامەتكە سىمۋول قىلدى، زوھەل يۇلتۇز تۈركۈمىنى «تۇپراق يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنى نىسپىي ياخشىلىق، نىسپىي خۇشاللىققا سىمۋول قىلدى، ئاتارۇت يۇلتۇز تۈركۈمىنى «سۇ يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنى ئىقبال پاراغەتكە سىمۋول قىلدى ۋە باشقىلار. ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە خەلق ئارىسىدا بىرقەدەر كەڭ تارقالغان «يۇلتۇز پالى» (يۇلتۇزلارنىڭ خاسىيىتىگە ئاساسلانغان پالچىلىق، رەمباللىق) يۇلتۇزلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاسترو-كوسمولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە تەتبىقلانغان. بۇنداق يۇلتۇزغا قاراپ پال سېلىش خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئومۇمەن ئالغاندا، قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاسترونومىيىلىك قارىشى ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشتىن باشلاندى. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا كۈن، ئاي، يۇلتۇز بىر گەۋدىلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئاسمان بوشلۇقىدا ھەرىكەت قىلىدى-

خان «تەڭرى» لەردۇر. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «قۇياش تەڭرىسى» كۆك تەڭرىلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭى بولۇپ، «قۇياش تەڭرىسى» دىن كېيىنكى ئىككىنچى تەڭرى — «ئاي تەڭرى» سىدۇر. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇز خاقان ئەلجامائەتنى يىغىپ خۇشاللىق، غەلىبە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە، بىر مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئىككى خادا بېكىتىپ، شەرق تەرەپتىكى خادىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ، غەرب تەرەپتىكى خادىنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ بېكىتىدۇ. بۇ قەدىمكى مۇراسىم ئادىتى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «كۈن، ئاي» غا چوقۇنۇش ئەقىدىسىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى كۈن قىزىل بولۇپ، شەرقتىن چىقىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئالتۇن توخۇ سىمۋول قىلىنغان. ئاي كۆكۈش، كۈمۈش رەڭلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا كۈمۈش توخۇ سىمۋول قىلىنغان. ئەسلىدە ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ تىلى بولغان «تەڭرى» ئاتالغۇسىمۇ ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن قۇياشنى بىلدۈرەتتى.

مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۈن بىلەن ئاينىڭ مىتېئورولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان.

تۈندە بولىت ئۆرتەنسە ئەۋلۈك ئۆرى كەلتۈرمىشچە بولۇر، تاڭدا بولىت ئۆرتەنسە ئەۋگە ياغى كىرمىشچە بولۇر.

(تۈندە بۇلۇت ئۆرتەنسە، خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولۇر، تاڭدا بۇلۇت ئۆرتەنسە، ئۆيگە يېغى كىرگەندەك بولۇر. (كۈن پاتتاندىن كېيىن بۇلۇت قىزارسا تۈرۈكلەر بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ).

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم 333 - بەت.

ئاي قوپۇپ ئەۋلەنۇپ،
ئاق بولىت ئۆرلەنۇپ.
بىر - بىر ئۆزە ئوكلەنۇپ،
ساچىلىپ سوۋى ئاگراشۇر.

(ئاي قوپۇپ قوتانلىنىپ
ئاق بۇلۇتلار ئۆرلىشىپ
بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ،
سۈيى چېچىلىپ شاقىرار)

(«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 1 - توم 341 - بەت)

دەرۋەقە خەلق ئارىسىدىمۇ «ئاي قوتانلايدۇ، غاز كېتىدۇ، سوغۇق كېلىدۇ، ئاي ئاق قوتانلىسا قار، يامغۇر ياغىدۇ، ئاي قىزىل قوتانلىسا ،ھاۋا ئىچىلىدۇ»دەپ ھېسابلايدۇ.

بۇنداق ئەمەلىي تەجرىبىلەر ھازىرقى زامان ئاسترونومىيە ئىلمىدىمۇ قوبۇل قىلىنغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ «كۆك تەڭرى» لىرى ھەققىدە يارالتقان تۆۋەندىكى بىر رىۋايىتى بىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغايدۇ.

قۇياش تەڭرى بىلەن ئاي تەڭرى ئوتتۇرىسىدا «ئۆلگېن» ناملىق بىر تەڭرى ياشارمىش، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىدىغان يولدا يەتتە (بەزى رىۋايەتلەردە توققۇز) توسۇق بار ئىكەن، بۇ توسۇقلار ئەركەك شامان (قام) لار كەلگەندە ئېچىلىدىكەن. بەشىنچى توسۇق تېمىر قوزۇق (ئالتۇن قوزۇق) يۇلتۇزىغا تۇتىشىدىكەن. كۆكتىن

تۈگۈلىدىغان رەھمەت يامغۇرلىرى «ئۈلگەر»نىڭ ئاغزىدىن ئاققان شالا ئىكەن. ئۇنىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بار ئىكەن. ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ نامى قارشىت، بوغراخان، يېشىلخان، بۇرچاخان، قاراقۇش (قازتال)، بەختىخان، ئەركانىم بولۇپ ئۇلارمۇ كۆكتە تۇرىدىكەن. «ئۈلگەر»نىڭ خىزمىتىدە يەنە باشقا روھلارمۇ بار ئىكەن. بۇلاردىن يورۇق، شولا، قار قاتارلىقلار بولۇپ، يورۇق ئىنسانلار بىلەن «ئۈلگەر» ئارىسىدىكى «ئالاقىچى ئىكەن»①. بۇ رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان «يەتتە توسۇق» خەلق چۈشەنچىسىدىكى «يەتتە پەلەك» يەتتە قات ئاسمان چۈشەنچىسىنى، «ئۈلگەر» نىڭ يەتتە ئوغلىنىڭ نامى يەتتە سەييارە ياكى يەتتە پلانېتنىڭ نامىنى ئىنكاس قىلغان. شۇنداق قىلىپ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆز قىياسىغا ۋە ئەمەلىي كۆزىتىش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئاسماندىكى يەتتە سەييارىنى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. مەسىلەن، سەكەنتىر (ساتۇرن) نى بەخت يۇلتۇزى (خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى نامى قارشىت)؛

ئوگاي (يۇپېتىر) نى مەئىشەت يۇلتۇزى (خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى نامى قاراقۇش، قارتال)؛

كورۇد (مارس، مىرىخ) نى غەزەپ يۇلتۇزى (خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى نامى — بۇغراخان)؛

سەۋىت (زۆھرە، ناخىت، ۋېنىرا) نى خۇشاللىق يۇلتۇزى (خەلق ئىچىدىكى نامى — يېشىلخان)؛

ئارزۇ (ئاتارود مېركۇرىي) نى تىلەك يۇلتۇزى (خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى نامى — بورچاخان)؛

① «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تارىخى» ئىستانبۇل 1976 - يىل تۈركچە نەشرى، 20-، 22-بەت.

يەشىق (كۈن، شەمس) نى يوروۇقلۇق يۇلتۇزى (خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى نامى ئەركانىم)؛

يالچىق (ئاي، قەمەر) نى ئاشىق يۇلتۇزى (خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى نامى ــ بەختىخان) دەپ ئاتىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئورنىغا قاراپ مۇنداق گۇرۇپپىلاشتۇرغان:

يەر بىلەن ئاي شارى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ــ 1 - پەلەك.
ئاي شارى بىلەن مېركۇرىي ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ــ 2 - پەلەك.
مېركۇرىي بىلەن ۋېنېرا ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ــ 3 - پەلەك.
ۋېنېرا بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ــ 4 - پەلەك.
قۇياش بىلەن مارس ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ــ 5 - پەلەك.
مارس بىلەن يۇپىتېر ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ــ 6 - پەلەك.
يۇپىتېر بىلەن ساتۇرن ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ــ 7 - پەلەك.
شۇنداق قىلىپ يەتتە قات ئاسمان چۈشەنچىسى مۇشۇنىڭدىن كەلگەن.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئاسترونومىيە ئەڭ دەسلەپ كۆچمەن چارۋىچى ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەتلەرنىڭ پەسىللەرنى بەلگىلەش جەھەتتىكى ئېھتىياجى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. ئاسترونومىيە ئوبيېكت قىلغان ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھاياتلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىقلانمىغان ۋە ئۇلارنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى تېخى ئايدىڭلاشمىغان ئېنتايىن زىچ بولغاچقا، كىشىلەر ئەلمىساقتىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بۇ سىرلىق «دۇنيا» نىڭ سىرىنى بىلىشكە تولىمۇ قىزىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا «يەر مەركەز» لىك چۈشەنچىسى ئالغا سۈرۈلدى. كۆك ئاسمانىدىكى بارلىق جىسىملار ئوخشىمىغان ئوربىتىلارنى بويلاپ، يەر شارىنى ئەگىپ ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرىدىغان

لىقىنى، قۇياش بارلىق پىلانېتلار ئىچىدە ئۆزىدىن يورۇقلۇق
چىقىرىدىغان بىردىنبىر «كۆك تەگرىسى» بولۇپ، يورۇقلۇق
ۋە ئىسسىقلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ مەنبە
بولمىغاندا ھاياتلىق بولۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئاي
قۇياشتىن يورۇقلۇق ئالغۇچى «يەرنىڭ ھەمرىيى» ئىكەن-
لىكىنى ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزگەن.

دەرۋەقە، ئىنسانىيەت پەيدا بولغىنىغا تېخى 3 مىليون
700 مىڭ يىل بولدى. شۇنداق بولغاچقا، پەيدا بولغىنىغا
10 مىليارد يىلدىن ئارتۇق بولغان يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ
مۇرەككەپ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق بىلىپ كېتىش
ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس.
ئالايلۇق، بىرنەچچە مىليارد ۋە بىرنەچچە يۈز مىليارد
يۇلتۇزلار، يۇلتۇرلار تۇمانلىرى ۋە يۇلتۇزلار ئارا ماددىدىن
تەركىب تاپقان ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسى ھېسابلان-
غان سامانيولى (گالاكتىكا) سىستېمىسىدا تەخمىنەن 150
مىلياردتىن ئوشۇق يۇلتۇز بار، ئۇلارنىڭ ماسسىسى قۇياش
ماسسىسىدىن تەخمىنەن 100 مىليارد ھەسسە چوڭ.
ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىدا ئەنە شۇنداق ھەم چوڭ ھەم
مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدە
ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك
نۇرغۇن ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ۋە ئوبرازىي چۈشەنچىلەرنى
ئوتتۇرىغا قويغان. خەلق ئارىسىدىكى مۇشۇنداق
ئېتنولوگىيىلىك مەنبەلەر ئاساسىدا مۇندىن 3 مىڭ يىل
ئىلگىرى يۇلتۇزلار ھەققىدە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلىشقا
باشلىغان. قۇياشمۇ يۇلتۇزلارنىڭ بىرى بولۇپ، مۇندىن
2 مىڭ يىل ئىلگىرى تىك خادا بىلەن قۇياش سايىسىنى
ئۆلچەش ئارقىلىق، سايىنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقتىنى ياز، ئەڭ

ئۇزۇن ۋاقىتنى قىش دەپ بەلگىلىگەن. تىك خادا سايىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ، بىر يىل 365.25 كۈن قىلىپ بېكىتىلگەن.

دەرۋەقە، يۇلتۇزلار سىستېمىسى (تۈركۈمى) بىلەن سەييارىلەر ئوخشاش ئۇقۇم ئەمەس، چۈنكى سەييارىلەر ھېچقاچان ئېكلىپتىكىغا كۆتۈرۈلمەيدۇ، ئۇ ھەر دائىم قۇياش سىستېمىسى ئىچىدە قۇياشنىڭ ئەتراپىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرغاچقا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىگە تارتقان. شۇنىڭ بىلەن بابىلنىڭ 6 - پادىشاھى خاممورابى (مىلادىدىن ئىلگىرى 1790 — 1750) زامانىدا، كىشىلەر مېركۇري ۋېنېرا ،مارس، يۇپىتېر، ساتۇرنىدىن ئىبارەت 5 سەييارىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 650 - يىللاردا بابىللىقلار كۈن، ئاي ۋە يەتتە سەييارىنى «ئىلاھ» دەپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان، شۇنىڭدەك بۇ يەتتە ئىلاھ پۈتۈن كائىناتقا بىر كۈندىن نۆۋەتچىلىك قىلىدۇ، بۇنداق نۆۋەتچىلىك ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ، دەپ قارىغان، بۇنىڭ بىلەن يەتتە كۈننى بىر ھەپتە ھېسابلايدىغان تۈزۈم پەيدا بولغان.

ھازىر قۇياش سېستىمىسى ئىچىدە قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان توققۇز سەييارە بايقالدى. ئۇلار:

1. مېركۇري، ئۇيغۇرچە نامى ئارزۇ، ئاتارود دېيىلىدۇ.

ئۇ قۇياش سىستېمىسى ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك سەييارە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ رادىئۇسى 2 مىڭ 440 كىلومېتىر بولۇپ، قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەڭ يېقىن.

2. ۋېنېرا، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا سەۋەت، زۆھرە، چولپان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ سەھەردە شەرق ئاسمىنىدا،

قاش قارايغانـدا غەرب ئاسمىنىدا كۆرۈنىدىغان ئەڭ يورۇق سەييارە بولۇپ، رادىئۇسى 6 مىڭ 50 كىلومېتىر. ئۇ يەر شارىدىن بىرئاز كىچىك بولۇپ، يەر شارىغا ھەممىدىن يېقىن تۇرىدۇ.

3. مارس، ئۇيغۇرلار كۇرۇد، مېرىخ دەپمۇ ئاتايدۇ. مارسنىڭ رادىئۇسى 3 مىڭ 395 كىلومېتىر بولۇپ، ۋېنېرا ۋە يەر شارىدىن كىچىك، ئۇ قىزىل كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن «جەڭ ئىلاھى» دەپمۇ ئاتالغان.

4. يەر شارى، قۇياش سىستېمىسى ئىچىدىكى بىر سەييارە بولۇپ، ئۇنىڭ رادىئۇسى 6 مىڭ 378 كىلومېتىر.

5. يۇپىتېر، ئۇيغۇرلار ئۇنى ئوكاي، مۇشتەر دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ رادىئۇسى 71 مىڭ 400 كىلومېتىر بولۇپ، يەر شارىدىن 1 مىڭ 320 ھەسسە چوڭ. ئېغىرلىقى يەر شارىنىڭ 318 ھەسسىسىگە باراۋەر.

6. ساتۇرن، ئۇيغۇرلار ئۇنى سەكەنتىر، زۇھەل دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ رادىئۇسى 60 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، يەر شارى ماسسىسىدىن 95·18 ھەسسە چوڭ.

7. ئۇران، ئۇنىڭ رادىئۇسى 25 مىڭ 900 كىلومېتىر بولۇپ، يەر شارىدىن 14·63 ھەسسە چوڭ.

8. نېپتون، ئۇنىڭ رادىئۇسى 24 مىڭ 750 كىلومېتىر بولۇپ، يەر شارىدىن 17·22 ھەسسە چوڭ.

9. پلۇتون، ئۇ قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر سەييارە بولۇپ، ئۇنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى 7 مىليارد 442 مىليون 600 مىڭ كىلومېتىر. پلۇتوننىڭ دىئامېتىرى 350 كىلومېتىر.

ئاي يەر شارىنىڭ تەبىئىي ھەمراھى بولۇپ، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 3·476 كىلومېتىر، يەر شارىنىڭ تۆتتىن

بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئاي بىلەن يەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئارىلىقى 384 مىڭ 401 كىلومېتىر، ئاي يەر شارىنىڭ ئەتراپىنى $27\frac{1}{3}$ كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك يەر شارى بىللە قۇياشنىڭ ئەتراپىنى ئۈزلۈكسىز ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسى يۇقىرى توققۇز سەييارىنى بىلىشكە قادىر بولدى. ئېھتىمال مۇندىن كېيىن يەنە باشقا يېڭى سەييارىلەرمۇ بايقىلىشى مۇمكىن.

بىز تۆۋەندە، خەلقىمىز ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك ساددا ئاسترو-كوسمولوگىيىلىك قاراشلار بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئاسترونومىيە ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. ماقالىمىزنىڭ تېمىسىمۇ دەل مۇشۇ مەسىلىگە مەركەزلەشكەن.

ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا توپلانغان ساددا ئاسترونومىيىلىك قاراشلار ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدىكى ئاسترونومىيىلىك ۋە كوسمولوگىيىلىك بايانلىرى ئۈچۈن ئېتنولوگىيىلىك مەنبە بولغان. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك كۆزقارىشىنىڭ تارىخىي مەنبەسى — قەدىمكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىدا كەڭ ئومۇملاشقان تەبىئەت ئالىمى ھەققىدىكى ئەمەلىي ئىزدىنىش-

لىرىنىڭ يەكۈنلىنىشى، شۇنداقلا يەنە غەرب ۋە شەرق ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تەسىرى بىلەن گۈللەنگەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت، خالاس. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بايان قىلىنغان ئاسترو - كوسمولوگىيىلىك قاراشلارنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ سىلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

1. يەتتە يۇلتۇز (يەتتە سەييارە) قارىشى: «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا» ناملىق 5-بابىدا شېرئىي يول بىلەن يەتتە يۇلتۇز (يەتتە پىلانېت) نىڭ سۈپىتى مۇنداق يېزىلغان:

128 كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزىسى بېزەك،
يول باشلار بەزىسى، بەزىسى يەزەك (خەۋەرچى، چارلىغۇچى).

129 كىشىگە يورۇقلۇق بېرۇر بەزىسى،
يول يۈتسە كۆرسىتۇر يەنە قانچىسى.

130 بەزىسى، ئېگىزدە، بەزىسى تۆۋەن،
غۇۋا دۇر بەزىسى، بەزىسى روشەن.

131 بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجتا قالۇر.

132 ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئۆڭاي،
قالۇر بىر بۇرجتا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

133 ئۈچىنچى كۆرۈددۇر غەزەپتە يۈرۈر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

134 تۆتىنچى قۇياشتۇر يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

135 بەشىنچى سەۋىتتۇر، سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خۇشاللىق يۈزى.

136 ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ كېلەر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا، تىلەككە يېتەر.

137 بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.

يۇقىرىقى بېيىتلاردا يەتتە يۇلتۇز (يەتتە پلانېتا) نىڭ نامى، ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئورنى، يۇلتۇزلارنىڭ بىر-بىردىن يىراق-يېقىنلىقى، پلانېتلارنىڭ ھەر بىر بۇرۇجتىكى ۋاقتى ۋە ھالىتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ مەلۇماتلارنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يەتتە يۇلتۇز ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، ئاساسەن ئوخشاشلىق بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. لېكىن «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى «يەتتە يۇلتۇز» (ماھىيەتتە يەتتە پلانېتا) نىڭ تەرىپى خەلق ئارىسىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، بەلكى مەلۇم ئىلمىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ۋە دەلىللەنگەن ئاسترونومىيىلىك قاراشتۇر. بۇ يەرگە شەرق ئالىمىدە ئاسمان جىسىملىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا كۆزىتىدىغان «ئۇلۇغبېك رەسەتخانىسى» (1394 — 1449) يىللىرى ياشىغان ئۇلۇغ ئۆزبېك ئالىمى ئۇلۇغبېكنىڭ

سەمەرقەنتتە قۇرغان رەسەتخانىسىنى كۆرسىتىدۇ) قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىدىغان رەسەتخانىلارنىڭ بولغانلىقىنى ھەمدە ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ خېلى راۋاجلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بايانلىرىدا يالغۇز يۇلتۇزلارنىڭ ئوخشاش تەكشىلىكتە ياتمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى قۇياش سىستېمىسىدىكى پلانېتلارنىڭ تىزىلىش تەرتىپىنى گېئوتسېنتىرىك (يەر مەركەزلىك) چۈشەنچىسى بويىچە تىزىپ كۆرسىتىپ، قارخانىلار دەۋرىنىڭ يۈكسەلگەن ئاسترونومىيىسىنى نامايان قىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى يەتتە يۇلتۇزنىڭ جايلىشىش سخېمىسى مۇنداق:




شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى، «يەر مەركەز قارىشى» نى ئەڭ بۇرۇن يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل (مىلادىدىن ئىلگىرى 384 — 322) ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدىن كېيىن پېتول-

مى (165 — 85) ئەينى زامانىدىكى ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى يىغىنچاقلاپ «ئومۇمىي بايان» دەپ ئاتالغان 13 توملۇق ئەسەر يېزىپ چىققان. ئۇ ئارىستوتېلنىڭ «يەر مەركەز قارىشى»نى ئالغا سۈرگەن ۋە مۇشۇ قاراش بويىچە يەرگە ئەڭ يېقىن ئايدىن باشلاپ ئاي، مېركۇرىي ۋېنىرا، قۇياش، مارس، يۇپىتېر، ساتۇرن يۇلتۇزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرىكەتچان ئاسماننىڭ رەت تەرتىپىنى تۈزۈپ، توققۇز قەۋەتلىك ئاسمان قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يەتتە يۇلتۇزنىڭ تىزىلىش سىخېمىسى گەرچە مەلۇم نۇقتىدىن پىتولېمىنىڭ قارىشىغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن «قۇتادغۇبىلىك»تىكى «يەتتە پىلانېت» نىڭ نام - شەرىپى ھەققىدىكى شېئىرىي بايانلارنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىدە «قۇياش مەركەزلىك قارىشى» گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. 134-ۋە 137-بېيىتلاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېنىق قىلىپ، قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئىچىدە قۇياشنىڭ «مەركەز» ئاسمان جىسمى ئىكەنلىكىنى «قۇياش يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى يورۇتىدۇ»، «ئاي قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن بايان قىلغان.

ھازىر خەلقئارادا پولشالىق ئالىم كوپېرنىك (1543 — 1474) «يەر مەركەزلىك» تەلىماتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «قۇياش مەركەز» تەلىماتىنى ئۆزىنىڭ ئاسترونومىيىلىك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان، دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە، كوپېرنىك «قۇياش مەركەز» تەلىماتىنى ئىلمىي ھالدا ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا زور يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەن. ھالبۇكى «قۇياش مەركەز» لىك قارىشى كوپېرنىكتىن 500 يىل ئىلگىرى ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى يۈسۈپ خاس

هاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا شېئىرىي تىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

2. «ئون ئىككى بۇرج» قارىشى:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە خەلق ئارىسىدىكى ئاسترونو-مىيىلىك چۈشەنچىلەرگە ئاساسلىنىپ، يىلنىڭ ھەر قايسى پەسىللىرىدە ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئاسمان گۈمبىزىدىكى يۇلتۇز تۈركۈمىنى ئون ئىككى بۇرجقا، يەنى ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىدە زودىياك دەپ ئاتىلىدىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىگە بۆلۈپ كۆرسەتكەن.

138. ئون ئىككى بۇرج باردۇر بۇلاردىن بۆلەك،
جۈپ ئۆيلۈك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك.

139. قوزى يازغى يۇلتۇز، كېيىن ئۈي كېلۇر،
جەۋزا بىلەن سەرەتان تۇرتۇشۇپ يۈرۈر.

140. ئېرۇر قوشنا بۇغداي بېشى، ئارسلان،
كېلەر ئارقىدىن قەۋس، ئەقرەپ، مىزان.

141. كېلۇر ئاندىن ئوغلاق، سۇغا ھەم بېلىق،
تۇغۇلسا بولار كۆك بولغۇسى يورۇق.

يۇقىرىقى بېيىتلاردا بۇ ئون ئىككى بۇرجنىڭ يۇلتۇز-لۇق ئاسماندا بىر-بىرى بىلەن قوشنا يۇلتۇز تۈركۈملىرى ئىكەنلىكى ۋە يىل ئىچىدە بۇلارنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندى-كى پەسىللىك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تەك-رارلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەمدە ھەر بىر بۇرجنىڭ بەلگىلىك ئاي، پەسىللەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ئوچۇق كۆرسى-تىلگەن. بۇ ئون ئىككى بۇرج ئەمەلىيەتتە ئاسترونومىيىدە زودىياك دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان قۇياشنىڭ يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت يولى، يەنى ئىكلىپتىك ئىچىدىكى ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمى بولۇپ، ئەينى

زاماندا بۇ يۇلتۇز تۇركۇملىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىغا ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە نام قويۇلغان، شۇنداقلا ئەينى دەۋردە ئۇ يەنە ھەر بىر ئاينىڭ نامى سۈپىتىدە مۇقوللىنىلغان.

142 ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۈچى، ئۈچى كۈزگىدۇر.

143 ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇد.

بۇ بېيىتلاردا ئون ئىككى بۇرج (ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمى) پەسىللەرگە ئايرىلغان. بۇنى بۇنداق سىخېمىغا چۈشۈرۈشكە بولىدۇ:

باھار

① ھەمەل (ئۇۋىتىش) قوزى = 21-مارت — 22-ئاپرېل
② ئۇي (سەۋر، ئود، تېلېتىس) = 22-ئاپرېل — 21-ماي
③ ئەرەندىز (قوشكېزەك) جەۋزا = 21-ماي — 22-ئىيۇن

ياز

① كوچىك (سەراتان، تىمساھ، راك) = سەرەتان-چىللە-تومۇز
② ئارسلان (ئەسەد-لېۋ)
③ بۇغداي بېشى (سومبوله-ۋېس)

كۈز

① ئۈلگۈ (مىزان-تارازا-ۋېس)
② چايان (ئەقرەپ-سىكورپىئون)
③ يا (قەۋس-سىترېلېتىس)

قىش

① ئوغلاق (جەدى-كوزېروگ)
② سوغا (كۆنەك-دەلۋ-ۋودولېس)
③ بېلىق (ھوت-رېبېس)

143 - بېيىتتا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، تۆت پەسىلگە ئايرىلغان بۇ يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ مېترولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۇنى يەنە دۇنيانىڭ ئاساسى دەپ قارالغان «تۆت زات» نىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتىگە تەتبىقلاپ چۈشەندۈرگەن. يەنى:

1. سۇ ←① قوۋى (ھەمەل)؛ ② ئۇد (سەۋس، ئۇي)؛ ③ قوشكېزەك (جەۋزا).

2. ھاۋا ←① كۇچىك (سەرەتان)؛ ② ئارسلان (ئەسەد)؛ ③ بۇغداي بېشى (سۇمبۇل).

3. ئوت ←① ئۆلگۈ (مىزان، تارازا)؛ ② چايان (ئەقرەپ)؛ ③ يا (قەۋس).

4. تۇپراق ←① ئوغلاق (جەدى)؛ ② سوغا (كۆنەك)؛ ③ بېلىق (ھۇت).

بۇ سخېما بويىچە، باھار پەسلى ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ خاراكتېرىستىكىسى مېتېئورولوگىيە جەھەتتىن سۇ تەبىئەتلىك، ياز پەسلىنىڭ ھاۋا تەبىئەتلىك، كۈز پەسلىنىڭ ئوت تەبىئەتلىك، قىش پەسلىنىڭ تۇپراق تەبىئەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئاسمان جىسىملىرى (يۇلتۇزلار تۈركۈمى) نىڭ ئاسترو-كوسمولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئالەمنىڭ نېگىزى بولغان «تۆت زات» (تۆت ماددا) غا تەتبىقلاپ چۈشەندۈرۈش — «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئالغا سۈرۈلگەن تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ تۈپ يادروسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال بىزگە قەدىمكى زامانلاردىلا بىر قەدەر سىستېمىلاشقان ساددا دىئالېكتىك مەزمۇنغا ئىگە «يۇلتۇز كالىندارى» نىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ھۇت-كەتمەن سېپى تۇت»، «سۇمبۇل يېمى — قىشنىڭ

غېمى»، «سۇمبۇلدا سۇ سال، مىزاندا تېرى، مىزاندا تېرىمىساڭ قوي نېرى»، «مىزان ئاپتى كۆرمىگەن ئۈزۈمدە مۇسەللەس پىشماس»، «ئانارنى قەۋس تە ئۈز، قەۋس كىرمىگۈچە بولماس كۈز»، «ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە ياغار»، «ئاينىڭ بېشىدىن قورققۇچە بەشىدىن قورق»، «ئۈكەر يانغا ئۆتسە يازغا تەۋە»، «تارازا تۇغسا تاڭ سالقىن، بۇغداي، ئارپا پىشىدۇ...» قاتارلىق ماقال-تەمسىللەرمۇ يۇقىرىقى پىكىرلەرگە ئېتنولوگىيىلىك مەنبە بولالايدۇ.

ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۆركمي مۆچەل كالېندارى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. مۆچەل كالېندارلىق ھېسابى بويىچە، ئۇيغۇرلار بىر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ، ھەر ئۈچ ئاينى بىر توقسانغا (بىر پەسىلگە)، ھەر بىر ئاينى ئىككى مەزگىلگە، يەتتە كۈننى بىر ھەپتىگە ئايرىغان. يىل بېشىنى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن (22-مارت) نورۇز ئېيى بىلەن ھېسابلاپ ① نورۇز (يېڭى ئاي)، ② ئوغلاق ئاي، ③ ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي، 4 ئۇلۇغ ئاي دەپ تۆت پەسىلنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتىغان. مۆچەللىك كالېندار بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «يۇلتۇز كالېندارى» ي ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى تۆۋەندىكى سخېمىدىن كۆرگىلى بولىدۇ:

① سخېما (مۆچەللىك كالېندار بىلەن ئۇيغۇر يۇلتۇز كالېندارىنىڭ سېلىشتۇرمىسى)

3. «تۆت زات» (تۆت ماددا-تۆت تادۇ) قارىشى: «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئالغا سۈرۈلگەن تەبىئەت پەلسەپىسى (تەبىئەت دىئالېكتىكىسى) قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى بولغان ئاسترو-كوسمولوگىيىلىك چۈشەنچىلەرنى تەپسىلىي سېلىشتۇرغاندا، «تۆت زات» تىن ئىبارەت تۆپ نۇقتىغا

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۇپراق ـ قىش | ئوت ـ كۈز | ھاۋا ـ ياز | توشقان ـ ھەمەل |
| كالا ـ جەدى | چاشقان ـ مىزان | يولۋاس ـ سەرەتان | قوي ـ ئۆد (ئۆي) |
| يىلان ـ سوغا | بېلىق ـ چايان | ئات ـ ئەسەد | چوشقا ـ قوشكېزەك |
| توخۇ ـ بېلىق | مايمۇن ـ يا | ئىت ـ سۈمبۈل | سۇ ـ باھار |

مەركەزلىشىدۇ، داستاندا ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولىدىغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مۇھىم ئامىللار بار؛ يەنى ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا كائىنات «تۆت زات» تىن تەركىب تاپقانلىقىنى گەۋدىلىك تىلغا ئالىدۇ، ئالەمنىڭ ھۇلى بولغان «تۆت زات» قا تەقلىد قىلىپ، تۆت پېرسوناژ (كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆدغۇرمىش، ئۆزغۇرمىش)؛ تۆت سۈپەت (مىزاج)، (ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق)، «تۆت خىلىت» (سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا)، تۆت ھايات دەۋر ـ (بالىلىق، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق، قېرىلىق). تۆت پەسىل (باھار، ياز، كۈز، قىش)، تۆت تەرەپ (شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب ـ كۈن چىقىش، كۈن پېتىش، ئوڭ تەرەپ، سول تەرەپ) نى مىسالغا ئېلىپ، ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەپ بېرىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئىپادىلەشتە نېمە ئۈچۈن ئارتۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس تۆتلىكلەر گۇرۇپپىسى بويىچە ئوبرازلاشتۇرغان؟ بۇنىڭدا بىرەر مەقسەت بارمۇ-يوق؟ بىزنىڭچە، ئاپتور داستان ۋەقەلىكىنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتا مۇئەييەن مەقسەتنى كۆزلىگەن. يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئارقىلىق كائىناتتىكى پۈتكۈل ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ ھۇلى بولغان «تۆت زات» قا

مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى، ئالەمدە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇرەككەپ سىرى مانا شۇ. بۇ كۆز قاراشلار يەنىلا «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئاسترو-كوسمولوگىيىلىك بايانلار بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. بۇ هال مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆزىنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ساددا ماتېرىيالىستىك قاراشلىرىنى ھەيران قالارلىق شائىرانە ماھارەت بىلەن ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ؟! بىز بۇ قاراشلارنى مۇنۇ سخېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ماقالىمىزنى خۇلاسىلەيمىز:




سخېما I

I ئون ئىككى بۇرج ۋە قۇياشنىڭ ئېكلىپتىكىدا بويلاپ يىللىق ئايلىنىش – كۆرۈنۈش سخېمىسى




★ – «تۆمۈر قوزۇق» – قۇتۇپ يۇلتۇزى

☀ – كۈن – قۇياش

– سامانيولى

η ":·:" – نۇكەر – ئەڭ يورۇق يۇلتۇز – ئالتىسونا ياكى سەۋرنىڭ η (ئېتا) سى دەپ ئاتىلىدۇ.

# «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ۋە ئۇيغۇر فولكلورى

XI ئەسىر ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ يىتۈك نەمۇنىسى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىسى ۋە مەدەنىيەت ھاياتىنىڭ مۇكەممەل قۇتاتقان يادىكارى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ھەرقانداق بىر كىتابخان بۇ ئەسەرنىڭ چوڭقۇر رېئالىزم روھى بىلەن سۇغىرىلغانلىقى، بەدىئىي غايىلىرىنىڭ يۈكسەكلىكى، تىماتىك مەزمۇنىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى، ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن ئەنە شۇ XI ئەسىر جاھالەتلىك فېئودال مونارخىزم شارائىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرنى دۇنياۋى بەدىئىي ئەدەبىيات ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇز، شەرق كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر دېيىلسە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

بىز بۇ ماقالىمىزدە ئەنە شۇنداق كەڭ ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلار بىلەن تولغان ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاق دەستۇرىنىڭ تېخى «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلار تەرىپىدىن ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنمىغان كىچىككىرەك بىر تېمىسىنى كىتابخانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز. ئۇ بولسىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر فولكلورىغا دائىر مەسىلىلەردىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، فولكلورنىڭ بىزدىكى ئىستېمال مەنىسى كۆپ-رەك ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئېتىقاد-دىكى ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېتىنىك تەركىب-لەرنى كۆرسىتىدۇ.

فولكلور كەڭ مەنىدە «خەلق ئەقىل - پاراسىتى» ۋە «دا-نىشمەنلىكى» ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئۇنىۋېرسال (سىنكىر-تىك) سەنئەت بولۇپ، ئۇ ئىككى تەرەپلىمە مەنىگە ئىگە: بىرى، ئۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كې-لىۋاتقان ئېتىنىك ئۆرپ - ئادەت، ئىدىيىۋى ئېتىقاد ھەمدە خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىنى كۆرسەتسە، يەنە بىرى، يۇقىرىقىلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ. فولك-لور تەتقىقاتى ئاساسەن مەزمۇن دائىرىسىدىكى شەكلەنلىككە ئىگە بولغان ئامىللارنى يېقىندىن يىراققا قاراپ يۇزلەندۇرۇپ ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئاساسلىرىنى ئېتى-نىك جەھەتتىن ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، مىللىي ئالاھىدىلىك دېيىلگەندە، ئۇ پەقەت بەلگىلىك بىر مىللەتكە تەئەللۇق بولغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. لې-كىن ئۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان خېلى كۆپ مەزمۇنلار زا-مان، ماكان ۋە شارائىت ئېتىبارى بىلەن كۆپ جەھەتلەردە خەلقئارا ئومۇملۇققا ئىگە بولىدۇ. بۇ خۇددى ئېنگېلسنىڭ «بىز تارىخنى قانچىلىك چوڭقۇرراق ئىچكىرىگە قاراپ تەك-شۈرسەك كېلىپ چىقىشى بىر بولغان خەلقلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ شۇنچىلىك كۆپ يوقىلىپ بېرىشىنى كۆرىمىز»① دەپ كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش،

① «ئۆزبېك تىياتىر تارىخى» تاشكەنت، 1976-يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، 1-بەت.

گېيىنچە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىنسانلار-
نىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشىدا ۋە ئۆرپ-ئادەت، ئىدىيە-
ۋى ئېتىقادلىرىدا بەلگىلىك ئورتاقلىقتىن تاشقىرى مۇئەييەن
ئايرىملىق، خاسلىق بارلىققا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىل-
لىي مەدەنىيەت شەكىللەندى. ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان ھەر
قايسى خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىيەت نەمۇنىلى-
رى، مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ئىدىيىۋى
ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادەت، مۇراسىملىرى شۇ خەلقلەرنىڭ
كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىدا قايتا ئەكس ئېتىلىپ بىر پۈ-
تۈنلۈككە ۋە ئورىگىناللىققا ئىگە بولدى. بۇ جەھەتتە «قۇتاد-
غۇبىلىك» داستانى بىزنى باي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

× × ×

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى — ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ مۇھىم
بىر مەزمۇنى بولغان خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيەت دوردانىلىرى
ۋە باي ئەنئەنىۋى تەجرىبىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.
ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇ داڭلىق ئەسىرىنى
فولكلوردىن ئىبارەت خەلقنىڭ بۇسراپ چەشمىسىدىن بەھر
ئېلىپ يازغانلىقى مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق سەھىپىسىدە رو-
شەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىيىتى ناھايىتى
ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن
چوڭقۇر، بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن پۇختىدۇر. مەھمۇت قەش-
قەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە مىسال تە-
رىقىسىدە كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك مەزمۇندىكى قوشاقلار، ھېكمەت-
لىك ۋە ئىبرەتلىك ماقال-تەمسىللەر بۇنىڭغا روشەن دەلىل

بولالايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىشتا خەلق ئىجادىنىڭ مانا شۇنداق پۈتمەس-تۈگىمەس نەمۇنىلىرىدىن ئىجادىي ئىلھام ئالغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. ئەسەر مۇئەللىپى قانداق ماۋزۇدىن بەھس ئاچسا، ئۆزىنىڭ بۇ قىسمىدىكى پىكىر-مۇلاھىزىلىرىنىڭ دەلىل-ئىسپاتى ئۈچۈن شۇ تېمىغا ماس كەلگەن خەلق ئارىسىدىكى ئىبرەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ماقال-تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىرىنى تاللاپ ئېلىپ ئۆز پىكرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇقتا ۋە جانلىقلىقتا ئىگە قىلىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە ماقال-تەمسىللىرىدىن پايدىلىنىشتا «ئىرسالولمەسەل» (سۆزلەرنى مەسەل بىلەن كۈچلەندۈرۈش) سەنئىتىگە ئەمەل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنداق ئافورىزملاردىن پايدىلىنىشتا «دانا نېمە دەيدۇ؛ ئىشىت»، «ھەكىملەر ئېيتىدۇ»، «تۈركچە مەسەل بۇ-ڭا ماس كېلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش دەۋەتلەر ئارقىلىق ئوقۇ-غۇچىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى شۇ ماقال ۋە ھېكمەتلەرگە تارتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە پايدىلانغان بۇنداق ماقال ۋە ھېكمەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمەستىن ئەينەن قوللانسا، يەنە بىر قىسمىنى ئىجادىي ئىشلەپ، شېئىرى ئۇسلۇبقا ماسلاشتۇرغان ھالدا ئومۇمىي مەنىسىنى بايان قىلىدۇ.

مەسىلەن:

110.

يەشمىسى:

تولا كونا بىر سۆز مەسەلدە كېلۇر،
ئاتا ئورنى، ئاتى ئوغۇلغا قالۇر.

881 -

يەشمىسى:

ئەگەر كىرسە ئاق سۈت بىلەن ياخشى خۇلۇق،
ئولۇم تۇتمىغۇنچە ئۆزگەرمەس قىلىق.

4548

يەشمىسى:

ئۆي ئالماق تىلىسەڭ، قوشنىسىغا قارا،
يەر ئالماق تىلىسەڭ، سۇيىنى ئارا.

1046

يەشمىسى:

ئەجەب ياخشى ئېيتمىش دانا ــ بىلگۈچى،
«تەل بولغاندا نېمەت يۇقار يېگۈچى».

مۇنداق مىساللارنى ئەسەرنىڭ كۆرۈنەرلىك ھەممە سەھىپىلىرىدە ئۇچرىتىمىز.

ئومۇمەن «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە «ئىرسالولمەسەل» ئۇسۇلى بىلەن كەلتۈرۈلگەن بىر يۈز سەكسەنگە يېقىن ئىبارەت دەرىجىسىدىكى تۈرتىلىكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئايرىم ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ئەمەلدە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مىسال كەلتۈرۈلگەن مەۋسۇم ۋە مۇراسىم قوشاقلىرىدىكى ئايرىم تېمىلار ۋە بەزى ھېكمەتلەر «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدىمۇ ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ
ئەسىز ئاۋۇن قالدىمۇ
ئوزلەك ئۇچىن ئالدىمۇ
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» دە:

بۇ تۈرك بەگلىرىدە ئاتى بەلگۈلۈگ
توڭا ئالىپ ئەردى قۇتى بەلگۈلۈگ

بۇ پىكرىمىزنى تېخىمۇ دەلىللەش ئۈچۈن «دىۋان» دا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ھېكمەت قوشاقلىرىنىڭ تېمىسى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» دىكى بەزى شېئىرلارنىڭ ئىدىيۋى مەزمۇن ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي باغلىنىشىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك كۇپايىلىنىدۇ.

«دىۋان» دا:

ئالغىل ئۇگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە
بويىمدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلگىنىڭ ئولە ①

يەشمىسى:
ئەي ئوغۇل، مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق تۇت پەزىلەت تىلە، ئەل ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، بىلىمىڭنى تارقات.

بىلگە ئەرىگ ئەدگۈ تۇتۇپ سۆزىنى ئەشىت
ئەردەمنى ئۆگرەنىبەن ئىشقا سورا②

يەشمىسى:
بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ سۆزىنى ئاڭلا
پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ، ئىشقا ئاشۇر

①، ② «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 72 — 558- بەت،

«قۇتادغۇبىلىك»تە:

154

ئۇقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇغ بولۇر
بىلىكسىزدە بولسا، بەدوكلۇك ئۇئۇر

155

ئۇقۇشلۇق ئۇقار ئول بىلىكلىگ بىلىر
بىلىكلى ئۇقۇغلى تىلەككە تەگىر

بىلىملىك بولۇشنىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى ئۈندەشلەر قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەنئەنىسى سۈپىتىدە، خەلقئارادا «تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن مەشھۇر بولغان قۇجۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر پادىشاھلىقى (850 — 1250) دەۋرىگە تەۋە شېئىر-قوشاقلاردىمۇ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:

بىلىگىنگ ئەر بىلىگە،
تاش قۇرسانسا قاش بولۇر.
بىلىگسىزنىڭ يانىغا،
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.①

يەشمىسى:

بىلىملىك ئەرنىڭ بېلىگە،
تاش قىستۇرسا قاشتېشىغا ئايلىنىدۇ.

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 304-بەت.

بىلىمسىزنىڭ يېنىغا،
ئالتۇن قويسا تاش بولىدۇ.

بىلىم، ئەقىل - ئىدراك ئىگىسى بولۇشنىڭ ئاساسىي
ئاچقۇچى — تىلدۇر، ئۇ ئىنساننىڭ ئىلمىي - ئىرپانى، ئەقىل -
ئىدراكى ۋە دانىشمەنلىكىگە جولا بېرىدۇ، پىكىرنى روشەن-
لەشتۈرۈپ، كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئىنسانغا
بۈيۈكلۈك ۋە ئۇلۇغلۇق ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار تىلغا
تولىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، بۇ ھەقتە «پۇت يۈگۈرىكى
ئاشقا، تىل يۈگۈرىكى باشقا»، «ئويلىماي سۆزلىسەڭ، ئاغرى-
ماي ئۆلىسەن»، «ئاز سۆزلە، ساز سۆزلە»، «ئارتۇق سۆز بىر
ئېشەككە يۈك» قاتارلىق كۆپلىگەن ماقال - تەمسىللەرنى يا-
راتقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى روھىي
ئېستېتىكىلىق خەزىنىلىرىنىڭ ئەسىرلەر قايىنىمىدا ئۈزۈلمەي
كېلىۋاتقان مۇنداق ئېسىل دۇردانىلىرىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدى-
لانغان. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ يەتتىنچى بابى — «تىل-
نىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى ۋە پايدىسى بىلەن زىيىنى
بايانىدا» (162 - بېيتتىن 191 - بېيتكىچە) ئوبرازلىق ھال-
دا تىلنىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلارنى سۈ-
رەتلەپ بەرگەن. داستاننىڭ مۇنداق پوئېتىكىلىق، ئىجتىمائىي -
مەنىۋى مەزمۇنىدىن ھەمدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىدىن
خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى روھى، ئەخلاقى — ئېتىكىلىق باغلى-
نىشىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن ئەدەبىياتىنىڭ باي تار-
ىخىي ئەنئەنىسىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. قىسقىسى، تىلنىڭ خاسى-
يىتى ھەققىدىكى بۇ تېما ئالدى بىلەن ئۇيغۇر فولكلورىدا
كىشىلىك ئەخلاق ۋە ئىنسان پەزىلىتى بىلەن باغلىنىشلىق
بىر مۇھىم ئەنئەنە سۈپىتىدە «قۇتادغۇبىلىك» ۋە باشقا بە-

دىنىي ئەدەبىيات ئۆلگىلىرىدە ئىزچىل ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ كەلگەن.

فولكلىرىدىن تەسىرلىنىش، ئاشۇ پەيتتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەلۇم بولغان ئىلىم ـ ئەردەم ھەققىدىكى ھېكمەتلىرىدىن ئوزۇقلىنىش «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا يارىتىلغان بارلىق بەدىئىي ئوبرازلاردا كۆزگە تاشلىنىدۇ. گەرچە ئەسەر مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ فېئودال سىنىپ مەنپەئەتلىرىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ پىكىر يۈرگۈزسىمۇ، دۆلەتنى باشقۇرۇشتا ھەققانىيەت، ئادالەت، ئىنساب ۋە دىيانەت قاتارلىق دۇنياۋى تېمىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدۇ. شائىرنى ئەنە شۇنداق ئىلغار ئىجتىمائىي پىكىرگە ئۈندىگەن تۈرتكىلىك كۈچ ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىلغار قاراشلىرى بىلەن بىللە، يەنە خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىدا ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان يۇقىرىقىدەك تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھېكمەتلەر ۋە ماقال ـ تەمسىللەردىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، ئۆتمۈش فېئوداللىق جەمئىيەتتە پادىشاھ، خان سۇلتانلارنى ئادالەتكە چاقىرىش، ئادالەتلىك، ئىنسابلىق ھۆكۈمدارلارنى ئارزۇ قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىلغار غايىسى بولۇپ كەلدى. بۇ غايە ئالدى بىلەن خەلق ئاغزاكى ئىجادىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدا ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. خەلق داستانلىرىنى ئالساق ئۇ، ئۆزىنىڭ غايىۋى، بەدىئىي قىممىتىنى، تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تۈرلۈك يىرتقۇچ ۋە ئۆي ھايۋانلىرى ھەمدە ئۇچار قاناتلارغا خاس بولغان سۈپەتلەرنى قەھرىمانلارغا كۆچۈرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز ئەسىرىدە خەلق ئېغىز ئىجادىغا خاس بولغان مۇنداق مەجازى ۋاسىتىدىن ئىنتايىن كەڭ پايدىلانغان. ئۇ،

قوي، قوزا، سەركە، تېكە، كېيىك، بۆرە، ئارسلان، قاپلان، توڭگۇز، ئېيىق، قوتاز، تۆگە، قۇزغۇن، شۇڭقارغا ئوخشاش هايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆز قەھرىمانلىرىغا كۆچۈرۈپ سىمۋوللايدۇ. سۇباشى (لەشكەر بېشى) لەردىن يولۋاستەك يۈرەكلىك، قاپلاندەك ئىرادىلىك، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەك ھەيدەملىك، قوتازدەك ئۆچمەن، تۈلكىدەك ھىيلىگەر ،نار تۆگىدەك قىساسكار، سېغىزخاندەك ھوشيار قۇزغۇندەك ئۇزاقنى كۆرەلەيدىغان بولۇشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پوئېتىك ئەنئەنىسى داستانىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ نامىنى بەلگىلەشتە قوللىنىلغان، كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشلارنىڭ نامىلىرى، شۇ ناملارنىڭ تەركىبىنى تەشكىل قىلغان ئېلېمېتلار ۋە ئۇلاردىكى ئاساسىي سۈپەتلەر جەھەتتىن ئالغاندىمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پوئېتىك ئەنئەنىسى (خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەنئەنىسى) دىن كەلگەنلىكى سېزىلىپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق؛

1 - كۈنتۇغدى —(كۈنى تۇرۇ) —ئادىل ۋە مۇستەھكەم قانۇن.

2 - بەخت (قۇت) — ۋەزىر ئايتولدىنىڭ سۈپىتى.

3 - ئەقىل - پاراسەت (ئوقۇش) — ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئوگدۈلمىشنىڭ سۈپىتى.

4 - كېلىچەك يەنى ئاخىرەت (ئاقىۋەت) — ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى زاھىت ئودغۇرمىشنىڭ سۈپىتى.

ئايتۇلدىنىڭ سىمۋولى بولغان «قۇت» قۇياشنى ئۆزگە مەنىبە قىلغان تۆرۈ (قانۇن) غا تەۋە بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ نەمەنگان قولىيازمىسىدا بۇ تۆت ئوبرازنىڭ نامى «ئادىل»، «دۆلەت»، «ئەقىل»، «قانائەت» دەپ ئىپادىلەنگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېتىمىزملىق قاراشلىرىدا تەڭرى-

نى ھەممىدىن بۈيۈك ۋە قۇدرەتلىك ھېسابلاپ، ئىنساننىڭ
پۈتۈن ئىقتىدارى، كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى تەڭرىنىڭ
ئىرادىسىگە باغلىق دەپ قارايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى-
دىمۇ «قۇت» نىڭ ئىلاھىي مەنبەيى بولغانلىقى، بۇ مەنبەنىڭ
تەڭرىدىن كەلگەنلىكى بىلدۈرۈلىدۇ؛ «ھەر ئىشتا خۇدادىن
سەن تەۋپىق تىلە، سېنى قوللار ھەق، شۇبھىسىز كۈچ بىلە»،
«بۇ بەگلىك ئىشىن كىمگە بەرسە خۇدا، بېرۇر ھەم ئەقىل
كۆڭۈل لايىقىدا»، «كىمكى بەگ يارالتماق تىلىسە بايات، بې-
رۇر باشتا خۇلق - ئەقىل، قول - قانات»، «بۇ بەگلىكنى كۆچەپ
ئالمىدىڭ تىلەپ، خۇدا بەردى پەزلى بىلەن بەلگىلەپ»، «بىز
بەگلەر خۇدادىن قويۇلغان ئېرۇر، خەلق ياخشى بولسا، بىگى
خوپ بولۇر» قاتارلىق مىسرالاردا كۈنتۇغدىنىڭ تەڭرى ئوبرا-
زى بىلەن خاراكتېرلەيدۇ. قانۇننى تەڭرى بىلەن بىر قاتار-
دا قويۇشتىن ئىبارەت بۇنداق ئېما كۆلتىكىن ۋە بىلگە خا-
قان مەڭگۈ تېشىدىكى خاتىرىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. قانۇننىڭ
ئادىل بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئاۋام خەلقنىڭ ئۇنىڭغا قار-
شى چىقىشىمۇ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى، «قۇت» قا بەرگەن جا-
زاسى. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت ھەققىدىكى ئەنئەنى-
ۋى قارىشى بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» ئىسمىنىڭ بىۋاسىتە «قۇت»
قا باغلانغانلىقىمۇ مۇشۇ ئەنئەنىدىن كەلگەن. «قۇت» ئۇيغۇر-
چىدا ئەڭ قەدىمكى سۆزلەردىن بىرى بولۇپ، ئەسلىدە ياخشى
ھاكىمىيەت ئۇقۇمىنى ئىپادە قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مىلادى-
دىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى تەڭرىقۇت مودۇننىڭ خەن سۇ-
لالىسىغا يازغان خېتىدە، ھۆكۈمدارنىڭ ئىسمى ئورنىدا «تەڭ-
رى قۇتى - تان - ھو» (تەڭرىنىڭ ھۆكۈمدارلىق ھوقۇقى بې-
لەن قوراللانغان ھۆكۈمدار» دەپ ئىمزا قويۇلغان. مەھمۇد
قەشقەرىمۇ «قۇت» سۆزىگە ئاۋۋال «دۆلەت» مەنىسىنى بەرگە-

نىدى. بۇ مەنىسى بويىچە ئالغاندا، ئەسەرگە «ھۆكۈمدارلىق بىلىمى»، «سىياسىي ھاكىمىيەت بىلىمى»، «دۆلەتلىك بولۇش بىلىمى» دەپ نام بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

قىسقىسى، پېرسوناژلارنىڭ سىمۋوللۇق نامىدىن تارتىپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي غايىسى، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن قارىغاندا مەزكۇر داستان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پوئېتىك ئەنئەنىسى بىلەن ئاھاڭداش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھال «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ غايىۋى - بەدىئىي قىممىتىنى، ھاياتىي ئەھمىيىتىنى ۋە خەلقچىللىق روھىنى ئاشۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر قايسى ئىقلىمغا ياكى قايسى پادىشاھلىققا يېتىپ بارغان ھامان شۇ جايدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلغان ۋە تەقدىرلەنگەن.

× × ×

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت—جەمئىيەت ئەزالىرى ئارا ئالاقىسىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ھۆرمەت-ئېھتىرامنىڭ ئادەتتىكى كۆرۈنۈشىدىن تارتىپ ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي فورمىسىغىچە بولغان بارلىق مەسىلىلەرنىڭ يىغىندىسى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئاساسىي ماۋزۇلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە، كىچىكلەرنىڭ چوڭلارغا، ئەمەلدار-مەنسەپدارنىڭ قول ئاستىدىكى پۇقرالارغا، پۇقرالارنىڭ ئۆز خوجايىنلىرىغا، تۈرلۈك ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ، تەبىقىلەرنىڭ بىر-بىرلىرىگە، پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىلىرىغا، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن بولىدىغان ھۆرمەت-ئېھتىراملىرى... غىچە يۇسۇپ خاس

ھاجىپنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرىدۇ. داستاندا ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ئىھتىرامنىڭ ئائىلە، جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ئاساسىي مىزان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرلىكتە، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى ھاياتىي ۋە جانلىق مەسىلىلەرگە ئاساسلانغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنى ئۆزئارا ھۆرمەت - ئىھتىراملىق بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ئىھتىرام باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ تۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئادىتى بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» تە مۇشۇ تېمىغا ئائىت 60 تىن ئارتۇق بېيىت بار. شائىر بۇ بېيىتلار ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەب - ئەخلاقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئىزاھلايدۇ.

مەلۇمكى، ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئەنئەنىۋى ئادىتى ۋە قائىدە - يوسۇنى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گەرچە دىنىي ئەقىدىچىلىكنىڭ مۇئەييەن شارائىتتىكى ئىنكاسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتى يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانپەرۋەرلىكىنى يادرو قىلغان كىشىلىك ئەخلاق قارىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا بىر مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى ئىشەنچىسىدە ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا-قويۇقلا «خۇراپاتلىق» دەپ قاراپ ئىنكار قىلىۋېتىش تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى «دىنىي خۇراپاتلىق» نىڭ خاراكتېرى بىلەن خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئادىتىنىڭ خاراكتېرى ماھىيەت جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مىللەت تۇرمۇشىدا شەكىللەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ئۆرپ - ئادەتلەرنى تەتقىق قىلىش شۇ مىللەت خەلقلىرىنىڭ

ئېتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىسى ئېنىقكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىشتا نوقۇل ھالدا ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادىتىنى ئېتنوگرافىيە نۇقتىسىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەمەس، لېكىن ئۇ كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى خۇلق-سۈپەتلەرنى شەرھلىگەندە، ئۇنى تەبىئىي ھالدا شۇ خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشىدىكى ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە بەزى ئەنئەنىۋى مۇراسىملار ئىچىدە گەۋدىلەندۈردى؛

1725

يەشمىسى:

كىشىگە قەدىرلىك بۇ ئالتۇن-كۈمۈش،
كۈمۈشتىن ئەزىز ئەرگە ئۆزنى تۇتۇش.

ئاپتور نەزەرىدە يۇقىرىقى بېيىتتا قەيت قىلغاندەك، ئەدەب-ئەخلاقنى دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ ئۈستۈن قويىدۇ. شۇڭا بۇ ئاكتۇئال تېمىنى تۇرمۇشنىڭ خىلمۇخىل كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە سۈرەتلەپ، ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئەنە شۇ ئەخلاق ئەنئەنىسى بىلەن تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مەلۇمكى: ئىسلام دىنى 7- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كېلىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەرەب زېمىنىدا ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا سىرتقا كېڭەيىشكە باشلاپ، 1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تارقىلىپ، دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارنىڭ سىياسىي ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردە غەيرىي دىندىكى رايونلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاسلىق شەكىللەندى. جۈملىدىن ئۇيغۇرلار 9- ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا

كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى ئېتىقادىدىكى ئۆزگىرىش شۇ خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيىسىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىپ، ئىسلام ئۆرپ-ئادەتلىرى خەلقىمىزنىڭ كوللېكتىپ ۋە يەككە پائالىيەتلىرىدە يېتەكچى ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئىدېئولوگىيە ساھاسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر مۇقەررەر ھالدا، شۇ خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىدە ئەكس ئەتمەي قالمىدى. بۇ نوقۇل دىن تەشۋىقاتى ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان دىنىيمىستىك ئەدەبىياتتىن تاشقىرى، يەنە ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق ۋە دىداكتىك روھ بىلەن سۇغىرىلغان دۇنياۋى ئەدەبىياتتىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتى. ئىسلام دىنى مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن تۇنجى يىرىك بەدىئىي داستان — «قۇتادغۇبىلىك»مۇ ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي، بەدىئىي غايىلىرىنى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى رامكىسى ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىدىيەۋى ئېتىقادلارنىڭ ماھىيىتىنى ئەنە شۇ ئىسلام ئىدىيەۋى قاراشلىرى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خاس ھاجىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن تابىلىق مۇناسىۋەت نۇقتىئىنەزەرى ئاساسىدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغلىرى (چوڭلىرى) ئالدىدا «كىچىك» لەرنىڭ قانداق ئەدەب ساقلاش لازىملىقى ھەققىدە ئۆگۈتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

4052

قىلىنچ ئېت يۈرۈق توز ئوزۇڭنى كۈدەز
كوڭۈل تىل كۈنى توت قىمۇرغىل سوزۇڭ

يەشمىسى:

تۈزەپ خۇلقى ھەرىكىتىڭ ئۆزۈڭنى كۆزەت،
كۆڭۈل، تىلىنى رۇس تۇت ۋە قىسقارت سوزۇڭ.

4056

ئەلىڭ قاۋۇشۇر تۇت ئاداقىڭ تۈز،
بۇ ئوڭ ئەلگىڭ ئورغىل سول ئەلگىڭ تۈز.

يەشمىسى:

قولۇڭنى قوۋۇشتۇر، پۇتۇڭنى تۈزۈپ،
بۇ سول قول ئۆز، ئوڭ قولۇڭنى قويۇپ.

4057

قاپۇ غىدا كىرۇردە ئوڭۇڭ ئاشنوماڭ
تىلىن يارلىقادا ئۇڭۇڭ بىرلە ماڭ

يەشمىسى:

ئىشىكتىن كىرۇردە كىر ئوڭ پۇت بىلەن
ئەمىر قىلسا ئاڭلا، پاراسەت بىلەن.

4059

قىيا باقما ئاندا سولۇن يا ئوڭۇن
ئوزۇڭ ئەيمەنۇتۇر ئەشىت سوز ئوڭون

يەشمىسى:

چەپ ـ ئوڭ ياققا ئۇندا قىيا باقمىغىن،
ئوزۇڭ ئەيمىنىپ تۇر، سوزىن ئاڭلىغىن.

4108

يوڭا ما كىشىڭ سەن ئۇشاق سوزلەمە،
كۆنى سوزلەگىل سوز بارىن كىزلەمە.

يەشمىسى:

ئۇششاق سۆز قىلما سەن، كىشىنى چېقىپ،
دۇرۇس سۆزلە، تۇرما بارىنى يېپىپ.

4113

قاقىرما سەن ئاندا ياسودما قاتىق
ئوتۇنلۇق بولۇر بۇ كەتۇرۇر تاتىغ.

يەشمىسى:

تۇكۇرمە، گېلىڭنى قاقىرتما قاتتىق
نادانلىق بولۇر ئۇ، يوقاتۇر تاتىق.

يۇقىرىقى بېيىتلاردا ئومۇمەن بىرەر ئېھتىياج بىلەن ئۇلۇغلار (چوڭلار) ئالدىغا بارغاندا ئۆزىنى قانداق تۇتۇش ۋە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىملىقى ئەدەب ـ ئەخلاق مىزانى بويىچە ئۇگۇتلەنگەن. شائىرنىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنى پۇقرالارنىڭ هۆكۈمرانلارنىڭ ئالدىدا «ئىككى تىز بىلەن چۆكۈپ» تۇرىدىغان ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قۇللىرىدىن بولۇشقا دالالەت قىلىش بولماستىن، بەلكى ئىسلام ئەخلاقىي نوقتىسىدا تۇرۇپ، بارلىق كىشىلەرنى ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئەنە شۇنداق ئەدەب ساقلاش ھەمدە ئۇششاق سۆز قىلىپ باشقىلارنى چاقىدىغان پىتنىخور-چېقىمچىلارغا تەنبىھ بېرىش، شاھ ئالدىدىمۇ راست سۆزلەيدىغان ھەقىقەتچىلەردىن بولۇشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۇنىمۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بىرخىل ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانى دەپ قارىغاندا، ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە تەلىم-تەربىيە ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن مېھماندوست خەلق، ئۆزئارا مېھمان چاقىرىش، ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلارنى مەيلى تونۇسۇن ياكى تانۇمىسۇن ئىززەت، ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىش ئۇلارنىڭ شەجەرىسىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بىرخىل ئەنئەنىۋى ئادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ پىكرىمىزنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك قوشاقلار ۋە ھېكمەتلىك ماقال-تەمسىللەر تەستىقلايدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىمۇ ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىدىكى بەزى مۇراسىملار (توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم) نىڭ ئادەت-شەكىللىرىنى تىلغا ئالغاندىن باشقا، يەنە مۇھىمى مېھماندارچىلىقنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭغا ئىشتىراك بولۇشنىڭ كونكرېت قائىدە-يوسۇنلىرى بىرقەدەر ئوبيېكتىپ ھالدا بايان قىلىنغان؛

4575

ئۇلاردا بىرى كۆدەنكە ئاش ئول
يا سۈننەت ئاشى يا توغۇرسا ئوغۇل

يەشمىسى:

ئۇلاردىن بىرىكىم نىكاھ توي ئول
يا سۈننەت تويى يا توغۇلما ئوغۇل

4577

يوغ ئاشى بولۇر يا ئولۇگ ئاتىڭا
يا ئۆل ئات بولۇپ ئاش بەرۇر ياتىڭا

يەشمىسى:

يا ئۆلگەن كىشىگە نەزىر ئاتىماق
يا ئۆسكەچ مەرتىۋە، ياتقا ئاش تارتىماق.

4581
ياقىن قوشنى ئاشنى ئاش ئەتسە ساڭا
ئازۇ تەگرىلىك ئەش ئوقسا توڭا

يەشمىسى:
يېقىن قوشنا ساڭا بەرسە زىياپەت
ۋە يا تەگرىلىك دوست گەر قىلسا دەۋەت
4582
ئۇلار قايەمە بەر كۇدەزگىل كۆڭۈل
سەۋىندۇر ئۇلارنى سەۋىن ئاي ئوغۇل

يەشمىسى:
ئۇلارغا بېرىپ سەن، سەن ئالغىن كۆڭۈل
سۆيۈندۇر ئۇلارنى، سۆيۈن ئى ئوغۇل

شائىر ئۇيغۇرلارنىڭ هاياتىدا مەۋجۇت بولغان يۇقىرىقىدەك مۇراسىملارنىڭ بەزى شەكىللىرىنى ئىزاھلىغاندىن كېيىن، مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە-يوسۇنى ۋە مېھمانلارنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نىزاملىرىنى سۈرەتلەپ، بۇ توغرىدا تۆۋەندىكى بېيىتلارنى هەدىيە قىلىدۇ:

4607
ئاشىغ تاتغانو يەسەن ئەلگىڭ سۇنۇپ
سەنى كورسە ئەۋلىگ سەۋىنسون تۇرۇپ

يەشمىسى:
ئىززانى زەۋق بىلەن يېگىن قول سۇنۇپ
كۆرۈپ ئۆي خانىمى سۆيۈنسۇن تۇرۇپ.

4594

قايۇتۇرلۇگ ئاشقا بارىر ئەرسە سەن
ئەدەب بىرلە ئاش يە بىلىر ئەرسە سەن

**يەشمىسى:**

قايۇتۇرلۇك ئاشقا بارار ئىكەن سەن
يېگىن ئاندا ئاشنى ئەدەب بىلەن سەن.

4596

سەنىڭدە ئۇلۇغ ئاشقا سۇنسا ئەلىگ
سەن ئۆترۇ نەلگ سۇن بۇ ئول كوربىلىگ

**يەشمىسى:**

سېنىڭدىن ئۇلۇغ ئاشقا سۇنسا قولىن،
يۇسۇن شۇكى، قولۇڭنى ئۇزاتقىن كېيىن.

4599

پىچاق تارتما ئاندا كۇتۇرمە سۇڭۇك
ئايى بولما قوۋداش نەسىلىكىم سەپۇك

**يەشمىسى:**

پىچاقنى چىقارما، غاجىما سۆڭەك
بولۇپ كەتمە چاپقاق، تۇزۇت قىلما بەك

4656

تىلەسە فۇقا بەر، تىلەسە مىزاب
تىلەسە جۇلەڭىبىن تىلەسە جۇلاب

**يەشمىسى:**

تىلەسە فۇقا ① بەر، تىلەسە مىزاب

---

① فۇقا — شارابنىڭ بىر خىلى

هەسەل ـ گۈل شاراب بەر، تىلىسە جۇلاپ

4660
ئاش ئىچكۈ يەسەلەر نوقۇل ئۇر يەمىش
قۇرۇغ ئول يەمىش ئۇر بىر ئانچە سىمىش

يەشمىسى:
غىزادىن كېيىن تارت شېرىنلىك يېمىش
قۇرۇق- هۆل يېمىش قوي ۋە ئازراق سىمىش

ئۇيغۇرلار ھەرقانداق شارائىتتا ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە قائىدە-يۇسۇننى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈز-قول-لارنى يويۇشتىن تارتىپ تاماق تارتىش ۋە يېيىشكىچە، ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا قىلىشىدىغان سالام ـ سائەتتىن تارتىپ ھەمسۆھبەت بولۇشقىچە، يۈرۈش-تۇرۇشتىن تارتىپ بىراۋنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولۇشقىچە... دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئادەت قارىشى بويىچە تۈزۈلگەن قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش-قىلماسلىق شۇ كىشىنىڭ پەزىلىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆيگە بىرەر مېھمان كەلگەندە خۇش پېئىللىق بىلەن تۆر ئۆيگە باشلاش، چاي تارتىشتىن بۇرۇن ئۆي ئىگىسى پاكىز تازىلانغان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا (داس-چۆگۈن) تەييارلاپ، سول قولىدا چىلاپچا، ئوڭ قولىدا ئاپتۇۋىنى كۆتۈرۈپ مېھماننىڭ قولىغا ئەدەب بىلەن ئۈچ مەرتەم سۇ قۇيۇش ۋە قولىنى سۈرتۈشكە پاكىز لۆڭگە بېرىش، ئارقىدىن سىنچاي قويغاندا چەينەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شاقىراتما سۇيىدەك كوركۇرىتىپ قۇيماستىن، پىيالىنىڭ لېۋىنى سۆيدۈرۈپ، كۆۋۈك ھاسىل قىلمايدىغان دەرىجىدە قۇيۇش ھەممىدە پەتنۇس بىلەن

مېھمانغا سۇنۇش، مېھمان ئۇچۇن تەييارلانغان تاماقلارنى ئۆز رېتى بويىچە داستىخانغا تارتىش، مېھمانلارمۇ ئالدىغا كەلگەن تاماقنى خۇددى بوۋىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ئەدەب بىلەن يېيىش، جامائەت سورۇنلىرىدا گالىنى قاقىرىپ تۈكۈرمەسلىك، ياغلىق بىلەن ئېغىزنى توسۇپ چۈشكۈرۈش، تاماق يېگەندە شالاپلىتىپ ئاۋاز چىقارماسلىق، تاماقنى بولۇشىچە ئېغىزغا قاپلاپ ئېلىپ مالاچلىتىپ چاينىماسلىق، كىشىلەر ئارىسىدا خالىغانچە ئەسنەپ ئولتۇرماسلىق، ساھىبخانغا ئورۇنسىز تەلەپ قويماسلىق... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك نورمال ئەخلاق مىزانلىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئاشۇ ئادەتكە كۆندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «مەشرەب كۆرمىگەن بالا ئادەم بولالمايدۇ» دېگەن تەمسىلمۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىدا قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇشقا قانچىلىك ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى.

كىشىلىك ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان مۇنداق مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر گەرچە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر، تۈپەيلىدىن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بەزىلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى تارىيىشى ياكى كېڭىيىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇ ھامان ئەنئەنىۋىلىك ۋە ۋارىسچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئادەتلەرنى ئېتنوگرافىيە جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلغاندا، ئۇ يالغۇز ئۇيغۇرلارغىلا خاس بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئومۇمىي كىشىلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەن

لىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. (ئەلۋەتتە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا).

شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەخلاقىي ئادەت نۇقتىسىدا يۇقىرىقىلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپ، مېھمانغا چاقىرىشنىڭ بىرقانچە خىل بولىدىغانلىقى ۋە ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەقسىتى بار ئىكەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن چاقىرىلغۇچى كىشى قايسىسىغا بېرىش، قايسىسىغا بارماسلىقنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، بېرىشقا تېگىشلىكلەرگە چوقۇم بېرىش، بارمىسىمۇ بولىدىغانلىرىغا بارماسلىق توغرىسىدا ياخشى مەسلىھەتلەر بېرىدۇ؛

4583

قالى ئەتسەلەر ئاش ساڭا ئوغرايۇ
ئول ئاشقا يەمە بارسەۋىندۇر يېيۇ

يەشمىسى:

ئەگەر خاس زىياپەت ئاتاركەن ساڭا
يەپ ئاشنى خۇشال قىل، بېرىپ سەن ئاڭا

4584

ئاپاك مۇندا ناشتىن بولۇر ئەرسە ئاش
ئاڭار بارماسا يەگ كۆڭۈل بولغا باش

يەشمىسى:

بۇلاردىن تاشقىرى بولسا زىياپەت،
بارماسلىق تۈزۈكرەك، دىل چەكمىگەي دەرد.

4586

يا ئەسرۈك تۇتۇش قىلغا ئاخسۇملا غاي،

ئاشىڭ سىڭمەي تەك كۆڭۈل ئاغرىغاي.

يەشمىسى:

يا مەسلەر تۇتۇشۇپ جېدەل باشلىغاي،
ئېشىڭ سىڭمىگەي ھەم دىلىڭ ئاغرىغاي.

4587

قاموغ بىر تودوم يەم ئاش ئىچگۈ ئۈچۈن،
ئۆزۈكنى ئۈچۈن قىلما غىل سەن كۈچۈن.

يەشمىسى:

دېمەك بىر تۇيۇم ئاش ۋە ئىچكۈنى دەپ،
بېرىپ خار ئەيلىمە ئۆزۈڭنى كۈچەپ.

بۇ پىكىرلەر گەرچە مۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنە بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شائىرنىڭ ئۇيغۇر فولكلورى بابىدا يازغان يۇقىرىقى بايانلىرى بىلەن بىرگە، يەنە ئىسلامىيەت قاراشلىرى بويىچە ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ھەققىدىكى بېيىتلارمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ:

4517

تىشىگ قاتما ئەركە يېگۈ ئىچگۈدە،
قالى قاتتىڭ ئەرسە كەچەر كەچگۈدە.

يەشمىسى:

ئايال ـ ئەر بولسۇن ھەرگىز ھەمداسقان،
ئەگەردە قوشۇلسا بۇزۇلماي مىزان.

4520 ئاغرتۇت تىشىڭ سەن نەگۇ قولسا بەر،
ئەۋلك قاپغى بەكلە يىراق تۇتغىل ئەر.

يەشمىسى:

ئەزىز كۆر خوتۇننى، نېمە دېسە بەر،
ئۆيۈڭ ئىشىكىن ئەت، يولاتمىغىن ئەر.

دەرۋەقە، تاكى ئازادلىققىچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى هامان ئەرلەردىن تۆۋەن تۇراتتى، فېئوداللىق ئەرلەر هوكۇمرانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ بەزى شەرىئەتلىرىنى ئۆزىگە مەنىۋى تۈۋرۈك قىلىپ، ئاياللارنى فېئودالىزمنىڭ تۆمۈر قامچىسى ئاستىغا تاشلاپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى قاراشلار ۋە ئادەت كۈچى تۈپەيلىدىن ئاياللار ئەرلەرنىڭ قولىدىكى ئەركىن تاۋارغا ئايلىنىپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشىلىك ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالغانىدى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئابرۇيلۇق ئىسلام ئەربابى بولغان يۈسۈپ خاس هاجىپ ئەلۋەتتە ئاياللار هەققىدىكى مۇنداق ئىدىيىلىك قاراشلارنىڭ تەسىرىگە يولۇقماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن 4517 ـ ، 4518 ـ بېيىتلىرىدا ئەنە شۇ خوراپىي، باراۋەرسىز قاراشلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئادىتى تەرىقىسىدە تىلغا ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرنىڭ بۇ ساهەدە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىنى ئوبيېكتىپ ۋە تارىخىي يوسۇندا مۇهاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەكسىچە، ئەر ـ ئاياللار هوقۇقتا باراۋەر بولۇش هەققىدە تەمىن ئېتىلگەن، ئاياللار مەنپەئەتى تولۇق هىمايىگە ئىگە بولغان بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ئازاد زاماندا شائىرنىڭ ئاياللار بابىدا يازغان يۇقىرىقى يازمىشلىرىنى پۈتۈنلەي قارارلاشتۇرۇپ قايتا بازارغا سالسا، شۈبھىسىزكى،

ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر گۇمىمىزىنى قايتا ئىكىلىگەنلىك بولۇپ بىـ
مەنە كۆلكىلىك ئىش بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك» داستانى قەدىمكى ئۇيغۇر فولكـ
لورىغا ئائىت يۇقىرىقىدەك كۆپلىگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان بولۇپ، بۇلار ئەلۋەتتە ئېتنوگرافىيە، مىللەتشۇناسلىق،
ئىنسانشۇناسلىق، ئەخلاقشۇناسلىق تەتقىقاتىدا پايدىلىق ماتېـ
رىيال بولالايدۇ.

# «قۇتادغۇبىلىك» تە ئائىلە ۋە ئائىلە تەربىيىسى تېمىسى

قەدىمكى ۋە يۈكسەك بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە ھەم تارىخ، ھەم پەلسەپە، ھەم سىياسەتنامە، ھەم ئىجتىمائىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش ھاياتى بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى رېئال ھاياتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق ئىلمىي قامۇستۇر. مەزكۇر ماقالىدە بايان قىلماقچى بولغان تېما ئەسەرنىڭ ئومۇمىي تېماتىك پىلانىدا ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرمىغان بىلەن، ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ھالقىدۇر. چۈنكى، ئائىلە ۋە ئائىلە تەربىيىسى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا تەڭپۇڭلۇق رول ئوينايدۇ، ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسى مۇئەييەن ھالدىكى كىشىلىك ئەخلاقنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئۈچ كاتېگورىيە ئىچىدە ئائىلە تەربىيىسى تەبىئىي ئاساس بولۇپ، ئىنسانىنىڭ تۈپ خاراكتېرى ئائىلىدىن ئىبارەت ئەنە شۇ بۆشۈكتە يېتىلىدۇ.

ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ھۈجەيرىسى ۋە ئەڭ كىچىك ئورگىنى، بەلگىلىك دائىرىدىكى قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدىن قۇرۇلغان ئەڭ كىچىك تۇرمۇش بىرلىكى. ئائىلە بىر تارىخىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم

باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن، مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئائىلە — ئاكتىپ ئامىلدۇر، ئۇ ھەرگىز ھەرىكەتسىز ھالەتتە تۇرمايدۇ، بەلكى ئۇ، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تۆۋەنرەك شەكىلدىن يۇقىرىراق شەكىلگە كۆچىدۇ». دېمەك، بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئائىلىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئورگان بىۋاسىتە ھالدا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشىگە ئاساس بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ راۋاجلىنىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي بىرلىك ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش ئورتاقلىقىدىن تەشكىل تاپقان بولغاچقا، ئۇ ئۆزىگە تەئەللۇق ئەزالارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئائىلە جەمئىيەتنى ئەمگەك كۈچى، ئەقلىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى بىلەن تەمىنلەشتەك مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئائىلىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە نىسبەتەن بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىش ۋە چەكلەش رولى بار.

ئائىلە تەربىيىسى، شۇ ئائىلىدىكى چوڭلارنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا، ئائىلە ئىستىلىغا مۇناسىپ ھالدا ئېلىپ بارىدىغان تەربىيە ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئەزەلدىن پۈتۈن جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى. ئائىلە تەربىيىسى، ئەخلاقىي تەربىيىگە ئەھمىيەت بىلەن قاراش، ئەۋلادلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇمۇمەن، ئائىلە ئەزالىرىنى ئەمگەكچان، باتۇر، سەممىي، ئاق كۆڭۈل، راستچىل، كۆيۈمچان، مەۋقەلىك ۋە بىلىملىك

قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئائىلە قائىدە ـ يوسۇن ـ لىرى (ئىستىلى) ئائىلە تەربىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بەلگە ـ لىمىلەردۇر. ئۇ ئوخشىمىغان رايون، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارىـ ـسىدا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئىپادىلىنىپ، شۇ خەلقلەرنىڭ ئەخلاق پىسخىكىسىغا ماس هالدا ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىـ ـشىدۇ. ھەمدە مۇئەييەن دەۋرنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق مىزانلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ، مىللىي ئەخلاق مىزانىغا ئايلىنىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرى تەبىئىي هالدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بۇنداق مىزانلار ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى هاياتىدا روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

دېمەك، ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشنى نىشانلىغان مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس هاجىپ، ئۆزىنىڭ بۇ گىگانت ئەسىردە ئائىلە ۋە ئائىلە تەربىيىسىگە شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ سەھىپە ئاجراتقان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 62 ـ ، 63 ـ ۋە 65 ـ بابلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت كاتېگورىيىسىدىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەخلاق مىزانىدا نېمىلەرگە ئەمەل قىلىش ۋە نېمىلەردىن ھەزەر ئەيلەش لازىملىقىنى قانائەت سىمۋولى بولغان ئودغۇر ـ مىش (زاهىت) بىلەن، ئەقىل ـ پاراسەت سىمۋولى ئوگدۇلمىش ئارىسىدىكى دراماتىك سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ ئۆزىنىڭ دىداك ـ تىك ئىدىيىسىنى نامايان قىلىدۇ.

مەلۇمكى، ئەسەر مۇئەللىپى قاراخانىلار دەۋرىدىكى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ شەخس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى ۋە ئائىلە تەربىيىسى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئەل ـ ۋەتتە ئومۇمىي جەمئىيەت قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن بۇ تېمىغا ئائىت بەزى بېيىتلار ها ـ

زىرقى زامان تەلەپپۇزىغا زىتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شائىر ياراتقان ماكان ۋە زامان ئېتىبارىدىن ئالغاندا، ئۇ پۈتۈن ئەسەرگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان شائىر ئېستېتىك ئېڭىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

شائىرنىڭ ئائىلە تەربىيىسى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت (هايات پەلسەپىسى) توغرىسىدىكى بايانلىرى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشكەن:

بىرىنچى، پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيلەش: پەرزەنتلەر ئائىلىنىڭ قانۇنلۇق مىراسخورى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئائىلە پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئاتا - بالا مۇناسىۋىتى ۋە قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى پۈتكۈل ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ كەلدى. پەرزەنتنى ئاسراش، قوغداش ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن جانلىقلارغا ئورتاق بولغان بىر خىل بىئولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتتۇر. ۋەھشىيلىكتە ئۈچىغا چىققان يىرتقۇچ بۆرىمۇ ئۆز بالىسى ئالدىدا تەڭدىشى يوق مېھرىبان؛ ئۇ بالىسىنى قاتارغا قوشقۇچە ھەر قانداق رىيازەتلەرنى چېكىشكە رازى. بۆرىنىڭ يىرتقۇچلۇق تەبىئىتى ئۆز بالىلىرىنى تەربىيلەپ، ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىرسىيەتلىك قانۇنىيەت نېگىزىدە شەكىللەنگەن. كەپتەر، قۇچقاچ، تورغاي... قاتارلىق ئۇچار قاناتلارمۇ ئۆزىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشنى سەزگەندىن باشلاپلا، جۈپتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، دۈشمەنلەردىن خالىي جاينى تاللاپ، ئىنسان ئەقلىنى لال قىلغۇدەك چېۋەرلىك ۋە ماھىرلىق بىلەن بالىلىرىغا ئاتاپ «ئۆي» تەييارلايدۇ. يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ بېرىپ بالىلىرىغا دان، سۇ توشۇپ بېرىشنى ئۇنتۇمايدۇ.

ئىنسان ئاڭلىق «هايۋان» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاڭسىز

هايۋانلاردىن تۈپ ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئەمما، باللار كۆيۈمىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيەت ھەممىگە ئورتاق. دۇنيانىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسى، ئاتا ـ باللىق مۇناسىۋەتنى دەۋر قىلغان ھالدا ئۆز تەكپۇكلۇقىنى ساقلاپ قالالىدىغان بولغاچقا، پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيلەش مەسلىسى نوقۇل ئۆرپ ـ ئادەت مەسلىسى بولۇپلا قالماستىن، ئەكمۇھىمى ئىجتىمائىي سوتسىئولوگىيىلىك ھادىسىدۇر ھەمدە ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلمىسى تەتقىقاتىدىكى مەڭگۈلۈك تېمىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى قاراشنىڭ بەدىئىي مۇجەسسىمى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، ئاتا ـ بالا مۇناسىۋىتىنى ئوبيېكت قىلغان ئائىلە ۋە ئائىلە تەربىيىسى ھەققىدىكى بەدىئىي دېتاللارمۇ ئاپتور نەزەرىدىن چەتتە قالمىغان.

مەسلەن:

4504 تۇغۇلسا ساڭا ئەي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

4506 ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت بىلىم ۋە ئەدەب،
بېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ.

4508 پەزىلەتنى قويماي ئوغۇلغا ئۆگەت،
ئاڭا مال بەرگۇسى يىغىپ پەزىلەت.

4059 ئوغۇلنى بىكار ـ بوش يۈرمە سەن قويۇپ،
بىكارچى بولۇر ئۇلار لاغايلاپ يۈرۈپ.

101. تولا كونا بىر سۆز مەسەلىدە كېلۇر،
ئاتا ئورنى، ئاتى ئوغۇلغا قالۇر.

يۇقىرىقى بېيىتلاردا ئاپتور ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم-لىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىنى ئەقلىيە تۇسىدە بايان قىلىپ، ئاتىنىڭ ئورنى بالىغا قالىدۇ، دېگەن مەنتىقىي خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

دەرۋەقە، ئومۇملۇق جەھەتتىن، داستاندىكى ئاتىنىڭ ئورنى بالىغا قالىدۇ، دېگەن شەرتلىك ھۆكۈمنى فورمۇللاشتۇرۇپ مۇتلەقلەشتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئوبيېكتىپ رېئاللىق (جەمئىيەت)نىڭ، سۇبيېكتىپ ئاڭغا (كونكرېت ئىنسانلارغا) كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ. بۇ خۇددى «سادىن نار چىقار» دېگەن خەلق تەمسىلىگە ئوخشاش. لېكىن، بۇنى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ كىشىلىك خاراك-تېرىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ رولى بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويغىلى بولمايدۇ. خۇددى مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەيت قىلغىنىدەك، كىشىلىك پەزىلەت، ئىنسان خاراكتېرى ئالدى بىلەن ئائىلىدىن ئىبارەت مۇشۇ بۆشۈكتە شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. شۇڭا ئائىلە تەربىيىسى، پۈتكۈل تەربىيىنىڭ خېمىرتۇرۇچى، ئاپتور ياشىغان فېئودالىـزىق جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق قاراش ھەقىقەت ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئىگە. چۈنكى، فېئوداللىزم تۈزۈمى، ئائىلىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەملەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئاتا-ئانىنىڭ بالا تەربىيە-لەشتىكى بۇرچىنى ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلە سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ.

ئىككىنچى، ئاپتور ئائىلە تەربىيىسى ۋە باشقا ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى بايانلىرىدا، يالغۇز ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتىنى قانداق تەربىيىلەش ھەققىدىكى يۇقىرىقى ئۈگۈت-

نەسىھەتلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ، ئىسلام ئەخلاقىغا دائىر كونكرېت مەزمۇنلارنى ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبراز — ئوگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق تېپىكلەشتۈرۈپ بايان قىلىپ بېرىدۇ.

تاماق يېيىشمۇ بىر خىل مەدەنىيەت بولۇپ، بۇ مەسىلىمۇ يەنىلا ئائىلە تەربىيىسى بىلەن زىچ ئالاقىدار. بەزى ياشلىرىمىز جامائەت سورۇنلىرىدا، تاماق يېيىشتىكى ئەنئەنىۋى ئادەتلەرگە ئېتىبار بىلەن قارىمىغاچقا، ھەممىشە چوڭلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ ياكى «تەربىيە كۆرمىگەن بالىكەن» دەپ ئەيىبلىنىشكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئاپتور بۇ تېمىنى ئەقىل-پاراسەت سىمۋولى بولغان ئوگدۈلمىشنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتكە قىلغان ئۆگۈت-نەسىھەتى تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۈچىنچى، ئاپتور زىياپەتكە بېرىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى بايان قىلىپلا قالماستىن، يەنە 66-بابتا زىياپەتكە چاقىرىشنىڭ قائىدىلىرى توغرىسىدىمۇ ئوگدۈلمىشنىڭ تىلى بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ:

4644 قىچقارماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى،
قىچقىر، ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى.

4645 سېلىپ كۆرپە، داستىخان، قاچا تازا قىل،
يېمەك-ئىچمەكنى ئوبدان خىللىغىن.

4646 غىزانى ياسا پاك، ھەم تاتلىق قىلىپ،
يېسۇن زەۋقى بىلەن قولىنى سېلىپ.

4659 ئاش يەتسۇن ھەممىگە كۆرۈپ تۇر ھامان،

## قېلىپ ئاش يانمىسۇن سىنى تىللىبان،

دېمەك ئائىلە ۋە ئائىلە قائىدە ـ يوسۇنلىرى توغرىسىدىكى بۇنداق دىداكتىك مەزمۇنلار «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن ناھايىتى كەڭ ئورۇن ئالغان. ئەلۋەتتە، بالىلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇپ چوڭ بولۇشى، شۇ ئائىلىنىڭ تەربىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، مەكتەپ تەربىيىسى ئەنە شۇ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئۇنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قائىدە ـ يوسۇن بىلمەيدىغان ئەدەبسىز بالىلار چىقىپ قالسا، كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئەيىبلەيدۇ. «چاقتا گۇناھ يوق شادىسى بۇزۇق، قىزدا گۇناھ يوق ئانىسى بۇزۇق» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن چىققان. ئائىلە پەيدا بولغاندىن تارتىپ، ھەر قايسى ئائىلىلەرنىڭ ئەمەل قىلىشىغا تېگىشلىك ئۆزىگە خاس قائىدە ـ يوسۇنلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ، ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەم خاسلىق، ھەم ئورتاقلىققا ئىگە. گەرچە ئۇلار، خۇددى، «ئاساسىي قانۇن»غا ئوخشاش مۇقىم خاتىرە شەكلىدە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ دىلىغا پۈتۈلگەن «خاتىرىسىز ئاساسىي قانۇندۇر». شۇ سەۋەبتىن، ئۇ، تارىختىن بۇيان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت سۈپىتىدە داۋاملىشىپ، بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقىغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى ئەيىبلەش ۋە چەكلەش رولىنى ئويناپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. نۆۋەتتە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى بۇ نۇقتىلارنى تىلغا ئېلىش ۋە تەكىتلەش پۈتۈن جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىپتىدائىي ئېتىقاد بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئېتىقاد — ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسىنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىشتەك تارىخىي جەريانلىرى بولىدۇ. ئېتىقاد — ئىنسان پەيدا بولۇش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي مەۋجۇت بولغان پسىخىك هادىسە ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئىنسان هاياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت هادىسىلىرى هەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرىدىن پەيدا بولغان بىر خىل ئاڭ فورمىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىكى ئېتىقاد خاراكتېرلىك تۈرلۈك - تۈمەن ئادەتلەرنى ئادەتتە مەنىۋى ئادەت دەپمۇ ئاتايمىز، چۈنكى هەر قانداق بىر ئېتىقاد ئىنسان مەنىۋىيىتىدە شەكىللىنىدىغان هادىسىدۇر. شۇڭا مەنىۋى ئادەت ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرە ئىنتايىن كەڭ ۋە خىلمۇ خىل بولۇپ، ئومۇمەن دىنىي ئادەتلەر، ئېتىقاد (ئېتىنىك ئەقىدە)، سېھىر، پەرھىز، مۇراسىم (هېيت - بايراملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەمدە ئاغزاكى تىل ئادەتلىرى... قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەنىۋى ئادەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا شۇ نەرسە هېس قىلىنىدۇكى، مەنىۋى ئادەتلەر داۋاملىق هالدا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شۇ ئادەتلەرنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەت-

كەن، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرمۇ ھەمىشە دېگۈدەك مەنىۋى ئادەت تۈسىدە ئىپادىلەنگەن. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مەنىۋى ئادەتلەر ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ روھىي دۇنيادىكى ئەكس ساداسىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، مەنىۋى دۇنيادا شەكىللەنگەن ھەرقانداق بىر ئېتىقاد ھادىسىسى مۇئەييەن بىر دىننى قاراشنىڭ ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ يەردىكى دىن ئۇقۇمى تەبىئىي خاراكتېر ئالغان ئىپتىدائىي دىنلاردىن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش —(拜物教)، توتېم ئېتىقادى —(图腾崇拜)، ھايۋانلارغا چوقۇنۇش —(动物崇拜)، ئۆلۈككە چوقۇنۇش —(死者崇拜)، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش —(祖先崇拜)، جىنغا چوقۇنۇش —(多鬼崇拜)، كۆپ ئىلاھقا چوقۇنۇش —(多神教)، تەبىئەتكە چوقۇنۇش —(自然崇拜) قاتارلىقلارنى ۋە سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئىنسان شەخسىيىتى ئۈچۈن يارىتىلغان ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك دىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئىي خاراكتېرلىك ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن ئۇنىڭ راۋاجى ۋە داۋامى بولغان ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك دىنلار ئوتتۇرىسىدا تۈپ ماھىيەتلىك پەرقلەر بولۇشتىن قەتئىينەزەر، «دىن دۇنياسى پەقەت رېئال دۇنيانىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر»①. دىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي باسقۇچىدا سىستېمىسىز، مەزمۇنى ئاددىي، گەۋدىسى مۇكەممەل بولمىغان كۆپ خۇدالىق سىستېمىلىك دىنلار بارلىققا كەلگەن. ئىپتىدائىي

---

① ماركس - ئېنگېلس: «دىن توغرىسىدا» مىللەتلەر نەشرىياتى 1969 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 10 - بەت.

دىنلارنى چوقۇنۇش ئوبيېكتى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن ئۈچ چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىش مۇمكىن.

1. تەبىئەتكە چوقۇنۇش.

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى گۆدەكلىك دەۋرىدە ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان ئالەمنىڭ سىرىنى بىلىشتىن مەھرۇم بولغاچقا، تەبىئەت ئالدىدا ئاجىزلىق قىلغان. نەتىجىدە كىشىلەر دائىم يولۇقتۇرۇپ تۇرىدىغان، ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان، چوقۇنۇلىدىغان بۇنداق ئوبيېكتتا سەزگۈ بىلەن ھېس قىلغىلى بولىدىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەر بولغاندىن تاشقىرى، سەزگۈ بىلەن ھېس قىلغىلى بولمايدىغان خۇسۇسىيەتلەرمۇ شۇ نەرسىگە تېڭىلغان. نەرسىلەرگە چوقۇنۇشنىڭ بۇ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئېتىقاد قىلىدىغان كونكرېت ئوبيېكتلارغا تېخى «ئىلاھ» تۈس بېرىلمىگەن، پەقەت بۇ خىل نەرسىلەردە تەبىئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خۇسۇسىيەت بار، دەپ قارالغان. كېيىنچە ئوبيېكتىپ نەرسىلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى تەدرىجىي ھالدا مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇ باسقۇچقا كەلگەندە چوقۇنۇلىدىغان ئوبيېكت كۆرگىلى ۋە سەزگىلى بولىدىغان مەنبەگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە كۆرگىلى، تۇتقىلى، سەزگىلى بولمايدىغان، ئەمما ئالدىنقىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم، ھەرىكەتچان بولغان سىرلىق مەنبەگە ئىگە، بۇ مەنبە تەبىئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچلەر خاراكتېرىنىڭ مۇجەسسەمى — «ئىلاھ» دىن ئىبارەتتۇر، دېگەن قاراش شەكىللەندى. مانا بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئىككى مەنبەچىلىك (原始二元论) نەزەرىيىسى بارلىققا كېلىپ، تەبىئەت كۈچلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشتى، بۇنداق «ئىلاھ»لار

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا ھېسسىياتىدا ئابستراكت چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ھەممىگە قادىر ۋە قابىل بولغان كونكرېت ئوبراز ھېسابلىناتتى، شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قارام كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈمىدىنى ئاشۇ «ئىلاھ» لارغا بېغىشلاپ تەبىئىي ھالدا تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

كۆككە (تەڭرىگە) چوقۇنۇش: كۆككە بولغان ئېتىقاد قۇياش تەڭرىسىگە مەركەزلىشىدۇ. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان تەبىئىي ھادىسە — كائىناتنى «تەڭرى» دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنى «يورۇقلۇق ئالەم» دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان. «تەڭرى» ئاتالغۇسى ئەسلىدە ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ تىلى بولۇپ، «كائىنات»، «كۆك»، «ساما» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى، بارا-بارا «خۇدا» (ئاللا) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئىلاھ» نامى بولۇپ قالغان. كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان ئىلاھ شۇنىڭ ئۈچۈن «تەڭرى» دەپ ئاتالغان ۋە قەدىمكى ئالتاي ئەپسانىلىرىدە بۇ «تەڭرى» نىڭ «قاراخان» دېگەن خاس ئىسمىمۇ بولغان. ئۇ خۇددى قەدىمكى يۇنان مىفلىرىدىكى قۇياش خۇداسى — ئاپوللوغا، ئىران مىفلىرىدىكى قۇياش ۋە يورۇقلۇق خۇداسى — مىتراغا ئوخشاش يورۇقلۇق ۋە بەخت ئاتا قىلغۇچى بۈيۈك تەڭرىدۇر.

كۆككە چوقۇنۇش قۇياشنى مەركەز قىلغان ھالدا ئاسمان گۈمبىزىدە جىمىرلاپ تۇرغان ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا بولغان ئېتىقادنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ئېتىقادى كېيىنچە خەلق ئارىسىدا ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدە تونۇمۇ قىزىقارلىق بولغان ئاسترو-كوسمولوگىيە-

يىلنىڭ قاراشلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان.

تۇپراققا چوقۇنۇش: بۇ ئېتىقادنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەنە شۇ تۇپراقتىن ئىبارەت ماددىي ئاساسقا تايىنىپ ھايات كەچۈرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. قەدىمكى تۈركىي خەلق-لەر ئەپسانىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ چوڭ تەڭرىنىڭ بىرى — يەر تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «ئىدۇق - يەر - سوب (مۇقەددەس يەر - سۇ)» دەپ ئاتالغان. «ئىدىقۇت» دېگەن نام ئاشۇ ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان (ئىدىقۇت — قۇت بەرگۈچى خۇدا دېمەكتۇر). ئەنە شۇ تۇپراققا چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي مىفلىرىدا ئەكس ئېتىلگەن «ئادەم توپىدىن يارالغان» دېگەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن. يەر (تۇپراق) ئېتىقادى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تاغ ئىلاھى، سۇ ئىلاھى، ئورمان (دەل - دەرەخ) ئىلاھى قاتارلىق روھلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولغان.

يەر - سۇ روھلىرىنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋەكىلى تاغدۇر، تاغلارنىڭ يۈكسەك ھەيۋىتى قەدىمكى دەۋرلەردە ئىككى خىل تونۇشنى پەيدا قىلغان؛ بىر خىلى، تاغ تەڭرىلەرنىڭ يولى بولۇپ، ئىلاھىي كۈچكە ئىگە دەپ قاراش؛ يەنە بىر خىلى، تاغلار خىيالىي روھلارنىڭ ماكانى، دەپ قاراش. مانا شۇ ئىككى خىل تونۇشتىن تاغلارنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئېتىقادى كېلىپ چىققان. خۇددى قەدىمكى يۇنانلىقلار ئولومپوس (ئولىمپىك) تېغىنى «خۇدالارنىڭ دەرگاھى» دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ ئۆتۈكەن، خانتەڭرى، ئۇلۇغ تاغ (يەتتە سۇ ۋىلايىتىدە) قاتارلىق ئۈچ تاغنى «خۇدالار دەرگاھى» دەپ ئولومپۇس تېغىغا تەڭلەشتۈرگەن. بۇ مۇقەددەس تاغلارغا بولغان ئېتىقاد تۈپەيلى ھون،

كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاندانلىقلىرى ئۆتتۈكەننى ئۆزلىرىنىڭ پايتەختى قىلغان. «ئاقساقاللار كېڭىشى» قاتارلىقلارنى ئاشۇ مۇقەددەس تاغلارنىڭ ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن.

سۇ ۋە ئوتقا چوقۇنۇش: سۇ ۋە ئوتقا بولغان ئېتىقاد چوڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ ئومۇملاشقان ئىككى خىل ئىپتىدائىي شەكلىدۇر.

سۇنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئورنى ۋە ئۇنىڭ پاكلىقى، بەزىدە كەلكۈن، بەزىدە قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ئىپتىدائىي ئىنسان چۈشەنچىسىدە «سۇ ئىلاھى»نىڭ كارامىتى دەپ قارالغان. نەتىجىدە سۇ (دېڭىز، دەريا، كۆل، بۇلاق، يامغۇر...)نى مۇقەددەس بىلىپ، كۆپ خىل سۇ ئىلاھلىرىنى ياراتقان. سۇ ئېتىقادى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن كۆپلىگەن خاقانلار ۋە قەھرىمانلار ئۆزلىرىنى سۇ ئىلاھىنىڭ پەرزەنتلىرى دەپ ھېسابلاپ، ئىسمىنىڭ بېشىغا سۇنى ئىپادىلەيدىغان «كۆل» سۆزىنى قوشۇپ ئاتاشقانىدى. مەسىلەن، «كۆل ئەركىن»، «ئۇيغۇر قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان»، «كۆل بىلگە قاغان»، «كۆلتېكىن»، «بىلگە كۆل قىدىرخان»، «كۆل تارقان» قاتارلىقلار.

ئوت ئېتىقادى ئىنسانلار ئارىسىدا نىسبەتەن كەڭ يېيىلغان ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بىرى. ئىنسانلار بىلەن ئوت ئوتتۇرىسىدىكى زىچ ئالاقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچتىن مەدەنىيەتلىك باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، ئوتنىڭ دەسلەپكى بايقىلىشى ناھايىتى سىرلىق بولغاچقا، ئۇ ئىپتىدائىي ئېتىقاد تونى بىلەن تولۇپ تاشقان. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس ئوت ئىلاھى بارلىققا كەلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىپتىدائىي

ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئالەمنىڭ ئېگىزى — ھاياتلىقنىڭ ھۇلى بولغان «تۆت زات» (تۆت تادۇ — ھاۋا، تۇپراق، سۇ، ئوت) قارىشىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ئەگەر مەسىلىگە مۇشۇنداق قارالسا، تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېتىقادنىڭ ئېتىنىك مەر-كىزىدە يەنىلا ئالەمنىڭ ماددىيلىقىدىن ئىبارەت تۈپ ئاساسىنىڭ گەۋدىلەنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

2. توتېم ئېتىقادى (توتېمىزم)

توتېمىزم — بىر خىل ئىپتىدائىي دىن سۈپىتىدە قەبىلە ۋە قانداشلىق تاسمىسى كىشىلەرنى ئۆزئارا چېتىشتۇرۇپ تۇرىدىغان دەۋرگە كەلگەندە بارلىققا كەلدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار قەبىلىنىڭ بىرلىكىنى پۈتۈن قەبىلە ئەزالىرىنىڭ بىر مەنبەدىن كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئوخشىمىغان قەبىلىلەر، ئوخشىمىغان مەنبەلەر (ئەجدادلار)غا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا ھەربىر قەبىلە ئۆز ئەجدادىنى ئەتراپىدىكى ئۆزلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە ئىگە بولغان ھايۋاناتلار دۇنياسى ۋە ئۆسۈملۈكلەر (دەل-دەرەخلەر) دۇنياسىدىن ئىزدىدى. ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئايلىنىش كۆز قارىشى بۇ خىل قىياسقا ئىدىيىۋى ئاساس ھازىرلاپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن توتېم ئېتىقادىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بول-غان ھايۋاناتلارغا چوقۇنۇش ۋە دەل-دەرەخلەرگە چوقۇنۇش كېلىپ چىقتى. لېكىن ھايۋانلارغا چوقۇنۇش بىلەن توتېمىزم پۈتۈنلەي بىر نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ناھايىتى كەڭ چۈشەنچىدۇر. توتېمىزم بولسا، ئۇرۇق دەپ ئاتالغان ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ (جەمئىيەت) ئەزالىرىنى مۇقەددەس سانالغان بەزى مەخلۇقلارغا ياكى شەيئىلەرگە باغلىغان ئەڭ

قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنلاردىن بىرى. ئەنە شۇ دىندىن توتېم (Totem) ئېتىقادى كېلىپ چىققان. توتېم ــ شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ تىلى بولۇپ، «ئۇنىڭ ئۇرۇقى» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. بۇ سۆز قەدىمكى تۈركىي تىلدا «ئونگون» دېيىلىپ «ئۇرۇق بولسۇن» «قۇتلۇق بولسۇن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن.

توتېم ــ بىر ئۇرۇقنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى مۇقەددەس ھېسابلانغان بەزى مەخلۇقاتلار ۋە نەرسىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بەزىدە بىر ھايۋان، بەزىدە بىر ئۆسۈملۈك، بەزىدە دېڭىز، يامغۇر ۋە يۇلتۇزلار بولاتتى. ئومۇمەن، ئۇرۇق ئەزالىرى ئۆز توتېملىرىنى ئېتىقاد سىمۋولى سۈپىتىدە چېدىرلىرىغا، قالقانلىرىغا، بايراقلىرىغا...سىزىشاتتى. قەدىمكى ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ ھەر بىرىدە بىرى شەخسىي، يەنە بىرى ئومۇمىي بولۇپ ئىككى توتېم بولاتتى. كۆپلىگەن ئالىملار توتېمغا چوقۇنۇش ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بولغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرلىرى ياكى ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن، دەپ قارايدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە توتېملار ئىنسانلارغا قارىغاندا ناھايىتى زور ئىقتىدارغا ئىگە بولغاچقا ياكى ئىلاھ دەپ قارالغاچقا، ئۇلارغا چېقىلىش قەتئىي مەنئى قىلىنغان. بۇ ناھايىتى ساددا چۈشەنچە بولسىمۇ، لېكىن ئەينى تارىخىي شارائىتتا ئىپتىدائىي ئۇرۇق ئەزالىرى بۇخىل خىيالىي تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ باشقا ئۇرۇق كوللېكتىپىدىن (قەبىلىدىن) پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن توتېمىزىم مۇئەييەن ئېتىقاد نۇقتىسىدا ھەم بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىي مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، ھەم ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلەش، ئۇرۇق جامائەلىرى باشقا ئۇرۇق

جامائەلەردىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن تەبىئەتتىن تاللىۋالغان بەلگە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

3. ئانىمىزم (روھلارغا چوقۇنۇش) ئېتىقادى. ئانىمىزم ئومۇملۇق جەھەتتىن بارلىق شەيئىلەردە ئىنسان روھىغا ئوخشاش «مەڭگۈلۈك روھ»نىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلغان قاراشنىڭ نامى. ئانىمىزم پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەۋھۇم غەيرىي روھلارغا چوقۇنۇپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇشنى ئۆزىگە باش پرىنسىپ قىلغان.

ئانىمىزم XIX ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك فولكلورشۇناس تايلور تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئېتنولوگىيە جەھەتتىن «ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئانىمىزمنىڭ قارىشىچە، روھ خالىغان ۋاقىتتا بەدەندىن ئايرىلىپ، يەنە خالىغان ۋاقىتتا بەدەنگە قايتىپ كېلىدۇ، ئۆلگەنلەر يەنە ياشايدۇ، ئۆلۈكلەر دۇنياسى ھاياتلار دۇنياسىنىڭ ئەكسى، بىزنىڭ كېچىمىز ئۇلارنىڭ كۈندۈزى، ئۇلارنىڭ كۈندۈزى بىزنىڭ كېچىمىز، شۇ سەۋەبتىن يەر يۈزىدىمۇ كېچە (قاراڭغۇلۇق) بولىدۇ. ئانىمىزمدا ئۆلۈش بىلەن بەدەندىن ئايرىلغان روھلار «پاك روھلار»، «يامان روھلار» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەجدادلار روھىنى «پاك روھ» ھېسابلاپ، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى شەكىللەنگەن. دېمەك، تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا شەكىللەنگەن «ھەممە نەرسىدە روھ بار» دەيدىغان قاراش ياكى ئېپتىدائىي «ئىككى مەنبەچىلىك» قارىشى ئەجدادلار (بوۋىلار)غا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

ئانىلىق ۋە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە قەبىلە باشلىقلىرى سايلاپ چىقىلغاندىن كېيىن بۇ قەبىلە باشلىقلىرى

ئۇرۇق كوللېكتىپى ئارىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ۋە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولدى. ئۇرۇق ئاقساقاللىرىغا بولغان سېغىنىش، ھۆرمەت، تەلپۈنۈش ھېسسىياتلىرى «روھ ئۆلمەيدۇ» دېگەن ئىپتىدائىي قاراش بىلەن بىرلىشىپ ئۆلگۈچىگە بولغان دىنىي پوزىتسىيە ئاستا-ئاستا ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادىغا ئايلاندى. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدىكى مەۋھۇم روھقا ئالاقىدار ئۇقۇمنىڭ پەيدا بولۇشى مانا شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «يىراق قەدىمكى زامانلاردا كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەن تۈزۈلۈشىنى پۈتۈنلەي بىلمىگەنلىكى ھەمدە چۈشىدىكى نەرسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئارقىسىدا، ئۇلاردا، تەپەككۇرىمىز بىلەن تۇيغۇمىز تېنىمىزنىڭ ھەرىكىتى ئەمەس، بەلكى بىر تۈرلۈك ئالاھىدە بولغان، تەندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئادەم ئۆلگەندە تەندىن چىقىپ كېتىدىغان جاننىڭ ھەرىكىتى ئىكەن، دەيدىغان ئىدىيە بارلىققا كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر مۇنداق جاننىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولدى. ئەگەر جان ئادەم ئۆلگەندە تەندىن چىقىپ كېتىپ داۋاملىق ھايات تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئۆلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر تەسەۋۋۇرنىڭ بولۇشىغا ئاساس قالمايدۇ؛ بۇنداق ئىدىيىنىڭ شۇ تەرەققىيات باسقۇچىدا ۋۇجۇدقا كېلىشى ھەرگىز بىر تۈرلۈك تەسەللى ئەمەس، بەلكى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر تۈرلۈك تەقدىر ئىدى... شەخسنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى تېتىقسىز ئويدۇرمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك پەيدا بولۇشىغا دىنىي جەھەتتىكى تەسەللىنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك نادانلىقتا تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا مەۋجۇت دەپ قارالغان جاننى تەن ئۆلگەندىن

كىيىن زادى نېمە قىلىشنى بىلمەسلىكى سەۋەب بولغانىدى.»①

دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلاردىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە روھناتلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى بولغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە نۇرغۇن قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن جەسەتنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان ئوقيا، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تېپىلدى. بۇ ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ھايات بولغاچقا، ئاشۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ، دەيدىغان ئانىمىزملىق ئېتىقادنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماكانلىرىدا ئادەم شەكلىدە ياسالغان ناھايىتى نۇرغۇن بالبال تىكلەنگەن، بۇمۇ ئەجدادلىرى ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان روھىي ھەيكەلدۇر، ئەنە شۇنداق «ھەممە نەرسىدە روھ بار» دەيدىغان قاراشنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ھەر خىل جىن (يەگ) لارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى كېلىپ چىققان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى جىن-ئەرۋاھلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماكانىدىن (ئادەم تېنىدىن ياكى نەرسىلەردىن) ئايرىلغان روھنىڭ مۇستەقىل جىسىمغا ئايلىنىشىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار (جىن-ئەرۋاھلار) ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئۈستۈن كۈچكە ۋە بەھەيۋەت كۆرۈنۈشكە ئىگە، ئۇلار پىنھان ماكاندا تۇرۇپ بىزنى كۆرەلەيدۇ، بىزنىڭ قىلمىشلىرىمىزدىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ، ئەمما بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز ۋە سېزەلمەيمىز، ئۇلار تەبىئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بىزگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، قىسقىسى، ئۇلار ھەممىگە قابىل

① «ماركس-ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (پەلسەپە قىسمى) مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 99-، 100-بەتلەر.

ۋە قىدىر، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دەرەخنى، بەزىلىرى تاغلارنى، بەزىلىرى ئۆڭكۈرلەرنى... قىسقىسى خىلۋەت جايلارنى ماكان تۇتۇپ، شۇ جاينىڭ ئىگىسىگە ئايلانغان... دېگەندەك غەيرىي قاراشلار شەكىللەنگەن. بۇ قاراشلار نېگىزىدە جىنلارنىڭ ئوبرازىدا ياخشى-يامان سۈپەتلەر پەيدا بولغان. سېھىرگەرلىك، ئەپسۇن-ئەرۋەش يولى بىلەن يامان سۈپەتلىك جىنلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن «قوغدانغان»... ۋە-ھاكازالار.

دېمەك، ئانىمىزم ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش، كۆپ خىل جىنلارغا چوقۇنۇشتەك كۆپ ئىلاھلارغا چوقۇنۇشنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە مەنسۇپتۇر، لېكىن جىنلارغا چوقۇنۇش بىلەن كۆپ ئىلاھلىق دىن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى تەبىئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاتالمىش «جىن-يەگ» بىلەن روھىي مەئسبۇت-ئىلاھ بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدۇ.

ئادەتتە «ئىلاھ»لار تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1. ئىلاھلار ھەممىگە قابىل ۋە قادىر كېلىدۇ.

2. ئىلاھلار بۇ دۇنيانىڭ سىرتىدا ياشايدۇ. بۇ دۇنيادا ياشىغان تەقدىردىمۇ كىشىلەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدە بولمايدۇ.

3. ئىلاھلار ئاق كۆڭۈل ۋە شەپقەتلىك كېلىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھىمايىچىسى ۋە ياخشىلىق مۇجەسسەمى.

4. ئىلاھلار ئىنسانىي سۈپەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىنسانىي سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان خاس ئىسىملىرى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، جىنلار ئادەم سۈپىتىگە ئىگە ئەمەس، شۇنداقلا خاس ئىسمىمۇ يوق. ئۇ ھەم ياخشىلىق، ھەم يامانلىق ھامىيسى سۈپىتىدە تۈمەن خىل ئۆزگىرىش

ھاسىل قىلالايدۇ.

كۆپ ئىلاھلىق دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىيات دەۋرى ئىپتىدائىي جەمئىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ چىققان بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئاستا ـ ئاستا پارچىلىنىپ، سىنىپىي جەمئىيەت شەكىللىنىشكە باشلىغان دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىرخىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرى بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى دىن دېيىشكە بولمايدۇ. لېكىن بۇ خىل ساددا قاراشلارنىڭ كېيىنكى دىنىي ئېتىقادلارنىڭ شەكىللىنىشىدە بەلگىلىك رولى بولدى. ئېنگېلس كېيىنكى سۇنئىي دىنلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى چۈشەندۈرگەندە، ستىخىيىلىك دىنلارنىڭ قوشقان تۆھپىسىنى مۇۋاپىق باھالاپ، مۇنداق دېگەنىدى: «بىراق، بۇ خۇدانىڭ ئۆزى ــ ئۇزاق مۇددەتلىك ئابستراكتسىيىلەشتۈرۈش جەريانىنىڭ مەھسۇلى. ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان قەبىلىۋى خۇدالار ۋە مىللىي خۇدالارنىڭ توپلانمىسىنىڭ جەۋھىرى. بۇنىڭغا ماس ھالدا بۇ خۇدادا ئەكس ئەتكەن ئادەممۇ رېئال ئادەم بولماستىن، ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان رېئال ئادەملەرنىڭ جەۋھىرى ــ ئابستراكت ئادەم. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزى پىكىردىكى ئوبراز.» ① دەرۋەقە، توتېمىزم ۋە ئانىمىزمنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى تەسىرىدە مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئىگە بولغان شامانىزم بارلىققا كەلگەن. لېكىن شامانىزممۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بىخلىنىپ، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئۇندۇرمىسى بولغان. شۇنداق بولغاچقا شامان دىنىدىكىلەرنىڭ گەرچە «قام» دەپ

① ئېنگېلس: «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 122 ـ، 123 ـ بەتلەر.

ئاتالغان دىن ئادىمى بولسىمۇ، لېكىن يا ئىبادەتخانىسى، ياخاس مۇقەددەس كىتابلىرى بولمىغان.

شامانىزم «يامان روھلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قايتۇرۇش ۋە ياخشى روھلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش» دىن ئىبارەت ئاساسىي پىكىر ئۈستىگە قۇرۇلغان. شامانىزمنىڭ قارىشىچە، دۇنيا (كائىنات) ياخشى روھلار ۋە يامان روھلار بىلەن تولغان، شامان (قام، كاھىن) دەپ ئاتالغان دىن ئادىمىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن يامان روھلار قوغلىنىدۇ، ھەتتا قوغلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇلار دۈشمەن ئۈستىگە بالا-قازا تەرىقىسىدە ئەۋەتىلىدۇ، ياخشى روھلار-نىڭ ياخشىلىقلىرى داۋام قىلىۋېرىدۇ. شامانىستلار ئالەمنى ئۈچكە، يەنى جەننەت — پەرىشتىلەر ماكانى، پانىي دۇنيا (يەر ئۈستى) — بەندىلەر (ئىنسانلار) ماكانى، جەھەننەم (يەر ئاستى) جىن-شەيتانلار ماكانى دەپ بۆلگەن. دىنىي ئىمتىياز جەھەتتە شامان (پېرىخۇن، باخشى) لار ھەممىگە قابىلمىز دېيىشىدۇ. ئۇلار يامان روھلارنى قوغلاپ، بىمار-لارنى داۋالىغاندىن سىرت، پال ئېچىش، سېھىرلەش، چۆشكە تەبىر بېرىش ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. ئاشۇ سەۋەبتىن شامانىزم دەۋرىدە ئەپسۇنچىلىق، رەمباللىق ۋە سېھىرگەرلىك كاما-لەتكە يەتكەن.

شامانىزم ئالدى بىلەن ئورال-ئالتاي قوۋملىرى ئارىسىدا پەيدا بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرى مۇشۇ رايوندىكى خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان. ئۇيغۇر-لارمۇ تارىختا ئۇزاق ۋاقىت ئېتىقاد قىلغان دىن شامانىزم بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرى خەلقىمىز ئارىسىدا خېلى قۇيۇق ساقلىنىپ قالغان، ساپ ئىسلام مۇھىتىدا ياشىغان مەھمۇد

قەشقىرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا شامان دىنىغا ئائىت 40 تىن ئارتۇق سۆزلەرنى ئىزاھلاپ، ئىسلام دىنى شارائىتىدىمۇ خەلق تۇرمۇشىدا شامان تەسىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن.

دېمەك، تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ تەرەققىياتى بولغان روھىناتلارغا چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان ئالاھىدە ئېتىقاد شەكىللىرى ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەممىسى تەبىئەت ئېيتىقادىنىڭ ھەرخىل ئىپادىلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدىن كېلىپ چىققان ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ يالغان ئىنكاسىدۇر.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولغان يۇقىرىقىدەك ئېتىقاد شەكىللىرى مەزمۇن ماھىيىتى جەھەتتىن ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلاشقان بولۇپ، ئۇرۇق كوللېكتىپىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ فولكلور تەتقىق قىلىدىغان تەبىئىي خاراكتېرلىك ئېتىقاد ئادەتلىرى دائىرىسىگە كىرىدۇ. مۇشۇ نوقتىدا ئۇ، سىنىپىي جەمئىيەت پەيدا بولغاندىن كېيىن سىنىپىي مەنپەئەت ئۈچۈن يارىتىلغان دىنلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ:

1. خەلق ئارىسىدا ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلارنىڭ مۇقىملاشقان تەشكىلىي ئاپپاراتى بولمايدۇ. ئەكسىچە، كېيىنكى ئىجتىمائىيلاشقان دىنلارنىڭ مەخسۇس دىنىي تەشكىلاتلىرى ۋە دىنىي گورۇھ ئاپپاراتلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، بۇددا دىنى جەمئىيىتى، يەھۇدىي دىنى جەمئىيىتى، داۋجاۋ دىنى جەمئىيىتى، شىنتو دىنى جەمئىيىتى (ياپونلارنىڭ

دىنى)، ھىندى دىنى جەمئىيىتى قاتارلىق دىنىي ئاپپاراتلار ۋە ئۇنىڭ شۆبە تەشكىلاتلىرى ئۆز ئېتىقادچىلىرىنى تەشكىللەيدىغان مۇقىم ئاپپاراتلاردۇر. ۋەھالەنكى، قەدىمكى خەلق ئارىسىدىكى ھەرخىل ئېتىقادلار تېخى مۇنداق مۇستەقىللىككە ئىگە تەشكىلىي ئاپپاراتلارغا بۆلۈنمىگەن ۋە ئىجتىمائىيلاشمىغان.

2. خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بەلگىلىك چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ چوقۇنىدىغان ئوبيېكتى كۆپ خىل. لېكىن كېيىنكى دىنىي ئېتىقادنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بەلگىلەنگەن يۈكسەك چوقۇنۇش ئوبيېكتى بار، خۇددى خرىستىيان دىنىدىكىلەر ئاسمانغا، ئىسلام دىنىدىكىلەر «ئاللاھ» ياكى خۇداغا، بۇددا دىنىدىكىلەر بۇددا (بۇت) قا ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش.

3. خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى ئېتىقادلارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ياراتقۇچىسى بولمايدۇ. بۇنداق ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنى قەدىمكى ئەجدادلار كۆللېكتىپ، ستىخىيىلىك ھالدا ئىجاد قىلغان. ئەكسىچە، كېيىنكى دىنلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ياراتقۇچىسى ياكى پەيغەمبىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيدا بولغان دەۋرىمۇ ئېنىق بولىدۇ. مەسىلەن، خرىستىيان دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى (پەيغەمبىرى) ئەيسادۇر. خرىستىيان دىنى ئەڭ بۇرۇن يەھۇدىيلار ئارىسىدا مىلادى 1-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن. 1979-يىلىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ھازىر خرىستىيان دىنىنىڭ بىر مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق مۇرىدى بولۇپ، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ $\frac{1}{4}$ نى ئىگىلەيدۇ. خرىستىيان دىنى 150 دۆلەت ۋە رايونغا تارقالغان.

خرىستىيان دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئالدىنقى باسقۇچ I ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن 60-، 70-يىللىرىغىچە بولۇپ، بۇ مەزگىلدە خرىستىيان دىنى يەھۇدىي دىنىنىڭ بىر مەزھىپى ئىدى. 2-باسقۇچ I ئەسىر ئاخىرىدىن VII ئەسىرگىچە بولۇپ، بۇ خرىستىيان دىنىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن مەزگىلىدۇر. بۇ باسقۇچقا كەلگەندە خرىستىيان دىنى يەھۇدىي دىنىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ۋە مۇكەممەل دىن بولۇپ شەكىللەندى.

ئىسلام دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى مۇھەممەت پەيغەمبەردۇر. ئۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، مىلادى 571-يىلى تۇغۇلۇپ، 632-يىلى ۋاپات بولغان. 1985-يىلىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 880 مىليوندىن ئارتۇق. ئۇلار ئاساسەن ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى 77 دۆلەتكە جايلاشقان. ھازىر 42 دۆلەتتە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى ھېسابلىنىدۇ.

بۇددا دىنىنى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ساكيا قەبىلىسى گاۋتاما جەمەتىدىن كېلىپ چىققان ساكيامۇنى ئىجاد قىلغان. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرى 485 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىكى ئىسمى سىددا ئارتا (سانسكرىتچە مەنىسى — ھەممىگە قادىر ئەۋلىياھ دېمەكتۇر).

4. خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلاردا ھېچقانداق دىنىي مەزھەپ شەكىللەنمىگەن. ئۇ تارقىلىش جەھەتتە سىتىخىيىلىك ھالدا مەلۇم خەلق توپى ياكى مۇئەييەن رايون بىلەن چەكلەنگەن. ۋەھالەنكى، كېيىنكى دىنلارنىڭ ھەرقايسىسىدا ئوخشاشمىغان كۆپ خىل مەزھەپلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، بۇددا دىنى شىنزاڭغا تارقالغاندىن كېيىن ئۇ يەردە لاما دىنى (مەزھىپى) بولۇپ شەكىللەندى.

لاما مەزھىپىدە يەنە «ئىگما مەزھىپى»، «زاجا مەزھىپى»، «گېلو مەزھىپى» قاتارلىق مەزھەپلەر بارلىققا كەلدى؛ خرىستىئان دىنىدىمۇ «كاتولىك مەزھىپى»، «ئورتودوكس مەزھىپى»، «پروتېستانلىق مەزھىپى» قاتارلىق ئۈچ چوڭ مەزھەپ بار؛ ئىسلام دىنى بىرقەدەر چوڭ سەككىز مەزھەپتىن تەشكىل تاپقان. بۇلار: سۈننىي (ھەنەفىيە، شانى، مالىكى، ھەنبەلى)، شىئە (زەيدى، جەففىرى، ئىسمائىلى، ئەلەۋى)، خارىجى، باخائى، ئەھمەدى، دروزى، يەزىدى ۋە ساباتائىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىچىدە سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر چوڭ. دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 80 پىرسەنتى سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە.

5. خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى ئېتىقادلارنىڭ مۇكەممەل ئېتىقاد سىستېمىسى يوق. كېيىنكى دىنلارنىڭ ھەممىسى مۇكەممەل دىن ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئىگە. قەدىمكى ئېتىقادلارنىڭ گەرچە ئېتىقاد مەزمۇنى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تارقاق ۋە قالايمىقان ھالەتتە بولۇپ قانۇنلاشمىغان. كېيىنكى دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇكەممەل سىستېمىلىق دىنىي دەستۇرى بار بولۇپ، ئۇ شۇ دىنلارنىڭ قانۇنىي نىزامى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى — «قۇرئان كەرىم» دۇر. خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى — «ئىنجىل» دۇر. بۇددا دىنىنىڭمۇ ھەر خىل مۇقەددەس بۇددا نوملىرى بار.

6. خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى ئېتىقادلارنىڭ قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇئەييەن قائىدە-قانۇنلىرى ۋە دىنىي ئەھكاملىرى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىر يۈرۈش ئېتىقاد ئاساسى مۇستەھكەم بولمىغان ئېتىقاد شەكلى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھەمدە ئۇنىڭدىكى ھەرخىل سېھىرلەر ۋە

پەرھىزلەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي خاراكتېرلىك ئېتىقاد ئەنئەنىلىرى تەرىپىدىن ياكى مەۋھۇم «ئىلاھ ھۆكمى» تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. كېيىنكى دىنلاردا بولسا شۇ دىن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئېتىقاد ئەھكاملىرى ۋە دىنىي قائىدە-قانۇنلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇتلەق ئەمەل قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار بىرىنچى ئېتىقاد ھۆكۈملىرى، ئىككىنچى ئەمەلىي ھۆكۈملەر، ئۈچىنچى ئەخلاقىي ھۆكۈملەردىن ئىبارەت. ھەر بىر ھۆكۈمنىڭ مۇتلەق ھالدىكى كونكرېت مەزمۇنلىرى بولۇپ، ئۇنى ئەينەن ئورونداش مۇسۇلمانلىقنىڭ تۈپ شەرتى قىلىنىدۇ. خرىستىئان دىنىنى ئالساق ئۇنىڭدىمۇ خرىستىئانلارنىڭ قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك «پەرز» لىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

7. خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقادنىڭ مەخسۇس ھۆكۈماسى ياكى كەسپىي دىن خادىمى بولمايدۇ. پەقەت پېرىخون ۋە سېھرگەرلەر سودا خاراكتېرىنى ئالغان سېھرىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ستىخىيىلىك ھالدا ئىپتىدائىي دىنىي قاراشلارنى باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى دىن ھۆكۈمالىرىغا ئوخشاش دىنىي ئىمتىيازى ۋە تەشكىللىك ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەكسىچە، كېيىنكى دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەخسۇس دىننى كەسىپ قىلىنغان دىن تەشكىلاتچىسى بار. مەسىلەن، خرىستىئان دىنىدىكى پاپا، روھانىي پوپ؛ ئىسلام دىنىدىكى ئەئىلام، داموللا، ئىمام، مەزىن، قارى قاتارلىقلار؛ بۇددا دىنىدىكى دالاي، لاما، راھىب قاتارلىق ئۆلىمالار شۇ دىنىنىڭ شەرىئەتلىرىنى يۈرگۈزگۈچى ئاساسلىق تەشكىلاتچىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

8. خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ

پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇقىم مەيدانى بولمايدۇ؛ ئەكسىچە، كېيىنكى دىنلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇقىم ئىستىقامەت ئورۇنلىرى بار. مەسىلەن، ئىسلام دىنىنى جامە، مەسچىت، خانىقالارنى؛ بۇددا دىنىنى بۇتخانىلارنى؛ خىرىستىئان دىنى چېركاۋلارنى مەخسۇس دىنىي پائالىيەت سورۇنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئىستىقامەت ئورۇنلىرى شۇ دىن مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن ناھايىتى ھەشەمەتلىك ياسىلىدۇ. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ مۇسۇلمان دۆلىتى ھېسابلانغان ھىندونېزىيىدە 360 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بار. جاكارتا شەھىرىنىڭ ئۆزىدىلا مەسچىتنىڭ سانى 5200 دىن ئاشىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىدىكى بەيتۇللاجامەسى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىستىقامەت قىلىدىغان مەركىزىي ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

9. خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقادنىڭ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن دىنىي مۇراسىملىرى، ئىبادەت قىلىشنىڭ تەرتىپ - نىزاملىرى، دىنىي كىيىم - كېچەكلىرى ۋە قوراللىرى بولمايدۇ. ئەكسىچە، كېيىنكى دىنلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇراسىملىرى (ئىسلام دىنىدىكى روزى ھېيت، قۇربان ھېيت مۇراسىمى، خىرىستىئان دىنىدىكى روژدېستوۋ بايرىمى، تىرىلىش بايرىمى، ئەيسانىڭ قايتا تىرىلگەنلىكىنى خاتىرىلەش بايرىمى، قاتارلىقلار) پەرقلىق دىن كىيىمى ۋە دىنىي قورال - سايمانلىرى (چېركاۋ قوڭغۇرىقى، بۇتخانا دۇمبىقى، بۇت چىرىغى، ئىسرىقدان ... مەسچىت جەينامىزى قاتارلىقلار) بولىدۇ. مۇشۇنداق پەرقلىق بەلگىلەرگە قاراپ ھەر قايسى دىن مۇرتلىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرگىلى بولىدۇ.

10. خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئاڭلىق ھالدا شەكىللەنگەن ئېتىقاد ئېڭى

بولمايدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن ستىخىيىلىك ھالدا قارىغۇلارچە، ئۆز ئېتىقادىغا مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. كېيىنكى دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاڭلىق ئېتىقاد ئېڭىغا ئىگە، ئۇلار ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ھەممە ئىشىغا شۇ دىننى ئاڭ يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئىپتىدائىي دىن ئېتىقادچىلىرى ئاڭلىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قايسى دىن مۇرىتى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى پەرقلەردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقاد ئادەتلىرى ناھايىتى روشەن ھالدا تەبىئىي ھالەتكە ۋە ستىخىيىلىك ھالەتكە ئىگە. مانا بۇ خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقادنىڭ ئىنتايىن چوڭ سىرلىقلىقى، كۆپ خىللىقلىقى، كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلمىلىقى، خۇراپىيلىقى ھەمدە ئەينى ۋاقىتتا خەلق تۇرمۇشى بىلەن ھەمنەپەسلىكتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرىنى بەلگىلىگەن. بىز بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى فولكلور نۇقتىسىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى بىلىش جەريانىدىكى ئوي-پىكىر ۋە تەسەۋۋۇرلىرىغا باغلاپ تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

دەرۋەقە، خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلار مۇكەممەل پەلسەپە ۋە ئەخلاق سىستېمىسىنى ئۆزىدە ھازىرلىمىغاچقا (ئەلۋەتتە ھازىرلىيالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس) ئۇنىڭ ۋارىسچانلىق خۇسۇسىيىتى ھامان ئۆزگەرمەي قالمايدۇ. ئىلمىي كوممۇنىزمنىڭ ماتېرىيالىستىك تەلىماتلىرى خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقانسېرى خەلق ئاممىسى تەبىئىي ھالدا ئاشۇ خىل ئەنئەنىۋى ئېتىقاد ئادەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلمىي بولغان يېڭى ئېتىقاد ئېڭىنى تۇرغۇزالايدۇ. بۇنداق ئاڭ ھەقىقىي ھالدا ماددىي

ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىپ جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن ئەنئەنىۋى ئېتىقاد ئادەتلىرى خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭگەن روھىي پسىخىك ھادىسە بولغاچقا، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانلىرىغا تارىخىي ھالدا مۇئامىلە قىلىش لازىم.

ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرى بىلەن ئىجتىمائىيلاشقان دىنىي ئېتىقادلارنى خاراكتېر جەھەتتىن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، دىنىي مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي پسىخولوگىيىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قاراشقا زادى بولمايدۇ. دىنىي ئەنئەنە ۋە خۇراپىي ئادەتلەرنى ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە شەكىللەنگەن خەلقنىڭ ھەقىقىي ئەنئەنە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە «تەڭلەشتۇرۇش» پەقەت ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى دۈشمەنلىرىمىز ئۈچۈن پايدىلىق. شۇڭا قەدىمكى ئەنئەنىلەرنىڭ مىللىي ۋە ئىنتېرناتسىئوناللىق دىئالېكتىكىسىنى يېشىپ بېرىش پەقەت نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن زور ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## «نورۇز» بايرىمى توغرىسىدا

«نورۇز» بايرىمى قويۇق مىللىي سەنئەت تۈسىگە ئىگە بولغان، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئېتنوگرافىيىسىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئادەت، ئېتىقاد، ئىدىيىۋى ئىشەنچ ۋە ئېستېتىك قاراشلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇراسىم شەكلىدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى ھەمدە مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن باشقا ئىجتىمائىي مۇراسىملاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

«نورۇز» نىڭ لۇغەت مەنىسى «يېڭى كۈن»، «باش باھار» دېمەكتۇر.

دېمەك، «نورۇز» دېھقانلارنىڭ كونا كالېندارى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ھاياتىدىن دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ھاياتىغا كۆچۈش ئارقىسىدا، يىلنىڭ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەسىللىرىدە تۈرلۈك مۇراسىم ۋە بايرام ئۆتكۈزۈش ئادىتىگە كىرگەنلىكى ھەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلار بار. ئەنە شۇنداق تىپىك خاراكتېرىنى ئالغان مۇراسىم ۋە بايراملار ئەينى مەزگىلدىكى قۇلدارلىق تۈزۈمى دەۋرىدە جامائەت ئىشلىرىنى تەشكىل قىلىش بىلەن ئالاقىدار بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە

ئىجتىمائىي ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولغان باھاردا تەبىئەتنىڭ ئويغىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان يىل پەسىللىرىنى ئۇلۇغلىغۇچى مەراسىملاردىن بىرى «نورۇز» بايرىمى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، تاجىك قاتارلىق خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قەدىمكى ئەنئەنىۋى بايرىمى شەمسىيە كالېندارى بويىچە يىل ئاخىرلىشىپ، يېڭى يىل كىرگەن كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ ئەسلىدە يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ، كېچە بىلەن كۈندۈز ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن تەڭلىشىدىغان مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3 - ئاينىڭ 21 - ، 23 - كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

«نورۇز» قىش زىمىستانى تۈگەپ، پۈتۈن تەبىئەت ئويغانغان، قار - مۇز ۋە توڭلار ئېرىپ، ئەگىزلەر ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىشقا باشلىغان، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارغا سۇ يۈگۈرۈپ، كۆكىرىپ چېچەكلەشكە يۈز تۇتقان، دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كىرىشىدىغان گۈزەل باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ باھارنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، كىشىلەر قەلبىدە شاد - خۇراملىق، گۈزەل تۇيغۇ ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھال نورۇز قوشاقلىرىدا ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن:

نورۇز كەلدى جاھانغا، جاھان بولۇر ئەرزانلىق،
ياغىدىلەر ئابېنسان ① بۇغدايلار بولۇر دانلىق.
ئاچ - نورۇق ھەم كەمبەغەل بارچىسى بولۇر نانلىق،

① ئابېنسان — باھار يامغۇرى، نورۇز تامچىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

نانغا تويۇپ ھەر گاداي ئۆيىدە قىلۇر خانىلىق،
توخۇلار تۇخۇم باسىپ، چۆجىلەر كۈنىدۇر بۇ كۈن.

كەلدى نورۇز يىل باشى، كەتتى كۆڭۈلنىڭ چىركىنى،
نورۇز دىبان كىلۇرلەر، خاتۇنلەرنىڭ تۈركىنى.
گۈللەر قىسىپ قىز - ئوغۇل ئەگرى قويار بۆكىنى،
مېلىس ① قىلىپ ئوينىشار ئاچۇر كۆڭۈل مۈلكىنى.
قايغۇ - مېھنەتلەر كېتىپ، ياپراشۇر كۈندۈز بۇ كۈن.

بۇ بېيىتلاردا كونا يىلنى ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىش، يېڭى يىلنى قۇتلۇقلاپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق بولۇشىنى تىلەشتىن ئىبارەت مەزمۇن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

«نورۇز بايرىمىنىڭ» ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زادى قاچاندىن باشلاپ پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي مەلۇماتلار يوق، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسىدە تېپىلغان بەزى ساپال قاچىلار ۋە قىيا تاشلاردىكى نورۇز مۇراسىمىغا قىياسەن ئويۇلغان سۈرەتلەر ئۇنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا شەكىللەنگەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ.

دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ھاياتىغا خاس شەكىللەنگەن «نورۇز بايرىمى» نىڭ قەدىمكى پائالىيەت شەكىللىرىدىن قارىغاندا، ئۇ، قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى دىئونىس مۇراسىملىرى بىلەن خاراكتېرى جەھەتتىن ئوخشاشلىقىغا ئىگە. قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ مەي ۋە ئەيش - ئىشرەت

① مېلىس — مەيلىس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىلمىي ئويۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھازىر قۇمۇل رايونىدا «مايسا مەشرىپى» نامى بىلەن داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

خۇداسى - دېئونىس شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ مىللىي بايرىمى، ئېرامىزدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردىن باشلاپ يۇنانلىقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش بىلەن بۇ رايونلارغا سىڭىپ كىرگەنلىكى ھەمدە بۇ جايدا ياشىغۇچى يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەھەللىۋى مۇراسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ناھايىتى زور تەنتەنىلىك ۋە دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان «نورۇز بايرىمى» بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى مەلۇم. بۇنىڭغا تىرمىزدىن تېپىلغان ئىدىشتىكى ئويما سۈرەتلەر، بۇخارادىن تېپىلىپ ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان كۈمۈش ئىدىشتىكى سۈرەتلەر، بەدەخشاندىن تېپىلغان كۈمۈش ئىدىش ۋە تۈركمەنىستاننىڭ جەنۇبىدىكى نىسادىن تېپىلغان سۆڭەكتىن ئىشلەنگەن — قەدەھتىكى ھەرىكەتلىك سۈرەتلەر ھەمدە «قارا سۇك مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان. قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىكى سۈرەتلەر ئىسپات بولالايدۇ. يۇقىرىقى يادىكارلىقلاردا تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە خاس ئىكەنلىكىنى پروفېسسور A . Г پۇگاچېنكوۋا ئۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگەن①

مەشھۇر ئالىم ئابۇ رەيھان بېرۇنى (973 — 1048) ئۆزىنىڭ «كىتابى ئات - تەۋھىم» (چۈشەندۈرۈش كىتابى) ۋە «ئەل - ئاسار، ئەل - باقىيا» ئەسەرلىرىدە ئەرەب ئىستېلاسىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «نورۇز بايرىمى» توغرىسىدا

---

① ئېللىنىزىم مەدەنىيىتى — ئېلىمخانلار دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بىلەن يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ، يۇنان ھۆكۈمدارى ئىسكەندەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغان دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

①«ئۆزبېك تىياتىرى» تاشكەنت. 1975 - يىل نەشرى، 60 - بەت.

مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇبۇلقاسىم فىردەۋس ئۆزىنىڭ «شاھنامە» داستانىدا كۆرسىتىشىچە نورۇز — جەمشىت دەۋرىدە بايرام دەپ ئېلان قىلىنغان. بۇ بايرامنى شائىر مۇنداق تەرىپلىگەن:

جاھانغا زىبا نۇر چاچار پادىشاھ،
بۇ نورۇز كۈنى بولدى تەخت ئۈزرەجاھ.
يىغىلدى ئۇلۇغلار بارى شادۇ خۇش،
مەيۇ، ئۇسسۇل، چالغۇ تېپىپ كۆپ خۇرۇش. ①

ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نورۇزنى تىلغا ئېلىپ «نورۇزدىن كېيىنكى تۇنجى باھار» ئېيىنى (ئوغلاق ئاي) دەيدۇ. چۈنكى بۇ ئايدا ئوغلاق چوڭ بولىدۇ» ② دەپ كۆرسىتىدۇ. 14 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ئەلىشىر ناۋائى ئۆزىنىڭ «چاردىۋان» ناملىق ئەسىرىدە مۇقام ناملىرى قاتارىدا «نورۇز مۇقامى»نى تىلغا ئالغان ھەمدە ئۇنىڭ «نورۇز بۇزرۇك»، «نورۇز ھۆسەينى»، «نورۇز كۈچەك»، «نورۇز بوسىلىك»، «نورۇز راست»، «نورۇز سۇلتانى» قاتارلىق كۆپلىگەن ۋارىيانتلىرى بولغانلىقى مەلۇم.③

15 - ئەسىردە ياشىغان بەلخلىق تارىخچى خاۋەند شاھ مىرخاۋەند ئۆزىنىڭ «رەۋزە توسساپا» ناملىق ئەسىرىدىمۇ «نورۇز بايرىمى» توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «چىڭگىزخان... شەرق پادىشاھى بولۇپ، يېڭى يىلنىڭ نورۇزچېيدىرىنى قۇرغان پەسىلدە شەرەپ بارگاھى ئۈستىگە

① سوۋېت ئۆزبېكىستان، 1968 - يىل، 31 - مارت 76 - سان.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم 54 - بەت.
③ ئا. مەمتىمىن «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە» ئۇيغۇرچە نەشرى، 22 - بەت.

چىقتى. ئۇنىڭ خاقانلىق دەۋرى قېرى - ياش بارلىق ئەل - ئۇلۇسقا ئايلاندى. باھارنىڭ خۇش پۇراق شامىلى ئەۋەتكەن خۇش خەۋەر ئەلچىسى ئۆلۈك ھالەتتىكى يەرنىڭ تىرىلگەنلىك خەۋىرىنى ئەيش - ئىشرەت ئەھلىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاڭلاتتى. باھار زىننەتچىسى گۈل - چېچەك ئويۇنلىرىنى چىگىل كۆز- لىرىگە تىركەپ زىننەتلىدى...»①

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «نورۇز بايرىمى» غا مۇناسىۋەت- لىك پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي مەنبەلە- رىدىكى خاتىرىلەرمۇ بىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغايدۇ. بۇ ھەقتە تاڭ دەۋرىنىڭ تارىخچىسى خويلىنىڭ «مۇزىكا تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىدىكى خاتىرىلەر بىلەن شاڭدا ئەپەندىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي دىيار ۋە چاڭئەن مەدە- نىيىتى» (唐代西域长安文明) ناملىق كىتابىدىكى خا- تىرىلەر مەنە، جەھەتتىن ئوخشاش، بۇ كىتابلاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «نورۇز بايرىمى» نىڭ كەڭ ئومۇملاشقان- لىقىنى، ئۇ، تىياتىرلاشقان ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، تۈرلۈك ئويۇنلار ئوينىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدا يەنە تۇلپار ئۈستىدە ئوينايدىغان «خوتۇن ئۇسسۇلى»، «سالما تاشلاش ئۇسسۇلى»، «ئوغلاق تارتىش ئۇسسۇلى»، ھايۋان قىياپىتىدىكى نىقابلىق ئۇسسۇللار، گويزى (كۇچا) ئۇسسۇلى قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسسۇل- لارنىڭ ناخشا ۋە مۇزىكىغا تەڭكەش ھالدا ئوينىلىدىغانلىقىنى مۇشۇنداق نىقابلىق ئويۇنلار ئارقىلىق كونا يىلنى ئۇزىتىپ يېڭى يىلنى كۈتۈۋالىدىغانلىقى، جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ خەلققە ئاسايىشلىق تىلىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. شۇنداقلا يەنە بۇ بايرامنىڭ نامى ئەينى ۋاقىتلاردا يەرلىك تىلدا سومۇز

---

① دەۋزە ئوسسايا — تەرجىمە ئورىگىنالى، 10- بەت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 3- سان 40 - بەت.

(苏莫遮) دەپ ئاتالغانلىقى، بۇ ئەسلىدە غوز تىلى بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي دىياردىكى كۈسەن ئېلىدە بارلىققا كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان.

«سۇمۇز» ئاتالغۇسى ھەققىدە ھازىرغىچە ھەرخىل ئىزاھلاش مەۋجۇت، شاگدا ئەپەندى يۇقىرىقى كىتابىدا «سۇمۇز» نورۇز قوشاقلىرىنىڭ «مەپسىلىنىڭ نامى»، دەپ كۆرسىتىدۇ. قەشقەرلىك مەشھۇر بۇددا ئالىمى ئۇيىلان (732 — 820) ئۆزىنىڭ «نوم سۆزلۈكلىرىنىڭ شەرھىسى» ناملىق كىتابىدا: «سۇمۇز غەربىي دىيار ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئەسلى سامۇز دەپ ئاتىلاتتى. بۇ پۈتۈن غەربىي كۇچا ئېلىدىن چىققان. ئۇنىڭ ئۆز نەغمىسى ھېلىمۇ بار. بۇ يىرتقۇچ سۈرەتلىك يا بولمىسا جىن-ئەرۋاھلار سۈرىتىدە نىقابلار تاقاپ ئويلىنىدۇ ۋە ياكى ئۆتكەن كىشىگە لاي-سۇ چېچىپ ياكى قولغا سالما، ئىلمەك ئېلىپ ئۆتكەن كىشىنى تۇتۇپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ»① دەپ يازغان. خەنزۇچە باشقا مەنبەلەردىمۇ، مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ.

ئەڭ قەدىمكى نورۇز مۇراسىملىرىنىڭ XI ئەسىرگىچە يېتىپ كەلگەن شەكىللىرى توغرىسىدا ئەرەب ئالىمى ئەل خىسراۋنىڭ تۆۋەندىكى مەلۇماتلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن نورۇز بايرىمى پائالىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ:

«... نورۇزدا، يىگىرمە بەش كۈن ئالدىن سارايدا خىشتىن 12 بۆلەك سۇپا ئېتىز ياسىلىدۇ. ئۇلاردىن بىرىگە بۇغداي تېرىلىدۇ باشقىلارغا رەت بويىچە ئارپا، شال، ماش، قۇناق، لويلا، نوقۇت، كۈنجۈت ... تېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھوسۇلىنى

① ئا. مەتتىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» 75—76-بەت.

يىغىشتا ناخشا ئېيتىلىدۇ. ساز چېلىنىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ. دان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئېتىز، مەيدانلارغا چېچىۋېتىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇرۇق ياخشى ئۈنسە بۇ يىلقى ئېكىنلارنىڭ ئۆسۈشى ياخشى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. پادىشاھ يېنىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ باھار قوشىقى ئېيتىلىدۇ، پادىشاھنىڭ زەپەردەست قەھرىمان ئوغۇللىرى ھەققىدە، يامغۇر ۋە يۇلتۇزلار ھەققىدە ... مەخسۇس قوشاقلار ئېيتىلىدۇ»①. ئالىم K كىرتېر 19-ئەسىردە ئۆزى كۆرگەن بىر نورۇز بايرىمى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «كىشىلەر يېڭى كىيىملەر كىيىپ، ياسىنىپ، قالپاقلىرىنى قەغەز گۈللەر بىلەن بېزىگەنىدى. ئۇلار شەھەر ئەتراپىدىكى ئەڭ ئېگىز جايغا باردى، ئۇ يەردە ناغرا، نەي ۋە باشقا مۇزىكا ئەسۋابلىرى چېلىنىپ، ھەممە جاي ھەرخىل ئويۇنلارنىڭ شاۋقۇنى بىلەن تولغانىدى.»② يۇقىرىقى خاتىرىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا نورۇز بايرىمىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىگە بولغان چۈشەنچىمىزنى ۋە تەسەۋۋۇرىمىزنى كۈچەيتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «نورۇز بايرىمى»نىڭ بىرقەدەر ئومۇملاشقان قائىدە-يوسۇنلىرى مۇنداق: نورۇز كىرىشى بىلەن كىشىلەر يېڭى يىل شەرىپىگە شاد-خۇراملىق ئەكس ئەتكەن تۈرلۈك شېئىر-قوشاق («نورۇزنامە»)لارنى يېزىپ تەييارلايدۇ، نورۇز كۈنى كىشىلەر چىرايلىق ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، يۇرت جامائەت بويىچە مۇقەددەس ئىبادەت ئورۇنلىرىغا، ھاۋالىق ۋە مەنزىرىلىك جايلارغا، دەريا بويلىرىغا ۋە ئاۋات بازارلارغا جەم بولۇپ توپلىشىدۇ. بۇ مەيداندا قىزىقارلىق، يەرلىك مىللىي ئويۇنلار ئوينىلىدۇ. قوشاقچىلار شېئىر ۋە قوشاق توقۇشىدۇ. ناخشىچى

① ② «ئۆزبېك تىياتىرى»، تاشكەنت، 1975-يىلى 95-بەت.

ۋە سازەندىلەر نەغمە ناۋا قىلىشىدۇ. ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ، ۋايىزلار (مەدداھلار) داستان ۋە قىسسەلەرنى ھېكايە قىلىشىدۇ، قاۋۇل يىگىتلەر چېلىشىپ پالۋانلىق مەيداندا ئۆزلىرىنى سىنايدۇ. ئۇچقۇر چەۋەندازلارنى ۋە ئۇچقۇر ئاتلارنى تاللايدۇ. ئوغلاقچىلار ئوغلاق تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئات ئۈستىدىكى ماھارىتىنى نامايان قىلىدۇ. چاق-چېلەك (سارغايدى) ئۈستىدىكى قىز-يىگىتلەر خۇشاللىقتىن بۇلۇت ئۈستىدە قاڭقىيىدۇ، ئېگىز دار ئۈستىدە يۈكسەك ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان داۋازلار باتۇرلۇقى ۋە چەبدەسلىكى بىلەن پۈتۈن تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ... قىسقىسى، ھەربىر كىشى ئۆزىگە خاس ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، چەكسىز شاد-خوراملىق ئىچىدە بايرام تەنتەنىسى قىلىدۇ. نورۇز مۇراسىملىرىغا ھەتتا مەكتەپ بالىلىرىمۇ، كوللېكتىپ ھالدا قاتنىشىدۇ، ئۇلار رەتلىك سەپ بولۇپ، گۈللۈك تاختىلارغا ھۆسن خەت شەكلىدە يېزىلغان «نورۇزنامە» لەرنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۇنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ، ھەمدە ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىشىدۇ. «نورۇزلۇق»، «ھەپتە سالام» ئارقىلىق بۇ ئاممىۋى بايرامنى قىزغىن تەبرىكلىشىدۇ. بۇ خىلدىكى «نورۇزنامە» لەر ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئىلىم-مەرىپەتلىك بولۇشقا، ئەخلاقلىق ۋە پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. مەسىلەن:

كېلىپتۇر خۇش مۇبارەك ئۇشبۇ كۈن يارەنلەر-يارەنلەر
ئەجەب مۇزلۇق دەرەخلەرنى يارار كۈن-كۈندە بورانلار،
تەرەددۇت بىرلە مەكتەپتە ئوقۇپ، ئوغلانلار-ئوغلانلار.
بولۇپ بىر كۈنى ئالەمدە زور ئىنسانلار-ئوغلانلار.

بۇنىڭدىن باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىگە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، قوشنا-قولۇملىرىغا ئاپىرىن ھەدىيە قىلىدىغان «نورۇزنامە» لىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، ياخشى

ئادەم قىلىش ھەققىدە دالالەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كەلدى نورۇز كەلدى بۈگۈن، ئەرشى بىنا ئەتكىلى،
بارچە ئادەم كۆڭلىنى شاد - خۇرام ئەتكىلى.
ھەر كىشى مۇللىسىدىن ئالسۇن دۇئا كۆڭلىنى،
مەرىپەتكە تولدۇرۇپ گۈلى - گۈلزار ئەتكىلى.

بەزى رايونلاردىكى نورۇز بايراملىرىدا (پامىر ئېتىكىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا) بىرقەدەر قەدىمىي بولغان ئەنئەنىۋى «يولۋاس ئويۇنى»، «شىر ئويۇنى» ئوينىلىدۇ.

بىر ئادەم يولۋاس شەكلىدە نىقابلىنىپ ئىككى دانە خوتەن تەلپىكىنى قۇلاق قىلىدۇ. تۆت پۇتلۇق بولۇپ، يولۋاس ھەرىكىتىنى دورايدۇ. بىر كىشى قولىدا قىزىل گۈل تۇتۇپ «يولۋاسنى» ھەر خىل ئۇسسۇلغا سالىدۇ. ساز ئورنىدا قويچى راۋابى بىلەن بالمان ۋە داپ تەڭكەش قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا يولۋاسچە ياسانغان كىشى نىقابىنى يېشىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قىزىل گۈل تەقدىم قىلىنىدۇ. يەنە بەزى رايونلاردا «ئارغىماق ئويۇنى» ئوينىلىدۇ؛ بىر كىشى ياغاچ «ئارغىماق» بىلەن بايرام كىيىملىرىنى كىيىپ ئۇسسۇل ئويناپ مەيدانغا كىرىدۇ. بۇنىڭغا نەي تەڭكەش قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىدە باھارنى قارشى ئېلىش قىش - زېمىستاننى قوغلاش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان.

«نورۇز» بايراملىرىدا «نورۇزلۇق» ئاياغلاشقاندا جامائەتتىن يىغىش قىلىپ چوڭ داش قازان ئېسىلىدۇ. بەزى ئائىلىلەر چامىسىنىڭ يېتىشىچە «نورۇز ئېشى» تەييارلاپ («نورۇز ئېشى» كۆپىنچە بۇغداي، قوناق، ئارپا يارمىسى، نوقۇت، كۆك ماش، قاق، جىگدە، چامغۇر، سامساق، گۆش، قوينىڭ كاللا - پاقالچىقى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرغان كۆجە ياكى ئوماچ بولىدۇ) مۇراسىم مەيدانىغا ئېلىپ بارىدۇ. «نورۇز ئېشى»

ئادەتتە «ئابىنسان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ غىزانى كۆپچىلىك دەرقەمدە ئۇلتۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشىدۇ. «نورۇز بايرىمى» نىڭ بىزگە مەلۇم بولغان بۇ خىل قائىدە - يوسۇنلىرى ئۇيغۇرلار بىرقەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار ئارىسىدا ھازىرغىچە قەدەر ئاساسىي جەھەتتىن ئەينەن ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئاتاقلىق تىلشۇناس، يىتۇك ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئوپالدىكى مازىرىغا (ھەزرىتى موللام مازىرى) يېقىننقى يىللارغىچە قەشقەر ئەتراپىدىكى رايونلاردىن كۆپلىگەن كىشىلەر كېلىپ «نورۇز بايرىمى» ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن بۇ جاي ھازىرغىچە «نورۇز بۇلاق» نامى بىلەن مەشھۇر ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان.

باشقا رايونلاردا ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل بۇ ئەنئەنىۋى مىللىي مۇراسىم ئاشكارا ئۆتكۈزۈلۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغانىدى. پەقەت پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپچىلىك رايونلىرىدا بۇ بايرام قايتا ئەسلىگە كېلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلەيدىغان يېڭىچە مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلدى.

ئومۇمەن ئالغاندا، «نورۇز بايرىمى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشىدا ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك مەۋسۇم مۇراسىمى بولۇپ، ئۇنى خۇددى دولان مەشرەپلىرىگە ئوخشاش خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى دېيىشكە بولىدۇ.

## دەۋر ۋە خەلق ئەدەبىياتى

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسەت يېڭى دەۋردىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

بىزگە مەلۇمكى، خەلق ئەدەبىياتى «خەلق، مۇھىمى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى» ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بالىلىق (گۆدەكلىك) دەۋرىدە، يەنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە پەيدا بولغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى شېئىرىيەت گۈلىستانىدۇر. بۇ، «گۈلىستان» شەخس زاكالەتتىن مۇستەسنا ھالدا سىنىپىيلىك تۇس ئالغان كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرى بىلەن تولغان شۇنداق بىر تەبىئىي خەزىنىدىكى؛ ئۇنىڭدا تېخى ھېچقانداق ماددىي ۋە مەنىۋى چېگرا بىلەن چەكلەنمىگەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە.

خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشى ۋە چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرخىل ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئاڭ فورمىسى سۈپىتىدە، تەبىئەت ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەرنى فانتاستىك ئۇسۇلدا ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولغان ئىدى. خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ سىنىپىيلىك خاراك-

تىرىمۇ ئەنە شۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن بولۇپ،
تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن بۇ دەۋر
تارىختا «ئەپسانىچىلىق دەۋر» دەپمۇ ئاتالغان. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان مەدەنىيەت تارى-
خىنى ۋاراقلىساق ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئەپسانىلەر ئىگى-
لەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھەرقانداق بىر مىللەت-
نىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىدا «ئەپسانىچىلىق دەۋر» نىڭ
تۇتقان ئورنى ناھايىتى زور بولىدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتىدا
ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «يۇنان مەدەنىيىتى-
نىڭ ئالدىنقى شەرتى — يۇنان ئەپسانىلىرى، يەنى يۇنانلىق-
لارنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق بىرخىل ئاڭسىز
سەنئەت ئۇسۇلى بىلەن پىششىقلانغان تەبىئەت
شەكلىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي شەكلىنىڭ
ئۆزى. مانا بۇ يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ باشلانغۇچ ماتېرىيالى①
دېمەك، ئىپتىدائىي دەۋرنىڭ ئەل ئەدەبىياتى شۇ دەۋر كى-
شىلىرىنىڭ فانتازىيىلىك خىيالىدا ئاڭسىز سەنئەت شەكلى ئار-
قىلىق قايتا ئىشلەنگەن تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي
فورمىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشى تېيىزلىقتىن
چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ
خىللىققا، فانتازىيىدىن ئىلمىيلىككە قاراپ يۈزلىنىش ئومۇم-
لاشقان بىر قانۇنىيەتتۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانىيەت سىنىپىي
جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن بازىس ۋە ئۇستقۇرۇلمىنىڭ
ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى ۋە دا-
ئىرىسى جەھەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى، خەلق ئەدەبىياتى

① «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 2- توم، 117- بەت.

يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەشتىكى بۈيۈك مەنىۋى قورالى سۈپىتىدە، ئېتىبارلىق ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولدى. مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتە فانتازىيىدىن رېئاللىققا، «ئەپسانىچىلىق» تىن «ئىپىك باسقۇچ» قا قاراپ يۈزلەندى. ئەنە شۇ «ئىپىك باسقۇچ» نىڭ يىرىك بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن قەھرىمانلىق داستانلىرى پاترىئارخاللىق — ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە كۆچمەنچىلىك ھايات شەكلىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە پاترىئارخاللىق-ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدە ياكى فېئودالىزمنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تۈرلۈك ئۇرۇق - قەبىلەر ئوتتۇرىسىدا نىزالار داۋام ئېتىۋاتقان ۋە ئۇلار مۇئەييەن تېررىتورىيىلەرگە مۇقىم جايلىشىۋاتقان ھەمدە ئۆز ئالدىغا مىللەت ۋە خەلق سۈپىتىدە ئۇيۇشۇشقا باشلىغان دەۋرلەر بىلەن مەھكەم باغلىقتۇر. جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئاشۇ ئوبيېكتىپ باسقۇچىدا بىر قاتار ئۇرۇق ۋە قەبىلەرنىڭ مۇئەييەن خەلق سۈپىتىدە تەشكىل تېپىشى ئىپتىدائىي دۆلەتچىلىك ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئۆز مۇستەقىللىكلىرى ئۈچۈن باسقۇنچىلىققا قارشى مەردانىلىك كۆرسىتىشلىرى قەھرىمانلىق داستانلىرى ئۈچۈن باي ماتېرىيال بولدى.

سىنىپىي جەمئىيەتنى شەرتلىك ھالدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ دەۋردىكى خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەقىقىي قەلب كۈيى سۈپىتىدە تۈر ۋە ژانىر جەھەتتىن تېخىمۇ كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇپ، تېماتىك دائىرىسى كېڭەيدى، بەدىئىيلىك جەھەتتىن تېخىمۇ ئۆسۈپ، خەلقنىڭ گۈزەللىك تەلىپىنى ھەقىقىي ھالدا ئىنكاس قىلىپ بەردى، فانتازىيىدىن

رېئاللىقتا يوقىلىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېزىش ۋە ئېزىلىشكە قارشى كۈرەش قىلىشتىكى ئۆتكۈر قورالىغا ئايلاندى.

ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق ئەدەبىياتى بىر يېڭى پارلاق تارىخىي مەزگىلگە كىردى. ئېلىمىزدىكى 50 نەچچە مىللەتنىڭ باي ۋە ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە پىلانلىق تۈردە توپلاندى ۋە رەتلەندى. خەلق ئەدەبىياتى ساھەسى بويىچە يېڭى بىر زور قوشۇن تەربىيەلىنىپ، خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرى بويىچە نەچچە يۈزلىگەن توپلاملار نەشر قىلىنىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئىگىلىدى. سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە بارلىققا كېلىپ، خەلقنى تەربىيەلەش جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇردى.

مەلۇمكى، خەلق ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئاغزاكىلىق، كوللېكتىپچانلىق، ۋارىسچانلىق ۋە ئۆزگىرىشچانلىقتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يازما ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئومۇمىي قانۇنىيەت جەھەتتىن خەلق ئەدەبىياتىنى يازما ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيىۋى قېلىپىغا سالغىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن يېڭى دەۋر خەلق ئەدەبىياتى نەزەرىيىسىگە ھامان يېڭى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى ئاستىدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولغان كەڭ ئاممىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە مەدەنىيەت ئىگىلىشى، خەلق ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنىڭ يوقىلىشى، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ تەلەمگە تايىنىپ ئىجاد قىلىشىنى باشلىشى ۋە مەتبۇئاتلاردا شەخسىي

نام بىلەن خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ نۇقتىلىق هالدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ هەرخىل تۈرلىرى بويىچە ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىشى (قوشاقچىلار جەمئىيىتى، هېكايىچىلار جەمئىيىتى، ئەلنەغمىچىلەر جەمئىيىتى...) قاتارلىق يېڭى هادىسىلەر ۋە يېڭى ئۇسۇللار كىشىلەردە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرىدە يېڭىچە ئۆزگىرىش پەيدا قىلغاتتىلىقىنى هېس قىلدۇرماقتا. ئالايلۇق، ئاغزاكىلىق — خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيىتى، ئاغزاكىلىق بولمىسا خەلق ئەدەبىياتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. خۇددى ئىنسان بىلەن هايۋاننى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تۈپ بەلگە — ئاڭ بولغىنىغا ئوخشاش، خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاساسىي بەلگىمۇ ئاغزاكىلىقتۇر. لېكىن، هازىرقى يېڭى دەۋردە ئاغزاكى ئىجاد قىلىش ۋە ئاغزاكى تارقىتىشى تەدرىجىي هالدا يېزىق ئارقىلىق ئىجاد قىلىش ۋە تارقىتىشقا قاراپ ئۆزگەرمەكتە. بۇ خىل ئۆزگىرىش خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ تۈپتىن ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئايرىم خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىجادىيىتى شۇ كىشىنىڭ شەخسىي نامى بىلەن ئېلان قىلىنغانلىقىغا قاراپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىق ئالاهىدىلىكى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتتىمۇ، قانداق؟ مانا شۇ تۈپكى مەسىلىلەر دائىرىسىدە هازىر ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت:

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ تونۇشىچە، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاهىدىلىكلىرى مۇتلەق بولماس-

تىن، بەلكى يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا بەلگىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ، لېكىن بۇ تۈپ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ئەمەس. يېڭى دەۋر خەلق ئەدەبىياتى چوقۇم ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ. ئاغزاكىلىق ئومۇمەن ئىنسانلارنىڭ تىلى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ تىلى يوقىلىشى بىلەن بىرلىكتە يوقىلىدۇ. ئەمما ئاغزاكىلىقنىڭ دەرىجىسى ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرغاندا ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ، يەنى كىشى- لەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، خەلق ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئاستا ـ ئاستا يازما ئەدەبىياتقا بوشىتىپ بېرىپ مۇھىم بولمىغان ئىككىنچى ئورۇنغا چېكىنىدۇ. لېكىن بۇ جەريانلاردا ئاغزاكىلىق خۇسۇسىيەت ماھىيەت جەھەتتىن يەنىلا ئۆزگەرمەيدۇ، قىسقىسى، ئاغزاكىلىق ۋە كوللېكتىپچانلىق خۇسۇسىيەتتىن مۇستەسنا ھالدا، خەلق ئەدەبىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى خىل پىكىردىكىلەر، يۇقىرىقى پىكىر بىر خىل ئاتالمىش «كونسېرۋاتىپلىق» كۆز قاراش بولۇپ، ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى دېگەن رامكا ئىچىگە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتقان يېڭى دەۋر خەلق ئەدەبىياتىنى قاچىلاشتىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ.

بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ تونۇشىچە، يېڭى خەلق ئەدەبىياتى ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ ئالاھىدى- لىكلىرىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش قىلىش ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوڭ قەدەملەر بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ ۋە داۋاملىق گۈللىنىدۇ، يەنى خەلقنىڭ

ئۆزلۈكسىز ھالدا يېزىق ئىگىلىشى يازما ئىجادىيەتنى روناق تاپقۇزۇپ، ئاغزاكىلىق، كوللېكتىپچانلىق ۋە ئاپتورلۇق ئىمتىيازى بولماسلىقتەك ئامىللارنىڭ بارغانسېرى يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەكسىچە، يېڭى دەۋر خەلق ئەدەبىياتىدا يازما خۇسۇسىيەت بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، كوللېكتىپچانلىق خۇسۇسىيەت ئورنىنى ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئىگىلەيدۇ. بۈگۈنكى زامان خەلق ئەدەبىياتى ئەنە شۇ يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ماس ھالدا چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ، يېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، دەپ قاراپ، بۈگۈنگە ھازىر بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى خەلق قوشاقلىرى ۋە يېڭى ھېكايە - لەتىپىلەرنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى خىل پىكىردىكىلەر، ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بۈگۈنكى زامان خەلق ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى بۈگۈنكى زامان يېڭى خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات (يازغۇچىلار ئەدەبىياتى) ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن. شۇڭا «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دېگەن نامنى يەنە قوللىنىش مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

تۆتىنچى خىل قاراشتىكىلەر، خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدىكىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى «كونىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىنى تۈزۈش» (كونىدىن يېڭىنى يارىتىش)، خەلق ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىكى «ستېخىيىلىك» نى «ئاڭلىقلىق»قا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت، بۇ يېڭى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مۇقەررەر يولى، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ھازىرقى دۇنيا پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان خەلق ئەدەبىياتىنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقى 4 خىل قاراشنىڭ يادروسى يېڭى دەۋردىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ يولى ۋە ئىستىقبالى مەسىلىسىنى ئىزاھلاشتىن

ئىبارەت. بۇ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ مەسىلە، بۇ يالغۇز نەزەرىيە مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەمەلىي مەسىلىدۇر. خەلق ئەدەبىياتى نەزەرىيە ساھەسى ئەلۋەتتە مەسئۇلىيەتلىك بىلەن قايىل قىلارلىق ھالدا بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش كېرەك. تۆۋەندە بۇ مەسىلە ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈمەن.

مېنىڭچە، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەقدىرى ھەققىدىكى مۇنازىرە سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل ــ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولغان ئاغزاكىلىق خۇسۇسىيەتىنى تونۇشتىكى ئوخشىماسلىقتۇر. خەلق ئەدەبىياتى ئەسلى مەنىسى بىلەن ئاغزاكى ئىجاد قىلىنىپ كۆڭۈلگە خاتىرىلىنىدىغان ئەدەبىيات. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پەننىڭ تولۇق نامى «خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتى»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «خەلقنىڭ ئاغزاكى پوئېستىك» دەپ ئاتالغان. پەقەت، خەلق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ سەنئەت شەكلىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولغان ئاغزاكىلىقتىن ئىبارەت ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتقاندىلا، باشقا مەسىلىلەرنى ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەم تارىخىي نۇقتىدىن، ھەم سېلىشتۇرما نۇقتىدىن قاراپ تەكشۈرۈش كېرەك.

خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بەلگىلىك باسقۇچنىڭ مەسئۇلى. ئۇ ئەسلى ماھىيىتى بىلەن پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش، ۋە ئاجىزلىنىش جەريانلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. خەلقئارا ئومۇملۇقتىن قارىغاندا، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يولى مۇنداق ئۈچ تارىخىي باسقۇچنى ئۆز بېشىدىن كۆچۈرۈـ

شى مۇمكىن؛ بىرىنچى باسقۇچ — خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تۆرەلگەن (بارلىققا كەلگەن) مەزگىلى، ئىككىنچى باسقۇچ، خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىرلىكتە بەيگىگە چۈشكەن مەزگىلى، ئۈچىنچى باسقۇچ، خەلق ئەدەبىياتى ئاجىزلىشىپ، يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە چىقىدىغان مەزگىلى. بىرىنچى باسقۇچ، خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى پۈتۈنلەي ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان، يازما ئەدەبىيات تېخى پەيدا بولمىغان مەزگىل بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرى (ئىپتىدائىي جەمئىيەت)گە تەئەللۇق. يازما ئەدەبىيات سىنىپىي جەمئىيەت پەيدا بولغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن.

ئىنسانشۇناسلار بىلەن تارىخشۇناسلار بىردەك شۇنداق تونۇيدۇكى: ئىنسانلارنىڭ تىلى بىلەن ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى (ماترىئارخانلىق) بىر ۋاقىتتا پەيدا بولغان. چۈنكى ئىنسانلار ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن بۆلىنىپ چىققاندىن كېيىنلا ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى بولۇپ ئۇيۇشقان. تىل تەرەققىي قىلىپ ئېغىز ئەدەبىياتى پەيدا بولغان مەزگىللەر، تەخمىنەن ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق سىستېمىسىدىكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات مەزگىلى ياكى ئارخېئولوگىيىدىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، خەلق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئەدەبىي شەكىل ئاغزاكى تىل ئاساسىدا پەيدا بولغان بولۇپ، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر شەكلىمۇ ئاغزاكى ئىجاد قىلىش شەكلىگە ماسلاشقان، ئۇ پەقەت ئاڭلاش ئارقىلىق سېزىم پەيدا قىلىدىغان ئەدەبىيات بولغاچقا، ئاغزاكى ئىجاد قىلىش، ئوڭايلا ئەستە قېلىش، ئېغىزدىن — ئېغىزغا تېز تارقىلىش

قاتارلىق تەبىئىي قولايلىقلاغا ئىگە بولغان،

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاغزاكى تىل تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل تەبىئىي ئىنكاسى بولغاچقا، ئۇ ستىخىيىلىك ئىجادىيەت دەپ قارالغان. دەرۋەقە، خەلقئارادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان بۇ ئاغزاكىلىق خۇسۇسىيەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى سۈپىتىدە باشقا ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا باغلانغان. مەسىلەن، كوللېكتىپچانلىق ئالاھىدىلىكنى ئالساق، ئۇ پەقەت ئاغزاكى تارقىلىش جەريانىدا، كىمنىڭ قانچىلىك قوشۇشى ياكى قىسقارتىپ ئۆزگەرتىشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت كوللېكتىپنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا ماس كەلسىلا ئومۇم تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يازغۇچىسىنىڭ كىم ئىكەن-لىكىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭغا كۆپچىلىكمۇ دىققەت قىلمايدۇ. ئېلىمىزنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئۈچ چوڭ گۆھىرى— «ماناس»، «گېسار»، «جاڭغىر» ئېپوسلىرىنى ھېچكىم مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئىجادىيىتى دېيەلمەيدۇ، بۇ ئېپوسلارنىڭ دەسلەپكى ئاغزاكى نۇسخىسى ھازىرقىدەك مۇكەممەل بولۇشىمۇ ناتايىن. ئۇ شۇنچە ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، كوللېكتىپ ئىچىدە قايتا - قايتا تاۋلىنىپ بۈگۈنكى ھالىتىگە كەلگەن. لېكىن بۇ ئېپوسلارنىڭ ھازىرقى نۇسخىسىنىمۇ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن ئۆزگەرمەس نۇسخا دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارقىلىشچانلىق خۇسۇسىيىتىمۇ بىۋاسىتە ھالدا ئاغزاكىلىق خۇسۇسىيەت ئاساسىدا پەيدا بولغان، ئۆزگىرىشچانلىق بولسا ئاغزاكىلىق، كوللېكتىپچانلىق، تارقىلىشچانلىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل ئاساسىدا ھاسىل بولغان. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ

ھەممىسى ئەنە شۇ ئاغزاكىلىق خۇسۇسىيەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان.

بۇرۇن بىز خەلق ئەدەبىياتىغا ئائىت مۇھاكىمىلەردە كوللېكتىپچانلىق خۇسۇسىيەتنى كۆپرەك تەكىتلەپ، ئۇنى 1 - ئورۇنغا قويغانىدۇق، ئەكسىچە، ئاغزاكىلىقنى ئانچە نەزەرگە ئالماي، شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىرىشكە «قاراپ ئاغزاكىلىق يوقىلىدىغان خۇسۇسىيەت» دەپ قارىغانىدۇق. بۇ ئەلۋەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكتىن پەيدا بولغان قاراش.

2 - مەزگىل، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ تەڭ بەيگىگە چۈشكەن دەۋرى. بۇ دەۋر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇللۇق جەمئىيىتى، فېئوداللىق جەمئىيەتتىن تارتىپ كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سىنىپىي جەمئىيەت پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان يېزىقمۇ بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يازما ئەدەبىيات سەھنىگە چىقىپ، خەلق ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلىنىش ھېسابىغا بارغانسېرى سەمرىشكە باشلىدى. لېكىن بۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان ئەمگەكچىلەر ئاممىسى يېزىق ئىگىلەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ ئىددىيىۋى ھېسسىياتىنى يەنىلا ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى ئىجادىيەت شەكلىدە ئىپادىلەندى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تېخىمۇ خاھىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىققا قاراپ يۈزلەندى. ئېغىز ئەدەبىياتى تېما، ئىددىيىۋى مەزمۇن ۋە تىپىك بەدىئىي ئوبراز جەھەتلەردىن ئەدىبلەرنىڭ

يازما ئەدەبىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، يازما ئەدەبىياتنى قويۇق كوممۇنىستىك ۋە خەلقچىللىق روھىغا ئىگە قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

گەرچە ئۇزاق مەزگىللىك سىنىپىي جەمئىيەتتە تۆۋەن قاتلام ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ بۇ گۈزەل ئاغزاكى ئەدەبىياتى ھەمىشە بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلارنىڭ كەمسىتىشى ۋە چەتكە قېقىشىغا ئۇچراپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئەدەبىياتى بىۋاسىتە ھالدا مىللىي تۇپراققا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولغاچقا، ئۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمىدى، ئۇ مەڭگۈگە خەلق ئاممىسىنىڭ ھەققانىي ئاۋازى ۋە قەلب ساداسىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان سەنئەت بولۇپ قېلىۋەردى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنە شۇنداق مۇھىم ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە ئېنىستېتىك ئەھمىيىتى يەنىلا ئۇنىڭ توپ ماھىيىتى بولغان ئاغزاكىلىق خۇسۇسىيىتىگە باشتىن ئاخىر ۋارىسلىق قىلىنغانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

سىنىپىي جەمئىيەتتە يازما ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە پەرق مەسىلىسى بارلىققا كەلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگۈچى ئىنىكئانا ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى جەمئىيەت ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلغان. بۇنداق قاراش بىلەن «ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى — تۇرمۇش» دېگەن توپ قاراش ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت يوق. دەرۋەقە تارىختىكى ھەرقايسى دەۋر ئەدەبىياتى پەقەت ئاغزاكى ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىسى ۋە ئىلھامى بىلەن ئۆزىنىڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ياراتقان، دۇنيا-

دا شۆھرەت قازانغان مەشھۇر ئەسەرلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىۋاستە تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن بارلىققا كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن تارىختا ئۆتكەن خەلقپەرۋەر مەشھۇر ئەدىبلەر خەلق ئەدەبىياتىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك باھا بېرىدۇ. «شاھنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، نەۋائىنىڭ «خەمسە»لىرى، «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق دۇنياۋى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ يىرىك نەمۇنىلىرى بۇنىڭغا دەلىل پاكىت بولالايدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، رومانىي «ئاتالمىش ساپ» يازغۇچىلار ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بولۇپ، بىۋاستە خەلق ئەدەبىياتىغا ئاساسلىنىپ ئىجاد قىلىنمىغان، ئەمما ئەسەر ئاپتورى ساۋشۆچىنگە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي خاھىشى جەھەتتىكى ۋاستىلىك تەسىرى بولمىغان، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، يازغۇچىلار ئەدەبىياتىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ تەسىرنى ئىككى تەرەپتىن كۆرسىتىش مۇمكىن: بىرى ئىجابىي تەسىر، يەنى تارىختىكى كۆپلىگەن ئەدىبلەر خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ پېششىقلاپ بەرگەن ھەمدە ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى ئۈلگىلىرىنى خاتىرىلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ۋە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىشىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشقان.

يەنە بىرى پاسسىپ تەسىر، يەنى ئۆتمۈشتە بەزى ئەدىبلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى خاتىرىلىگەندە سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىۋېتىشتىن خالىي بولالمىغان. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ساپلىقى يوقىلىپ، گوياكى گىرىم قىلىنغان «ئارتىس» قا ئوخشاپ قالغان. بۇ ھال خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا بەزى قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەل-

مەكتە. لېكىن بىرىنچى تەرەپ ئاساسلىق ۋە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنداقتا خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ پەرقى زادى قايەردە؟ يىغىپ ئېيتقاندا:

1. يازغۇچىلار ئەدەبىياتى ئاڭلىق ئىجاد قىلىش سەنئىتى بولۇپ، پەقەت ئوقۇش ئارقىلىق تەسىرات پەيدا قىلىدۇ، ئەكسىچە خەلق ئەدەبىياتى ستېخىيىلىك ئىجاد قىلىش سەنئىتى بولۇپ، ئۇ ئاڭلاش سېزىمىگە تايىنىپ تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

2. ئومۇمەن ئېيتقاندا، خەلق ئەدەبىياتى خەلقنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى ئوبيېكتىپ ھالدا بىۋاسىتە ئاشكارىلاپ، تۇرمۇشنى ئەينەن ئىنكاس قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا خەلق ئەدەبىياتىنى خەلق تۇرمۇشى ۋە سەنئەت ئۆرۈپ ئادىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى دېيىشكە بولىدۇ. ئەكسىچە، يازغۇچىلار ئەدەبىياتى ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاڭدىكى ۋاسىتىلىك ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە «ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەش»نىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. بۇ دېگەنلىك ئەدەبىيات (يازما ئەدەبىيات) قانداقتۇر «سۇبيېكتىپ ئاڭنىڭ ئىنكاسى» دەيدىغان بىر تەرەپلىمىلىك قاراش بىلەن ئوخشاشمايدۇ. چۈنكى ئۆتمۈشتىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۆتكەن ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇقەررەر ھالدا خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە دۇنيا قارىشى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، مانا بۇ يازغۇچى ئېڭىدا قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئوبيېكتىپ رېئاللىق ھېسابلىنىدۇ.

3. يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا شەخسلەر يارىتىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ شەخسكە تەئەللۇق بولىدۇ. خەلق

ئەدەبىياتىنى بولسا ھەم كوللېكتىپ ھەم شەخس يارىتىدۇ. «شەخس» دېگەندە خەلق ئارىسىدىكى سەنئەتكارلار — قوشاقچىلار، ھېكايىچىلار، داستانچىلار، لەتىپىچىلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى تەبىئىي ۋە ستېخىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئەدىبلەرگە ئوخشاش يېزىقىقا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان مەقسەتلىك ۋە پىلانلىق ئىجادىيەت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىجادىيىتىمۇ يەنىلا ئاغزاكىلىقتا تايانغان بولۇپ، ئۇ تارقىلىش جەريانىدا يازما ئەدەبىياتتەك ئۆزىنىڭ ئەسلى مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەرقانداق كىشىگە ئاپتورلۇق ھوقۇقى بەرمەيدۇ.

4. خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى ئوخشاشمايدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىشلىتىدىغىنى قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل (كىتابىي تىل)، يازما ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشىمۇ نىسبەتەن مۇرەككەپ بېردەك ۋە ئىنچىكىرەك، بەدىئىي ئۇسلۇبىمۇ نىسبەتەن مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل. چۈنكى ئۇ ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن يېزىلغان. خەلق ئەدەبىياتى بولسا خەلقنىڭ ئاغزاكى تىلىغا ئاساسلانغان بولۇپ، ئاممىباپلىققا ئىگە. بەدىئىي ئۇسلۇبىمۇ بىرقەدەر ئاددىي ۋە قوپاللىراق. تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى مۇشۇنداق ئەۋزەللىكلىرى بىلەن، ئۇ ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئېسىدە قالىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان.

5. ھەربىر يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىختىدارى، ماھارىتى ۋە ئىجادىيەت مېتودى بىر-بىرىگە ئوخشىمىغاچقا، يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ كومپازىتسىيىلىك قۇرۇلۇشى بىرقەدەر مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىللىققا ئىگە. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ كومپازىتسىيىلىك قۇرۇلۇشى مۇرەككەپلىكتىن خالىي بولۇپ،

كۆپىنچە بىر خىللىقتا ۋە ئەنئەنىۋىلىكتە ئىگە بولىدۇ.

6. تۈر ۋە ژانىر جەھەتتىن ئوخشاشمايدۇ. يازما ئەدەبىيات ئەزەلدىن مەزمۇن ئالاھىدىلىكتە قاراپ شېئىر پروزا، دراما دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن. خەلق ئەدەبىياتى بولسا خەلقنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، ئەپسانە-رىۋا-يەتلەر، قوشاقلار، ھېكايە-چۆچەكلەر، لەتىپىلەر، داستان ۋە قىسسىلەر، ئەلنەغمە تىياتىرلىرى، يۇمۇرلار، تېپىشماقلار، لاپ ئۇرۇش ۋە چاقچاقچىلار، سۆز ئويۇنلىرى قاتارلىق كۆپ خىل تۈر ۋە ژانىرغا ئىگە. خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئىجتىمائىي مەنسۇبىيىتى، ئ. - تېتىك ئىدىيىۋى ۋەئۇنۇمى قاتارلىق مەزمۇن قورلىمى ى ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندا ئېھتىمال يۇقىرىقىدىن باشقا پەرقلەرمۇ سېزىلىشى مۇمكىن. بۇ پەرقلەر ئاساسەن ئىككىنچى باسقۇچتا (خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئۆزئارا تەڭ بەيگىگە چۈشكەن سىنىپىي جەمئىيەت) تۇرۇۋاتقان ئىككى خىل ئەدەبىياتنىڭ خاراكتېرىگە تەدبىقلانغان بولغاچقا ئەلۋەتتە نىسپىيلىككە ئىگە.

ئۈچىنچى باسقۇچ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاجىزلىشىپ قوشۇمچە ئورۇنغا (ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشكەن، يازما ئەدەبىيات راۋاجلىنىپ مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇنغا چىققان مەزگىل. بۇ دەۋر مۇتلەق كۆپ سانلىق خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسۈپ (ساۋاتلىق بولۇپ)، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋاقتىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەزگىلدە دەرۋەقە بىرقەدەر يىرىك بولغان مىفولوگىيىلىك ئەپسانە-رىۋايەتلەر، تارىخ-ئېپوسلار ۋە قىسسىلەر قايتا پەيدا بولمايدۇ. ئەمما قوشاقلار، ماقال-تەمسىللەر لەتىپە ۋە يۇمۇر قاتارلىق ژانىرلار ئۈزلۈكسىز پەيدا بولىۋېرىدۇ. ھازىر تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىر-

نىڭ بەزى ئالىملىرى «سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش ئەمەلگە ئاشقان جايلاردا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى قايتا مەۋجۇت بولمايدۇ» دەپ قارىماقتا. دەرۋەقە، بۇمۇ بىر رېئال مەسىلە، لېكىن «مەۋجۇت بولالمايدۇ» دېگەندىن كۆرە «تەدرىجى ئاجىزلىشىدۇ» دېيىش تارىخىي رېياللىققا ئۇيغۇن.

ئۇنداقتا ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قايسى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ؟

1949-يىلى پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن باشلاپ، مۇندىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلچە (مۇتلەق كۆپچىلىك خەلق ساۋاتلىق بولۇپ، يازما ئەدەبىياتتىن بىۋاستە ھۇزۇرلىنىش سەۋىيىسىگە يەتكۈچە) ئېلىمىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى 2-باسقۇچتىن 3-باسقۇچقا ئۆتىدىغان ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇرىدۇ. بۇ ئۆتكۈنچى باسقۇچ ناھايىتى ئۇزاق دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۆتكۈنچى باسقۇچتا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بىردەك ئەمەس.

مېنىڭ قارىشىمچە، ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، خەلق ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمايدۇ، خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجاد قىلىش ئەنئەنىسى يەنىلا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، تۈزۈم جەھەتتە بىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. ئېلىمىزدە شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى خېلىلا چوڭ. 800 مىليوندىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنىڭ نىسبىتى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھايات ۋە مەنىۋى تەلىپى مۇقەررەركى، ئۆزلىرىنىڭ ياراتقان ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرىگە موھتاج، يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، يۇقىرىدا

ئېيتقىنىمىزدەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ سەنئەت ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئۇزاق ئەسىرلىك ئەنئەنىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنە ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ۋارىسچانلىقى كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دەۋرىمىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىشلىرى خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە گۈللەپ-ياشناش باسقۇچىدا تۇرىدۇ. لېكىن بۇ يېڭى دەۋردە ئىجاد بولىدىغان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ خىيالىي فانتازىيىلىك تۈسى ئاجىزلىشىپ، ھەتتا يوقىلىپ رېئاللىققا يۈزلىنىدۇ، تېما دائىرىسى تارىيىدۇ، ئاغزاكى ھالدا تارقىلىشتىن بارا-بارا يېزىق ئارقىلىق تارقىلىشقا كۆچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى خۇسۇسىيىتىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، نىسپىي مۇقىملىققا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتى تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق. خەلق ئارىسىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقلىرى كۆمۈلۈپ ياتماقتا. بۇ بايلىقلارنى قېزىش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇشەققەتلىك ۋە ئۇزاق مەزگىللىك بىر خىزمەت. بەزىلەر، «ئۈچ توپلام» خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ئىشىمۇ ئاساسەن ئاخىرلىشىدۇ، دەپ قاراشماقتا. بۇنداق قاراش بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىمۇ بىزدىكى بىر ئاجىز ھالقا. خەلق

ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، ئۇ بىزدىن يۈكسەك تىرىشچانلىقنى ۋە يۇقىرى ئىلمىيلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ھالدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە باغلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى يېڭى تارىخىي دەۋردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا ۋە ئەمەلىي بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم.

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى سېھرىي ئوبرازلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەردىن قالسا، تىلسىمات خاراكتېرىدىكى سېھرىي چۆچەكلەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھرىلىك چۆچەكلىرى مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن قەدىمكى مىفولوگىيىلىك ئەپسانىلەرگە مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرغىچە بۇ ساھەدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا، بۇ ئوخشىمىغان ئىككى ژانىر مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تولۇق پەرقلەندۈرۈلمەي كەلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاكادېمىك مالوۋنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىغا بېغىشلانغان «ئۇيغۇر تىلى» (موسكۋا 1954 - يىل نەشرى) ناملىق كىتابىدىمۇ «ئەپسانە»، «رىۋايەت» دېگەن ژانىرلارنىڭ ناملىرى ئورنىغا ئورتاق ھالدا «ھېكايە، چۆچەك» دېگەن ئومۇمىي ئاتالغۇنى قوللانغان. دەرۋەقە، بۇ ژانىرلار بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن، ھەتتا ئۆزئارا قوشۇلۇپمۇ كېتىدۇ. ئۇلارنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىككى ھالەت بولۇپ، بىرى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەزمۇنى پروزا شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. يەنە بىرى، بۇ ژانىرلارنىڭ بايان خەۋىرىدە فانتازىيە ۋە خىيالىي ئويدۇرما ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ ياكى مۇتلەق ئورۇندا تۇرىدۇ، لېكىن مەزكۇر ژانىرلارنىڭ تۈپلۈك مەزمۇن ماھىيىتىدە ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى مەۋجۇت. بۇ ئالا-

ھىندىلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، نېمىس چۆچەكشۇناسلىرى ئاكا-
ئۇكا گىرىممىلارنىڭ ئېنىقلاپ بېرىشىچە، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر
چۆچەكلەردىن بايان قىلىنغان مەزمۇنىنىڭ ئىشەندۈرگۈچى
قۇۋۋىتى بىلەن پەرق قىلىدۇ. چۆچەكلەر (جۈملىدىن سېھىرلىك
چۆچەكلەر) ئەڭ ئاۋال سەنئەتكە تولۇق مەنسۇپ بولغان
ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ،
ئۇ پۈتۈنلەي خىيالىي ئويدۇرما ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ
ۋە ئۆزىنىڭ يالغان قۇرۇلمىسى بىلەن رېئاللىققا زىت تەت-
بىقلىنىدۇ. ئوبرازلىرىمۇ بەدىئىي ئەدەبىياتقا خاس خۇسۇ-
سىيەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان بولىدۇ، ئەپسانىلەر بولسا
ئىناۋەتلىك ھادىسىلەر ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن پروزىلىق
ئەسەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۇژېت قۇرۇلۇشىمۇ ھەر قاچان
سېھىرلىك چۆچەكلەرگە ئوخشاش خىيال ۋە ئويدۇرمىدىن
تەشكىل تاپقان. چۈنكى ئۇنىڭسىز غەيرىي تەبىئىي ۋە ئاجا-
يىپ سېھىرلىك مۆجىزىلەرنىڭ بايان قىلىنىشى مۇمكىن
ئەمەس. ئادەتتىن تاشقىرى فانتاستىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر-
نىڭ بايان قىلىنىشى گەرچە ئەپسانىلەرنى چۆچەكلەر بىلەن
يېقىنلاشتۇرسىمۇ، لېكىن ئەپسانىلەردىكى فانتاستىكىلىق
ۋەقەلەر تىزمىسى مىفولوگىك ئوبرازلار بىلەن زىچ باغلانغان
ھالدا ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسى بولغان ئانىمىس-
تىك ۋە توتېمىستىك قاراشلارنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ.
ئەپسانىدە چىقىرىلغان خۇلاسە ھەمىشە پاكىت ھالىدا
تەستىقلىنىپ، ئەپسانىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققى-
دىكى ھەر خىل گۇمانلىق ئىپتىدائىي سوئاللىرىغا جاۋاب
بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەپسانىلەر بەدىئىي شەكىل جەھەت-
تىن چۆچەكلەرگە ئوخشاش مۇكەممەل ۋە پۇختا تۈزۈلۈشكە
ئىگە ئەمەس بولۇپ، ئەپسانىلەرنىڭ كۆپچىلىكى كۆچمە سۇ-

ژىتىلار ئاسىيادا پەيدا بولغان. دېمەك، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ھالدا تىلسىملىق، سېھىرلىك ۋە فانتاستىكىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشتەك توپ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا خىلدىكى چۆچەكلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، يىلتىزى ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە بېرىپ تۇتىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ بۇ تۈردە سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرى بىلەن ئىپتىدائىي جەمىيەتنىڭ قەدىمىي ئىدېئولوگىيە قالدۇقلىرى ناھايىتى تەبىي جىپسىلىشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ پېرسوناژلىرى خىلمۇ خىل ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ پېرسوناژلارنىڭ بەزىلىرىدە سىنىپىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى-روھىي ھالىتى ۋە غايىسى خەلق ئىجادىيغا خاس ۋاسىتىلەر ياردىمىدە ئەكس ئېتىلسە، بەزىلىرىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئېيدىئالى، شۇ دەۋرنىڭ بىر پۈتۈن ئىدېئولوگىيىسىگە ماس ھالدا ئەكس ئېتىلىدۇ. بۇ خىلدىكى سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ كەڭ تارالغان پېرسوناژلىرى ئۆزلىرىنى قورشاپ تۇرغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت توغرۇلۇق ئىنسانلاردا دەسلەپكى تەسەۋۋۇر ۋە چۈشىنىش پەيدا بولۇۋاتقان ئەنە شۇ قەدىمىي دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن.

مەلۇمكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزىگە نامەلۇم بولۇپ كۆرۈلگەن تەبىئەت ھادىسىلىرى ئالدىدا ۋەھىمىگە چۈشكەن. ھەر قەدەمدە ئۇچرايدىغان خەۋپ-خەتەرلەر ئۇلارنىڭ روھىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئەنە شۇلار (ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتلىرى) ئىنسانلارنى ئالەم ھەققىدە يۈزەكى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ۋە غەيرىي

ئەينىكي بولۇپ كۆرۈلگەن ھادىسەرنى ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار ياردىمى بىلەن ئىزاھلاشقا مەجبۇر قىلغان. ئۇتقا چوقۇنۇش، ئەجدادلار روھىغا سەجدە قىلىش، تەبىئەت ئالىمىدىن ھامىلە ئىزدەش قاتارلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭ دۇنيا قاراشلىرى ۋە دەسلەپكى پىكىر-مۇلاھىزىلىرى كىچىك-كىچىك ئەپسانە، چۆچەكلەر، رەڭمۇ رەڭ فانتاستىك ئويدۇرمىلارنىڭ يارىتىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇز، تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى قۇدرەتكە ئىگە بولغان جادۇگەر، ئادەملەرچە قىلىقلاندۇرۇلغان ۋەھشىي دىۋە-پېرىلەر، «ئۆزى بىر غىرىچ، ساقىلى قىرىق غېرىچ»، «ئۆزى بىر گەز، قۇيرۇقى مىڭ گەز» كېلىدىغان تىلسىملىق مەخلۇقلار ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش پېرسوناژلار شۈبھىسىزكى قەدىمكى زاماندا پەيدا بولغان بولۇپ، توتېمىستىك ۋە ئافېمىستىك كۆزقاراشنىڭ ئېلېمېنتلىرىغا ئىگە بولغان بۇ پېرسوناژلار ۋە ۋەقە-ھادىسىلەر ئادەتتىن تاشقىرى غەيرىي تەبىي ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ. مۇنداق تىلسىملىق ئوبرازلارنىڭ مەنىسى خۇددى ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك: «قەدىمكى ئىشچى ئادەملەرنىڭ ئۆز ئەمگەكلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش، تۆت ئاياغلىق ۋە ئىككى ئاياغلىق دۈشمەنلەرگە قارشى قوراللاندۇرۇش، شۇنىڭدەك سۆز كۈچى — «قارغىش» ۋە «ئەپسۇن» لار ۋاسىتىسى بىلەن تەبىئەتنىڭ سېھىرلىك ۋە ئىنسانغا قارشى ھادىسىلەرگە تەسىر قىلىش ئىستىكىدىن ئىبارەتتۇر.»① دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئەپسانىۋى مەخلۇقلارنىڭ ئوبرازى كونكرېت

① م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» تاشكەنت 1962-يىل نەشرى، 264-بەت.

ئارىخى ھەقىقەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان ئىنسانلار ئاڭ-سېزىمىنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنداقلا باشقا خەلقلەرنىڭ باي فانتازىيىدىن تۇغۇلغان ئەنە شۇنداق سېھىرلىك چۆ-چەكلەردىكى ئوبرازلار ۋە غەيرىي تەبىئىي پېرسوناژلار تېخى ئىنسانلار تەرىپىدىن ياخشى چۈشىنىلمىگەن، ئۇلارنىڭ نورمال ھايات تەلىپىگە توسالغۇ كۈچ بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان تەبىئەت كۈچلىرىنى جانلاندۇرۇش ۋە ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. شۇڭلاشقىمۇ سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى مۇنداق تىلسىملىق پېرسوناژلار چۆچەك قەھرىمانىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ھەر بىر ئېپىزوتى قەھرىمانلانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى سېھىرلىك، تىلسىملىق ھەمدە فانتاستىك ئوبرازلار بىلەن باغلىنىدۇ «يالماۋۇز» ، «كەنجە باتۇر» ، «ئالتۇن كەش» ، «ئادەم قالتىسمۇ، ھايۋانمۇ؟» ، «ئۇر توقمىقىم» ، «ئېچىل سۇپىرام» قاتارلىق چۆچەكلەردە ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش، تەبىئەت كۈچلىرىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇش، ھايۋاناتلارنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇلارغا تىۋىنىش، ئوت ۋە سۇنى ئۇلۇغلاش ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. ئەنە شۇ ئىپتىدائىي ئىشەنچ ۋە ئېتىقادلارنىڭ ياردىمى بىلەن جانسىز نەرسىلەر جانلاندۇرۇلىدۇ. يەر، سۇ، تاغ، تاشلار تىلغا كىرىپ قەھرىمانلار بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولىدۇ ياكى ئىنسانلار ۋاقتى كەلگەندە تاغۇ تاشقا ياكى ھەر خىل غەيرىي مەخلۇقلارغا ئايلىنالايدۇ، شۇنداقلا يەنە ئۆز ئەكسىگە قايتالايدۇ. گەرچە شۇنداق چۆچەكلەردە ھېكايە قىلىنغان ۋەقەلەر ھازىرقى زامان تىڭشىغۇچىلىرى ياكى ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن «يالغان» دەپ قارالسىمۇ،

لېكىن مۇنداق غەيرىي مۇقەررەر ھادىسىلەرنىڭ ئەينى زاماندا ئىپتىدائىي ھايات ھەقىقىتىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن مۇنداق فانتاستىك ئويدۇرمىلارنىڭ ھاياتى ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسماندا ئۇچۇش ئارزۇسى «ئۇچار گىلەم»، «ياغاچ ئات» لارنى، ئۇزاقنى كۆرۈش ئىستىكى «جاھاننەما ئەينىكى» نى، مەئىشەتكە ئېرىشىش غايىسى «ئېچىل سۇپرام» نى... كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تارىخچىلىرى، ئەمگەك جەريانلىرى ۋە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ھادىسىلەر يىغىندىسى توختاۋسىز ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتقان ماتېرىيالىستىك تەپەككۇر نىشانلىرى ھەققىدە لام-جىم دېمىگەنىدى. بۇ نىشانلار ۋە ئىشارىلەر بىزگە پەقەت چۆچەكلەر ۋە مىفلار شەكلى بىلەن يېتىپ كەلدىكى، ئۇلاردا قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ھايۋاناتلارنى ئۆگىتىشى، مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەرنى كەشىپ ئېتىشى، مېھنەت قوراللىرىنى ئىختىرا قىلىش خۇسۇسىدا ئېلىپ بارغان ئىشلىرى جەريانىدا سېزىلىپ تۇرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشى تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، مۆلچەردىن ئېنىقلىققا، فانتازىيىدىن ئىلمىيلىككە، غايىدىن رېئاللىققا قاراپ يۈزلىنىش ئومۇملاشقان بىر قانۇنىيەتتۇر. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ھالەتلىرى ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ، نەتىجىدە پەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى سېھىرلىك چۆچەكلەردە يارىتىلغان ھەر خىل تىلسىملىق ۋە فانتاستىك ئوبرازلارنىڭ يوقىلىشىغا شەرت بولىدۇ. ك. ماركس: «يۇنانلىقلارنىڭ خىيالىي

تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئاساسى بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن يۇنان ئەپسانىلىرىنىڭ ئاساسى بولغان تەبىئەت توغرىسىدا ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارنىڭ ئاپتوماتلاشقان توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى، تۆمۈر-يول، پاراۋوز ۋە تېلېگراممىلار بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ روبېرتس شىركىتى تۇرغان يەردە ۋولكان نېمە قىلسۇن؟ چاقماق قايتۇرغۇچ تۇرغان يەردە يۇپىتېر نېمە قىلسۇن؟ »① دەيدۇ، بۇ بىر ئابزاس سۆز ئەپسانىلەرگە ئوخشاش، سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي بالىلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۇنىڭدا يارىتىلغان غەيرىي، تەبىئىي، سېھىرىي ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىغا ئانچە ئەجەبلەنمەسلىك لازىملىقى كۆرسىتىلىدۇ.

دېمەك، مەۋھۇم كۆرۈلگەن رېئال ۋەقەلىك ئىپتىدائىي مۇناسىۋەتلەر سېھىرلىك چۆچەكلەردە بەدىئىي ئويدۇرمىلار شەكلىدە نامايان بولغان. شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەنە شۇ بەدىئىي ئويدۇرمىلار ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرى ۋە دۇنيا قاراشلىرىنىڭ يىغىندىسى (مەجمۇئەسى) بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىجادكار خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇش، ئەركىن ئەمگەك، يارقىن كېلەچەك ھەققىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ روشەن ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇ مەقسەت ئۈچۈن، ھەتتا «ئالىقىنىدا ئالەمنى ئوينىتىپ يۈرىدىغان»، «بىر ئەپسۇن بىلەن توپان بالاسى پەيدا قىلالايدىغان»، مىسلىسىز سېھىرىي كۈچكە ئىگە بولغان ھەيۋەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئالۋاستىلار، يالماۋۇز دىۋە-پەرىلەر، ساھىب-

---

① «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 311، 312-بەتلەر.

جامال قىياپەتكە كىردۈۋالغان دۆلەر ئاخىرقى ھېسابتا ئادەتتىكى يېتىم قىز ياكى پادىچى تاز بالىنىڭ پاراسەتلىك تەدبىرى ئالدىدا يېڭىلىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسان ئەقلىنىڭ ھەممىگە قادىر بولۇشتەك يۈكسەك ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ. گەرچە سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ يېشىمىدىكى مۇنداق يەكۈن ئەينى دەۋر رېئاللىقىغا نىسبەتەن مۇمكىنچىلىكى يوق ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، بۇ يەردىكى تۈپلۈك مەسىلە ئەمگەكچى خەلق ئىدېئاللىرىنىڭ غالىبىيەت قازىنىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ھەمدە خەلق غايىسىنىڭ شارائىت يار بەرسە گۈللەپ كېتىدىغان مۇمكىنچىلىكىنى، ئۇنىڭ يۈكسەك قابىلىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ چۆچەك ژانىرنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىي خۇسۇسىيىتى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرى ئىچىدە قەھرىمانلىق غايىسى كۈلىمىدىكى چۆچەكلەر، ئۆگەيلەنگەن يېتىم-يېسىرلار ۋە كەمسىتىلگەن كىشىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر ھەمدە سېھرىي پالۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدە ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. قەھرىمانلىق غايىسى كۈلىمىدىكى چۆچەكلەردە كۆپرەك ئىپتىدائىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ئۆز ئارا گىرەلەشتۈرۈۋېتىلگەن. ئۇلاردا ئاساسەن قەھرىمانلىق خىسلەت مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇزاق جايلاردىن، چەت يۇرتلاردىن بەخت ئىزدەپ كەلگەنلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تۈرلۈك-تۈمەن سېھىرلەنگەن نەرسىلەر (سېھرىي ئۈزۈك، سېھرىي توقماق، سېھرىي چاچ ... ۋە باشقىلار) گە ئائىت سۈژېتلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. قەھرىماننىڭ ھەربىر ھەرىكىتى مەلۇم بىر سىناققا دۇچ كەلگەن ھالدا قانات يايىدۇ. قەھرىمان پېرسوناژ يەتتە

باشلىق يالماۋۇز، قارا دېۋە، سانسىز دىۋە-پېرىلەر بىلەن توقۇنۇشىدۇ ۋە ئاخىر غەلىبە قىلىدۇ («بۇلبۇلگويا»، «ھەمراھ»، «چىنتۆمۈر باتۇر» قاتارلىق چۆچەكلەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن). بەخت ئىزدەش يولىدا سېھرىي نەرسىلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىش ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن مۇرادىغا يېتىش ئەڭ قەدىمىي ئىپتىدائىي تېمىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزى سېھرىي چۆچەكلەردىكى قىساسكارلىق ئىدىيىسى، ئادالەت ۋە ئەركىنلىك يولىدىكى جەڭگى-جېدەل ۋەقەلىكى بىلەن باغلىنىشلىق تېمىلار بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنرەك سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە مۇنداق چۆچەكلەرگە سىڭىشكەن. سېھىرلىك چۆچەكلەرگە تۇرمۇشتىن كىرگەن بۇنداق يېڭى، ئىدىيە ۋە ئوبرازلار دەسلەپ قەدىمىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مۇنداق يېڭى ئوبرازلار چوڭقۇر تەسىرات كۈچكە ئىگە. بۇنىڭغا دەلىل سۈپىتىدە «يېرىل تېشىم، يېرىل» («يېرىلىڭ تاشىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چۆچىكىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئاز ئۇچرايدىغان ۋارىيانتلىرىنىڭ بىرىدە قەدىمكى ئىپتىدائىي ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئېتىلگەن ئەنە شۇ زامانلاردا بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئارىسىدا ئۆي-ئوتاق بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. (كۆپ خوتۇنلۇق ياكى كۆپ ئەرلىك نىكاھ تۈزۈمى مەۋجۇت بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەت نەزەردە تۇتۇلىدۇ). بۇ چۆچەك ئەشۇ خىل نىكاھقا قارشى كۈرەشنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىدۇر. كېيىنرەك بۇ تېما دەۋرگە يارىشا باشقا مەزمۇنغا ئىگە بولدى. يۇقىرىقى چۆچەكنىڭ كېيىنكى كەڭ تارقالغان ۋاريانتىدا ئۆگەي ئانا بىلەن قىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-

سىۋەتلەر ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئۆگەي ئانا ئىشلەمچان، پاراسەتلىك، مۇلايىم قىزنى قولدىن چىقارماي ئۆز خىزمىتىگە سېلىشنى كۆزلەپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق فېئودالىق ئائىلە مۇناسىۋەتكە قىز قەتئىي قارشى چىقىدۇ ۋە ئەنە شۇنداق ئەركسىز تۈزۈمنىڭ ئىسيانكارى سۈپىتىدە قىز قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ھەر خىل سېھىرلىك كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئاخىر غەلىبە قىلىدۇ. بۇ چۆچەكنىڭ قالغان ئېپىزوتلىرى ۋە ناخشا - قوشاقلىرى ھەممە ۋارىيانتلىرىغا ئورتاق. ئەنە شۇنداق ئۆگەيلىك ۋە كەمسىتىلگەن كىشىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردە فېئودالىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىلىرى ئىپادىلىنىپ، سېھرىي جادۇ بىلەن باغلىق بولغان سىۋژېتلىرىدا ئاساسەن پەندى-نەسىھەتكويلۇققا ئوخشاش دىداكتىك غايىلەر ئالغا سۈرۈلىدۇ، يەنە قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان ئۇلۇغلىنىپ كېلىۋاتقان ئىنسانپەرۋەرلىك، قەتئىيلىك، ۋاپادارلىق، مەردلىك، سېخىيلىق، راستچىللىققا ئوخشاش گۈزەل ئەخلاق تۈرلىرى سۈرەتلىنىدۇ. خۇلاسىلىغاندا، مەيلى قايسى خىلدىكى سېھىرلىك چۆچەكلەر بولسۇن، ئۇنىڭدا دائىم دېگۈدەك رومانتىك روھ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنداق چۆچەكلەردە بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئىجابىي ئوبرازلىرى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار چىن مۇھەببەت، ساداقەت، ۋاپادارلىق تىمسالى سۈپىتىدە نامايان بولۇپ ھۆرمەتلىنىدۇ ۋە قەدىرلىنىدۇ. بۇنداق دانا ئايال ئوبرازى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە پەيدا بولغان. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە بۇ ئوبراز بىر خىل بەدىئىي ئەنئەنە سۈپىتىدە ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان دەۋرلەردىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغان.

بۇ هال ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق. بۇ تېپىتىكى ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە تېپىشماقنى يېشىپ بەرگۈچى ئەقىللىك ئەر ۋە ئاياللار خۇسۇسىيىتىدىكى سۇژېت كۆپ ئۇچرايدۇ. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تونۇشىچە، سېھىرلىك تېپىشماقلارنى بىلىش ۋە يېشىپ بېرىش دانا-لىقنىڭ چوققىسى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار-نىڭ بەزى سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ھەر قانداق قىيىن تېپىشماقلارنى يېشىپ بەرگۈچى رولدا كۆپىنچە قىز ياكى ئايال بولغانلىقى كۆزگە تاشلىنىدۇ (مەسىلەن، «كۆگۈل-دىكى كېلىن»). ئاياللار ئوبرازىنىڭ كۆپرەك ئۇچرايدىغان ئىككىنچى خاراكتېرى مۇلايىم ۋە دانىشمەن ئۆگەي قىز سۈپىتىدە كۆرسىتىلىدۇ. جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر شارا-ئىتىدا، ئاياللارنى قىلچە ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلغان ئىسلام دىنى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇ-ۋاتقان ئاياللارنىڭ ئوبرازىنى ئىپادىلەش ناھايىتى ئېنىقكى، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل قائىدە نىزاملىرىغا قارشى ماھىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە ئاياللارنىڭ مۇنداق ئالىيجاناب ۋە قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىش ئەۋەتتە تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇكسەكلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىق ئىش-پائالىيەتلىرىگە ئىگە بولغانلىقىدەك تارىخىي رېئاللىقنى ئۇچرىتىمىز. بۇنداق تارىخىي رېئاللىق خەلقنىڭ بەدىئىي غايىسى بىلەن سۇغىرىلىپ «يېرىلىك تاشىم»، «يېتىم قىز»، «چېچەن كېلىن»، «ۋىجدانلىق مەلىكە»، «ئەقىللىك قىز»، «كۆرەك باي-ۋەتچى بىلەن پەملىك ئايال»، «زۇمرەت ۋە قىممەت» كە ئوخشاش ئاياللارنى ئۇلۇغلاش تېمىسىدىكى نەمۇنىلىك

چۆچەكلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى غەيرىي تەبىئىي شارائىتتا، ئىلاھىي كۈچنىڭ قۇدرىتى بىلەن بارلىققا كەلگەن ھەر خىل سېھىرلىك كۈچكە ئىگە بولغان قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى ئەڭ قەدىمىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇنداق بولۇشنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئايرىم ئالىملارنىڭ پىكرى بويىچە ئۇ كۆپرەك ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ساددا پىكىرلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇنداقلا كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى خېمىر باتۇرنىڭ ئوبرازىمۇ قەدىمىدۇر. سېھىرلىك چۆچەكلەردە كەڭ تارقالغان خېمىر باتۇرنىڭ ئوبرازىدىكى ئىجابىي خۇسۇسىيەتلەر شۇ خىلدىكى باشقا قەھرىمانلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. خېمىر باتۇر ئۆزىنىڭ دوستلىرى تاغ باتۇر يېڭەلمىگەن پانىي ئالەمنىڭ ئىگىسى «ئۆزى بىر گەز، ساقىلى قىرىق گەز» بولغان قېرى باتۇر بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى يېڭىدۇ ۋە شۇنداقلا ياۋۇز ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىگە ھەم دوستلىرىغا ئايال ئېلىپ كېلىدۇ («خېمىر باتۇر» چۆچىكىگە قاراڭ) بۇ خېمىردىن يارىتىلغان ئالاھىدە قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە باتۇر ئارقىلىق قەدىمدىن تارتىپ دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن مەشھۇر خەلقىنىڭ نانغا—ئىنسانىيەت قولىدىن يارىتىلغان ئەڭ ئۇلۇغ تائامغا بولغان چەكسىز ئىززەت-ھۆرمىتى ئىپادىلىنىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، نانىنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەجەرىسىدە ئىزچىللىققا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى ئېتىقادلارنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھالقىلىق مىنۇتلاردا «نان ئۇرسۇن!» دېگەن قەسەم

ئۇيغۇرلاردا ھەممىدىنمۇ زور كۆچكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئېيىق بالىسىنىڭ ئەجايىپ قەھرىمان سۈپىتىدە تاللىنىشىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئېيىق بالىسىغا باغلىق سۇۋژېت ئاساسىدا يارىتىلغان چۆچەكلەر دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدىمۇ ئۇچرايدۇ، بىزدە ھازىرچە ئېيىق ئەۋلادىغا باغلىق سۇۋژېت ئاساسىدا يارىتىلغان بىرنەچچە چۆچەكلەر مەلۇم «(ئەل قۇرۋان» ، «شىر باتۇر» ، «ئېيىق ئوغلى— ئەل قۇرۋان»...) بۇ چۆچەكلەردە باشقا خەلقلەرنىڭ چۆچەكلىرىدە ئۇچرايدىغان ئومۇمىي ئورتاق ھالەتلەر. يەنى يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئالاقە باغلاش نەتىجىسىدىن ئاجايىپ قۇدرەتلىك پالۋانلارنىڭ تۇغۇلۇشى، بۇ ئەۋلاد ئۆزىنىڭ قەھرىمان ئانىسى— ئادەمنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاتىسى ئېيىقنى ئۆلتۈرۈپ ئادەم خىسلىتىنى نامايان قىلىشقا ئوخشاش ئەھمىيەتلىك تېمىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە پەرى قىز، خىزىر بوۋاي، يالماۋۇز، جادىگەر، دىۋە، ئەجدىھا، سۇمۇرغ، دىۋە - پەرىلەرگە ئوخشاش فانتاستىك ۋە مىفولوگىيىلىك ئوبرازلار سىستېمىسى مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى (ئەجدىھا، يالماۋۇز، جادۇگەر، دىۋە - پەرىلەر...) ئاساسەن سەلبىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، سۇمۇرغ ھەمدە پەرى بىلەن خىزىر ئوبرازى بولسا، دانىشمەن ۋە گۈزەللىككە ئىگە بولغان ئەجايىپ پېرسوناژ خاراكتېرىدە گەۋدىلىنىدۇ. يەنە بەزىلىرىدە (ئايرىم چۆچەكلەردە) يېرىم ئەجايىپ، يېرىم سەلبىي ياكى پۈتۈنلەي سەلبىي پېرسوناژ سۈپىتىدىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. پەرى ئوبرازى ئەجايىپ مەنىدە گەۋدىلەنگەندە لاتاپەتلىك ۋە نازاكەتلىك ئاياللارنىڭ تىپىك

ۋەكىللى قىلىپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك ھەرىـ
كىتى، تۇغرا، ئېنىق مەسلىھەتلىرى بىلەن قەھرىمانىنىڭ
غەلىبە قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇ سېھىرلىك
خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئورنى كەلگەندە خىلمۇ خىل
قىياپەتكە كىرەلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ غايىۋى
يۈكسەكلىكى بىلەن «بۇلبۇلگويا» نى ۋە «تۇلپار ئات»
لارنى ئېلىپ كېلىشتە قەھرىمانغا ياردەم بېرىدۇ. («ھۆرلىقا
ۋە ھەمراجان» چۆچىكىدىكى پەرى قىز «ھۆرلىقا» ئەنە شۇنـ
داق ئوبراز جۈملىسىگە كىرىدۇ) پەرىلەر مۇنداق چۆچەكلەردە
قۇش، ئوت، يىلان، كەمپىر، كىيىك، مايمۇن، ئادەم، بېلىق
ۋە باشقا تۈرلۈك قىياپەتلەردە كۆرۈنىدۇ، ئەپسانىۋى ئېرەم
باغ، كۆيىقاپ تېغىدا ياشايدۇ. ئۇلارنى خىلمۇ خىل قورـ
قۇنچلۇق دىۋىلەر مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئۇ ئەسلىدە ئادەم
نەسلىگە ئۆچ قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قەھرىمان بىلەن
توقۇنۇشقاندا سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىيىن شەرتـ
لەرنى قويىدۇ ياكى سېھىرلەش يولى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا
خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرىدۇ. ناۋادا بۇ شەرتـ
لەرنى بېجىرسە، ئاخىرى ئۇنى ۋىسالىغا ئېرىشتۈرىدۇ. سېھىرـ
لىك چۆچەكلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە پەرى قىز ئىدېئال
قەھرىمان سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. قەھرىماننىڭ ئارزۇـ
ئۈمىدلىرى، ياخشى نىيەتلىرى، خاھىش، تەلەپلىرىنى
ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرۈشىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ مەرـ
كىزدە يەنىلا ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۈيلەشتەك بىر
مۇقەددەس تېما بولۇپ، غەيرىي تەبىئىي كۈچلەر مۇناسىۋىتى
ئارقىلىق ۋاپادارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئىنسـ
انىي پەزىلەت مەدھىيىلىنىدۇ. يەنە بەزى سېھىرلىك چۆچەكـ
لەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان قەھرىمان قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلـ

گەن ھالقىلىق پەيتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپئاق ساقاللىق بىر «خىزىر بوۋاي» يولۇقىدۇ. بۇ سېھىرلەنگەن ئوبراز قەھرىمان-غا ياخشى مەسلىھەتلەر بېرىپ، ئۆز ئىستەكلىرىگە يېتىش ئۈچۈن دۇئا بېرىدۇ. ناۋادا قەھرىمان ئوبراز شۇ «خىزىر بوۋاي» نىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتى ۋە كۆرسەتمىسى بويىـچە ئىش تۇتسا ھامان غەلىبە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلى-مىسا پېشكەللىككە ئۇچراپ مەغلۇپ بولىدۇ. بۇنداق چۆچەك-لەردىكى «خىزىر بوۋاي» قانداقتۇر دىنىي خاراكتېردىكى «ئەۋلىياھ ـ ئەمبىيا» لارنىڭ ئوبرازى بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىشەنچ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ سىمۋولى ياكى ئادالەتلىك ۋە ھەققانىيەتلىك ئىشقا بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ ياردىمى ۋە ھېسداشلىقىنىڭ بەلگىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى يالماۋۇزغا كەلسەك، ئۇ ئىپتى-دائىي ئىنسان چۈشەنچىسى بىلەن باغلىق بولغان مېفولوگىلىك ئوبراز بولۇپ، ئۇ كېيىن چىقىش جەھەتتىن ئاياللار سەلتەنىتى ماترىئارخال دەۋرى بىلەن باغلىنىدۇ. ئاياللار سەلتەنىتى يىمىرىلىپ ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى تىكلەنگەندىن كېيىن بۇ ئوبراز سەلبىي پېرسوناژغا ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە يالماۋۇز ئىككى خىل خاراكتېردە يەنى گاھىدا ئىجابىي، گايىدا سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. چۆچەكلەردىكى جادۇگەر، مەستان كەمپىر ئوخشاش ئوبرازلار ئەنە شۇ يالماۋۇز ئوبرازىنىڭ كېيىنكى ھەر خىل كۆرۈنۈشتىكى ۋارىيانتلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئالغا سۈرۈلگەن غايىسى ئوخشاش.

ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەر بىلەن باغلىق بولغان مىفولوگىك ئوبرازلار دىۋە، ئەجدىھاغا ئوخشاشلار سېھىرلىك چۆچەكلەردە دەھشەتلىك قىياپەتتە زۇلۇم ۋە زورلۇق، قانخورلۇق ۋە يالماۋۇزلۇقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ھېكايە قىلىنغان. چۆچەكلەردىكى دىۋىلەر ئاسماندا ئۇچىدىغان ۋە يەردە يۈرىدىغان ئىككى خىلغا ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەبىئىتىدىن ھىيلىگەر، مەككار، ئالدامچى ۋە ياۋۇز، يەنە بەزىلىرى نازۇك سەنئەتكار گۈزەللىكنى سۆيگۈچى قۇدرەتلىك ئەپسانىۋى كۈچ ئىگىسى سۈپىتىدە نامايان بولغان. «دىۋىلەر توپىنىڭ باشلىقلىرى ئالاھىدە نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئاھرامان، ئاقۋان، سەمەندەر، ئاق دىۋە، قارا دىۋە، قىزىل دىۋە، سېرىق دىۋە، مايماق دىۋە»① ۋە باشقىلار، ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلەنگەن دىۋىلەرنىڭ ئوخشىمىغان خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە چۈشىنىش بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان ئىلمىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى سەلبىي ئوبرازلارنىڭ يەنە بىرى ئەجدىھادۇر. ئەجدىھا چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىشىچە، ناھايىتى چوڭ گەۋدىلىك يىلان، ئاغزىدىن ئوت، تۈتۈن ۋە بوران چىقىرالايدىغان قاباھەتلىك مەخلۇق. ئۇ سۇ ياكى غاردىن چىققاندا پۈتۈن ئالەمنى دەھشەتلىك بوران قاپلايدۇ، ئۇ ھەممە نەرسىنى دەم تارتالايدۇ، ئەجدىھا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياۋۇز دۈشمىنى. ئۇ ئادەم يەيدۇ، ئەلنى خاراب قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئەجدىھا گۈزەل قىزلارغا (ئاياللار دۇنياسىغا) ھەممىدىن ئۆچ. ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە ئەجدىھا

① «ئۆزبەك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» تاشكەنت 1942-يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 3-توم.

گۈزەل قىزلارنى يۇتماقچى بولغاندا گۈزەل قىزنىڭ سۆيگىنى-
باتۇر يىگىت ئۇنىڭ بىلەن قەتئىي ئېلىشىپ، ئاخىر
ئەجدىھانى يوقىتىپ، قىزنى قۇتقۇزىدۇ. دېمەك، يالماۋۇز،
دىۋە، ئەجدىھاغا ئوخشاش ياۋۇز مەخلۇقلار قەھرىماننىڭ
پائالىيەت يولىدا پەيدا بولغان ئاساسىي توسالغۇ كۈچ بولۇپ،
ئۇلارنى يېڭىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان چەكسىز كۈچ ئىپتىدائىي
ئىنسانلارنىڭ ئىستىكى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرىدىن كېلىپ
چىققان. بۇنداق كارامەتلىك غەيرىي تەبىئىي كۈچلەرنىڭ
خەلق ئىجادىيىتىدە پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەلۋەتتە
ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر كۈ-
چىدىن ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئەت ئالىمى ئۈستىدىن ھۆكۈم-
رانلىق قىلىشقا ئىنتىلىشتەك ئارزۇ-ئارمانلىرى ۋە غايىسى
ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ساددا پىكىرلىرىدىن ئايرىتىپ
چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىئولوگىيە ئىلمى
نۇقتىسىدىن قارىغاندا قەدىمكى دەۋرلەردە ئىنسانلارغا ۋەھىمە
سالغۇچى يالماۋۇز، دىۋە دېگەنگە ئوخشاش ۋەھشىي يىرتقۇچ-
لارنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىش تەس. خۇددى
«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا سۈرەتلەنگەن بىر مۈڭگۈزلۈك ۋەھشىي
ھايۋان — قىئات ھازىرقى زامان دۇنياسى ئۈچۈن مەۋجۇت
بولمىغان ئەپسانىۋى مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغىنىغا ئوخشاش،
يالماۋۇز، دىۋە دېگەنلەرمۇ بۈگۈنكى دۇنيادا پۈتۈنلەي مەۋ-
جۇت بولمىغان خىيالىي كۈچلەر جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى
جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئىنسانلار ئۆزلىرى
ئۈچۈن ۋەھىمە سالغۇچى ۋەھشىي كۈچلەر، بولۇپمۇ يىرتقۇچلار
بىلەن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ كەلگەن. ئۇزاق ئەسىرلىك
ئېلىشىش جەريانىدا ئىنسانلار ئۆزىگە خاس ئەقىل ۋە پارا-
سەت كۈچىگە تايىنىپ كۆپلىگەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ

نەسلىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇۋەتكەن. بۇنداق رېئال تارىخنى پاكىتلارنى ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيىسى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە، بۇ پىكىرىمىزدىن ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى يۇقىرىقىدەك ئاجايىپ تىلسىملىق مەخلۇقلار(يەتتە باشلىق يالماۋۇز، ھەر خىل سۈرەتلىك دىۋە، ئەجدىھا...) قەدىمكى دەۋرلەردە مەۋجۇت بولغان دېگەن مۇقىم يەكۈننى چىقىرىش تەس. چۈنكى فولكلور ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى ھەرقانداق ئوبراز يۈكسەك دەرىجىدىكى غايى-ۋىلەشكەن خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. شۇنداقلا سۇ، دۇنيا فولكلورىغا خاس بولغان پارتنوگېنېزنىڭ ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى ئىزنا-لىرىدىن ئىبارەت.

خۇلاسىلىگەندە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلى-رىدە مەيلى قايسى تۈردىكى ئوبرازلار بولسۇن، تىلسىم ئالا-ھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. تىلسىم ۋە تىلسىملىق ھادىسىلەر چۆچەكلەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ، ۋەقە ۋە ھا-دىسىلەر مەزمۇنىنى ئاچىدۇ، قەھرىمانىنىڭ روھىنى بەلگىلەيدۇ، ھەمدە تىلسىم چۆچەك سۇژېتىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. سېھىر-جادۇ، تىلسىم ۋاسىتىلىرى سېھىرلىك چۆچەكلەر سۇ-ژېتىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ، قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ.

يۇقىرىقى يۈزەكى مۇلاھىزىلىرىمىزدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ سۇ-ژېتى ۋە ئۇنىڭدىكى سېھىرلىك ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى باشقا خەلقلەرنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن كۆپ جەھەتلەردىن ئاھاڭداش ھەتتا ئوخشاشلىققا ئىگە. لېكىن ئايرىم سۇژېت،

تېمىلىرىنىڭ جاھان فولكلورىغا يېقىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇن تۈزۈلۈشى ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال ئۆزگىچىلىكلەر (مىللىي خۇسۇسىيەتلەر)گە ئىگە. ئۇنىڭدىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىگە خاس تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆرپ-ئادەت ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلىق. بۇنداق خۇسۇسىيەتلەرنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىدىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن.

خۇلاسىلىگەندە، چۆچەكلەردىكى سېھىرىي ئوبرازلارنىڭ ئېتنولوگىيىلىك مەنبەسى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ساددا قاراشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا بۇنداق سېھىرىي ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

责任编辑：艾海提·阿西木
封面设计：巴图

从文化所引起的断想（维吾尔文）

阿不都克里木·热合曼　著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　8,375印张　1插页
1993年月7第1版　1993年7月第1次印刷
印数：1——1,600

ISBN 7-228-02110-X/I·721　定价：2.70元

ISBN 7 - 228 - 02110 - X
I·721（民文）定价：2.70 元